يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ 1951 - يىلى باھاردا بېيجىڭ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلغان شىنجاڭ ۋەكىللىرىنىڭ شىئەندە چۈشكەن سۈرىتى



# شىنجاڭ تارىخ مەدەنىيىتى

# 新疆文史

2013 - يىللىق سان ( ئومۇمىي 47 - سان )

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى
ش ئۇ ئا ر تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى

تارىخىي سۈرەتلەر ئارخىپى




تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى چۆچەكتە قۇرۇلغان 1 - قىزلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى.
ئىككىنچى قۇر ئوڭدىن يەتتىنچى كىشى مەشھۇر تاتار مائارىپچى گۈلەندەم ئابىستاي. 1939 - يىلى.

—— سۈرەتنى تەمىنلىگۈچى تاھىر تاشبايېف


新疆维吾尔自治区新闻出版局内部资料（报刊形 2013 年）一次性 0031 号
（内部资料，免费交流）

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# شىنجاڭ تارىخ مەدەنىيىتى

(ئىچكى ژۇرنال، ھەقسىز تارقىتىلىدۇ)

2013 - يىللىق مەخسۇس سان (ئومۇمىي 47 - سان)

## مۇندەرىجە

### تەكلىپ - تەۋسىيەلەر

تەربىيە ئېلىش، ئەمەل قىلىش تەخىرسىز ئىستىل قۇرۇلۇشى ........................ (1)
جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستىنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىياتى ۋە تەكلىپىمىز ........................ جاڭ جىسى قاتارلىقلار (3)

### مەدەنىيەت كۆزنىكى

«24 تارىخ» تىكى غەربىي يۇرتقا دائىر ماتېرىياللارنىڭ ئۇيغۇرچە ئىزاھلىق تەرجىمىسى ۋە نەشر قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا ........................ ئابلەت نۇردۇن (8)
گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ........................ ئەخمەت مۆمىن تارىمى (18)
«بىر پارچە سۇرەتنىڭ سىرى» توغرىسىدا ........................ غازى ئەھمەد (22)

### تارىخىي ئىزنالار

توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ........................ قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى (33)
كېرىيەدىكى ئۈچ قەدىمكى شەھەر ھەققىدە ........................ ئابدۇرىشات مۇساجان توغرۇل (46)
سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن ئىككى قېتىم كۆرۈشۈش ........................ تاھىر تاشبايېف (51)
شېڭ شىسەينىڭ قېيىنئاتىسى چيۇ زۇڭجۇن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش سىرى ... ما جيۇڭ (63)
شېڭ شىتۇڭ خانىمىنىڭ ھاياتى ........................ لو شاۋۋېن (71)

### شەخسلەر مۇنبىرى

ۋەلىباي يولداشېۋ ........................ ئابدۇۋەلى مۇقىيىت (83)
ئەل غېمىنى يېگەن ھاكىم ئابدۇقادىر تاھىرى (دولانى) توغرىسىدا ........ ئابلىكىم ھەسەن ئۆگەن (98)
قۇتلۇق شەۋقىگە قىلىنغان تۆھمەت تەتقىقات ........................ ئۆمەرجان نۇرى (116)
پالتاخۇن باي ھەققىدە بايان ........................ ئابدۇرۇپ نىياز دامولla (125)

ئاتاقلىق ئۆلىما، تارىخچى، شائىر ئىمىر ھۈسەيىن قازى ............ ئۈچقۇنجان ئۆمەر (125)

## ئۆرپ - ئادەت گۈلزارى

ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادەتلىرىدىكى رايون خاسلىقى ھەققىدە ............ ھەسەنجان ئابلىز (124)
دىيارىمىزنىڭ قەدىمقى ئويۇنلىرى ............ گۈلمىھرى ئەلى پاشا (131)

## خىزمەت مۇنبىرى

مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى)نىڭ رەھبەرلىرى مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلاردىن ھال سورىدى ............ (45)
ۋاڭ مىڭ ئەپەندى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىندى............ (62)
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلار يېڭى باھار سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى ..... (10)
ۋاڭ مىڭ ئەپەندىنىڭ «دۇنياۋىلىشىش بىلەن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى» تېمىسىدىكى مەخسۇس دوكلات يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى............ (70)
مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتى يۇرتى) مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ تەكلىپ بېرىش، ئەقىل كۆرسىتىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مۇتەخەسسىسنى دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى ....... (120)
جاڭ شاۋنىڭ شۈجى «جۇڭخۇا مەدەنىيىتى جاھان سەيلىسى — گۇيجوۋغا سەپەر» پائالىيىتىگە قاتناشتى ...... (130)
رەسسام تۇردى ئىمىن رۇسىيە مەدەنىيەت تارمىقىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن سان پېتىربورگدا رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى ............ (82)

## «شىنجاڭ تارىخ - مەدەنىيىتى»
## ئۇيغۇر تەھرىر ھەيئىتى

**باش مەسلىھەتچى:** جاپپار ھەبىبۇللا
**پەخرىي مۇدىر:** غەيرەت ھەسەن
**مۇدىر:** پەرھات جالال
**مۇئاۋىن مۇدىرلار:** ئارسلان ئابدۇللا، جاڭ شياۋنىڭ
**باش مۇھەررىر:** ئارسلان ئابدۇللا
**مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:** ئۆتكۈر قاسىم
**ئىجرائىيە مۇھەررىرى:** يالقۇن روزى
**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:** ئارسلان ئابدۇللا، ئۆتكۈر قاسىم، ئابلەت نۇردۇن، ئوسمان ئىسمائىل تارىم، غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر، يالقۇن روزى
**مەسئۇل كوررېكتور:** قىيۇم تۇرسۇن
**تەكشۈرگۈچى:** ئارسلان ئابدۇللا، ئابلەت نوردۇن
**مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى:** نۇرمۇھەممەت ئۆمەر
**مۇقاۋانىڭ خېتىنى يازغۇچى:** نىياز كېرىم شەرقى

**تۈزگۈچى:** «شىنجاڭ تارىخ - مەدەنىيىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 38 - نومۇرلۇق قورۇ
**تېلېفون ۋە فاكس:** (0991) 2398438
**پوچتا نومۇرى:** 830002
**باسما ئىجازەت كىنىشكا نومۇرى:** 2012 - يىللىق 0013 - نومۇر (ئىچكى ماتېرىيال)
**باسقۇچى:** ئۈرۈمچى ئالتۇن كۆزنەك رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
**تور پونكىتى:** nc.vog.scfzjx.www//:ptth
**تارقىتىلىش دائىرىسى:** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدىكى ئالاقىدار تارماقلار ۋە رەھبەرلەر، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئالاقىدار تارماق ۋە خادىملارغا، مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلىرىلار.

# تەربىيە ئېلىش، ئەمەل قىلىش تەخىرسىز ئىستىل قۇرۇلۇشى

## ــ مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشەنى بويىچە تەربىيە ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش پائالىيىتىگە سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى چاقىردى

2013 ـ يىلى ـ 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشەنى بويىچە تەربىيە ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش پائالىيىتىگە سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى چاقىرىپ، بۇ پائالىيەتنى كەڭ قانات يايدۇرۇشنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى. پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ شياۋنىڭ سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلدى، ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭىنىڭ تەربىيە ئېلىش، ئەمەل قىلىش پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش 1 ـ گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىلھام ئەھەت يىغىندا كېلىپ مۇھىم سۆز قىلدى، مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئارسلان ئابدۇللا يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ئورگاندىكى بارلىق پارتىيەلىك كادىرلار، مەسلىھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلار ۋە پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم كادىرلار سەپەرۋەرلىك يىغىنىغا قاتناشتى.

جاڭ شياۋنىڭ شۇجى مۇنداق دېدى: بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «تەربىيە ئېلىش، ئەمەل قىلىش پائالىيىتى» توغرىسىدىكى ئۈچ تەلىپىنى چوقۇم ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرىمىز، ئۇنى سىياسىيغا ۋە ئومۇمىيلىققا ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئىدارىمىزنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرىمىز. ئىدىيەمىزنى ۋە ھەرىكىتىمىزنى مەركەز بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «تەربىيە ئېلىش، ئەمەل قىلىش پائالىيىتى»گە پائال ئاتلىنىپ، بۇ پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىككە بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز.

جاڭ شياۋنىڭ شۇجى مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تەربىيە ئېلىش، ئەمەل قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئۇزاق ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئىستىراتېگىيەلىك تەلىپى. شۇڭا بىز چوقۇم ئىدىيىمىزنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەركەز بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەيدانىمىز ۋە قارىشىمىزنى باشلامچىلىق بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز لازىم. ئىختىساسلىقلار جەھەتتىكى ۋە ئەقىل كۈچ جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مۇقىملىقنى قوغداش ۋەزىيىتى ۋە ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشكە بىرلەشتۈرۈپ، مەسلىھەتچى ۋە تەتقىقاتچىلىرىمىزنى تەشكىللەپ ئاساس قاتلامدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ماقالە يېزىپ، لېكسىيە ئورۇنلاشتۇرۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشىگە پائال قاتنىشىپ، زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، رادىكال دىنىي ئىدىيەسىنىڭ زىيىنى ۋە ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى پاش قىلىشىمىز لازىم.

تەربىيە ئېلىش، ئەمەل قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئورگان قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كادىرلارنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، مۇلازىمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىڭمۇ جىددىي تەلىپى. شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، خىزمىتىمىزدە يەنە ھەرخىل يېتەرسىزلىك ۋە داۋاملىق ياخشىلاشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر مەۋجۇت. شۇڭا بىز بۇ قېتىمقى تەربىيە ئېلىش، ئەمەل قىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق ئورگاندىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى ماركسىزىملىق ئاممىۋى قاراشنى يەنىمۇ پۇختا تىكلەپ، يېڭى دەۋردىكى مەسلىھەتچىلىك، تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات خىزمىتىنى پۇختا ۋە ئىنچىكە ئىشلەپ، مەسلىھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات خىزمىتىدىگە ياخشى تەشكىللىگۈچى، ياخشى مۇلازىمەت قىلغۇچى ۋە ياخشى مەسلىھەتچى بولۇپ، مەسلىھەتچىلەرنىڭ تەكلىپ ـ تەۋسىيە سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، تەتقىقاتچىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتنىششتىكى رولىنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

جاڭ شياۋنىڭ شۇجى مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: تەربىيە ئېلىش، ئەمەل قىلىش پائالىيىتىدە بىز چوقۇم سىياسىي جەھەتتە قەتئىي بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، «تۆت خىل ئىستىل» مەسىلىسىنى مەركەزلىك ھەل قىلىپ، «ئەينەككە بېقىش، ئۇستى ـ بېشىنى رۇسلاش، بويىنى سۇغا سېلىش، كېسەلنى داۋالاش»تەك ئومۇمىي تەلەپنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆگىنىش ۋە تەربىيە ئېلىشنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ، ھەر تەرەپتىن كەڭ دائىرىلىك پىكىر ئېلىپ، مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ۋە ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى پائال قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم. تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل تۈزۈپ چىقىپ، قائىدە ـ تۈزۈم ئورنىتىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تەربىيە ئېلىش، ئەمەل قىلىش پائالىيىتىنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزىمىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم. ھەربىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتى بولىدۇ، ھەرقانداق كىشىنىڭ ھەرقانداق باھانە بىلەن تەربىيە ئېلىش، ئەمەل قىلىش پائالىيىتىنىڭ ھەر قانداق ھالقىسىدىن قەپقىلىشغا يول قويۇلمايدۇ. سەپەرۋەر قىلىنغان كۈندىن باشلاپ، پەۋقۇلئاددە ئەھۋالسىز رۇخسەت سوراشقا بولمايدۇ، تەربىيە ئېلىش، ئەمەل قىلىش پائالىيىتىدە رەسمىيەتچىلىك قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك.

ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭى تەربىيە ئېلىش، ئەمەل قىلىش پائالىيىتى يېتەكچىلىك بىرىنچى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىلھام ئەخەت مۇھىم سۆز قىلىپ، مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى)دىن تەربىيە ئېلىش، ئەمەل قىلىش پائالىيىتىدە بىرىنچىدىن تەربىيە ئېلىش، ئەمەل قىلىش پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي تەلىپىنى توغرا ئىگىلەشنى؛ ئىككىنچىدىن تەربىيە ئېلىش، ئەمەل قىلىش پائالىيىتىنىڭ ھەر قايسى ھالقىلىرىدىكى خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەشنى؛ ئۈچىنچىدىن كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، تەربىيە ئېلىش، ئەمەل قىلىش پائالىيىتىدە ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىندا يولداش لى شەنشەن بىلەن دولقۇن مەشرەپ ئىككى ياچايكىغا ۋاكالىتەن پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ سۆز قىلدى. ئورگاندىكى بارلىق پارتىيەلىك كادىرلار مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) پارتىيە گۇرۇپپىسى ۋە رەھبەرلەرنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇش ئەھۋالى بويىچە نەق مەيداندا دېموكراتىك باھالاش ئېلىپ باردى.

# جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستىنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىياتى ۋە بۇ ھەقتىكى تەكلىپىمىز

**1. ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستىنىڭ چارۋىچىلىق ئەھۋالى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر**

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستىنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىيات سەۋىيەسى ئوخشاش ئەمەس، ساقلانغان مەسىلىلەرمۇ پەرقلىنىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستىنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىيات ۋەزىيىتى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. ئاساسلىقى: چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنىڭ دائىرە بوشلۇقى كىچىك، نەسىللىك كالا، قويلارنىڭ نىسبىتى تۆۋەن، يەم - خەشەك كەمچىل، پايدىلىنىش نىسبىتى تۆۋەن، باقمىچىلىق تەننەرخى يۇقىرى، يەرلىك گۆش ئىستېمالىدا كالا - قويلارنى سىرتتىن كۆپرەك كىرگۈزۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كالا - قوي باقمىچىلىق كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كىچىكلىمەكتە. باغۋەنچىلىك كۆلىمى ئومۇمىي تېرىقچىلىق كۆلىمىنىڭ 92%ىدىن ئېشىپ كەتكەچكە، ئوت - چۆپ كۆلىمى كىچىكلەپ، شاخ - شۇمبا مەھسۇلاتى كۆنسايىن ئازىيىپ، ئەسلىدىلا سۈيى كەم خوتەن ۋىلايىتىدە كالا - قويلارنىڭ يەم - خەشىكى ئىنتايىن كەملەپ كەتكەن. 2012 - يىلى 1 كىلوگىرام سامانىنىڭ نەرقى 4 يۈەنگە چىققان. يەنە 4～5 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ياڭاق - چىلان دەرەخلىرى يوغىناپ باراقسانلىشىپ كەتسە، دەرەخ ئاستى زىرائەت كۆلىمى ۋە مەھسۇلاتى تېخىمۇ ئازىيىپ، كالا - قوي بېقىشقا ئىمكانىيەت قالماي، باقمىچىلىق تېخىمۇ زور تەھدىتكە ئۇچرىغىدەك. كالا - قوي سانى ئازىيىپ كەتسە، ئورگانىك ئوغۇتمۇ ئازىيىپ كېتىدۇ - دە، ئورمانچىلىقمۇ ئېغىر زەربىگە ئۇچرايدۇ. ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىنسا تەبىئەت قانۇنىيىتىدە كۆرۈلىدىغان يامان ئاقىۋەت تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. قەشقەر ۋىلايىتى بۇلتۇردىن بويان چارۋىچىلىقنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، ھازىرقى زامان چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنىڭ 2013～2020 يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ «ھازىرقى زامان چارۋىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى ماقۇللىغان. چارۋىچىلىقى ياخشى تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئۇلاردا باغۋەنچىلىك كۆلىمى كۆپىيىپ كېتىپ، يەم - خەشەك كۆلىمى ئازىيىپ، مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ، يەم - خەشەك يېتىشمەسلىك مەسىلىسى ساقلانماقتا. يەم - خەشەكتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى چارۋىچىلىق تارماقلىرى باقمىچى دېھقانلار كوپېراتىپى ۋە چوڭ - چوڭ باقمىچى ئائىلىلەردە شاخ - شۇمبىنى ماشىنا ئارقىلىق تايلاش ۋە يەنجىپ دانچىلاش تېخنىكىسى قوللىنىپ، يەم - خەشەكتىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، باقمىچىلىقنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلەتكەن. بۇ تېخنىكىلار تېخى ئەمدى باشلىنىپ، كىچىكرەك دائىرىدە قوللىنىلغان بولسىمۇ، دېھقانلار بۇنىڭ پايدىسىنى تونۇپ يەتكەن. سىياسەت توغرا بولسا بۇ ئىشمۇ تېزدىن يۈكسىلىپ كېتەلەيدۇ. قەشقەر ۋىلايىتى مەكىت قويى (دولان قويى)نى ئۆز جايىنىڭ قوي گۆشى ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئاساسلىق سورت قىلىپ بېكىتىپتۇ، ئۆزلىرىنىڭ نەسىللىك چارۋىسىنى ئاساس قىلىشتەك چارۋىچىلىق تەرەققىيات فاڭجېنىنى قوللانغانلىقى ئىنتايىن توغرا. قەشقەر ۋىلايىتىدە باقمىچى دېھقانلار كوپېراتىپىمۇ تېز تەرەققىي قىلىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىقنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس ھازىرلىنىپتۇ. قىزىلسۇ ئوبلاستى شىنجاڭ-

نىڭ ئەڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان، 92%تىن ئارتۇق زېمىنى تاغلىق، چۆللۈك ۋە قاقاسلىق بو-
لۇپ، تىپىك يايلاق چارۋىچىلىقى رايونى سانىلىدۇ. قىزىلسۇنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار، تەبىئىي
ئوتلاقلىرى چېكىنگەن بولۇپ، سۈنئىي ئوتلاقلارنى تېزدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.
ئوبلاستلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت چارۋىچىلىق تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، «ھازىرقى زامان
چارۋىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى 12 ـ بەش يىللىق پىلان» ۋە بەزى ئېتىبار سى-
ياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ مايىقىر ئوت ـ چۆپ بازىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، يەرلىك قىرغىز قويىنى
ئاساسىي سورت قىلىشتەك تەرەققىيات نىشانىنى تۈزۈپ چىقىپتۇ. چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش
خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەپتۇ. لېكىن قىزىلسۇدا تېرىلغۇ يەر ئاز، ئوتلاق بەرپا
قىلىش مەبلىغى كەمچىل، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سۇ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۈرئىتى ئاستا بول-
غانلىقى، بولۇپمۇ تامبويى سۇ ئامبىرى، خادا تاش سۇ ئامبىرى ۋە كۆكۈل سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇ-
لۇش مەسىلىسى تېخىچە ياخشى ھەل بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ھازىرقى زامان
چارۋىچىلىق تەرەققىياتى زور دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرىماقتا.

## 2. تەكلىپىمىز

1) خوتەن، قەشقەر ۋىلايىتى باغۋەنچىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۈنۈۋېرسال باھالىنىپ، يېزا
ئىقتىسادىنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق تەرەققىيات ئەندىزىسى بېكىتىلسە.

ئۆتكەن 10 يىل ئىچىدە، خوتەن، قەشقەر ۋىلايىتى باغۋەنچىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، باغ-
ۋەنچىلىكنى يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق ئورنىغا قويۇپ، تېرىلغۇ يېرىنىڭ 90% د-
دىن ئارتۇقىغا ياڭاق، ئۆرۈك، چىلان دەرەخلىرىنى ئۆستۈرگەن. «مېۋىلىك دەرەخ بىلەن ئاشلىق
زىرائىتىنى ئۆستۈرۈش»نىڭ ئۈنۈمى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بارغانسېرى كونىرىشى، ئاشلىق مەھ-
سۇلاتىنىڭ بارغانسېرى ئازىيىشى ۋە مېۋە دەرىخى ئاستىغا قانداق زىرائەت تېرىشنىڭ بارغانسېرى
قىيىنلىشىشىغا ئەگىشىپ روشەن تۆۋەنلەپ كەتكەن. نەتىجىدە شاخ ـ شۇمبىلار بارغانسېرى ئازد-
يىپ، كالا، قوي بورداش بوشلۇقى تارىيىپ، يەم ـ خەشەك باھاسى ئۆرلەپ، مال سانى ئازىيىپ،
كالا، قوي گۆشىنىڭ باھاسى داۋاملىق ئۆرلەپ كېتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدا
باغۋەنچىلىك كۆپىيىش، ئاشلىق مەھسۇلاتى كېمىيىش، كالا، قوي ئازىيىشتەك ئېغىر تەڭپۇڭسىز-
لىق كۆرۈلگەن. باشتا «مېۋىلىك دەرەخ بىلەن ئاشلىق زىرائىتىنى ئارىلاپ ئۆستۈرۈش» ئەندىزىسى-
دە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، ئەمەلىيەتتە بۇخىل ئەندىزىنىڭ دېھ-
قانلارنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىغا مەدەت بېرىش ئىقتىدارى، كالا، قوي گۆشى تەمىناتى كىشىنى ئەنسى-
رەتكەن، يېزا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىنىڭ ئۇزاققىچە، مۇقىم ھەم ئىمكانىيەتلىك تەرەق-
قىي قىلىشى كىشىنى ئەنسىرەتكەن.

شۇڭا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يېزا ئىقتىسادى ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىلەرنى
تەشكىللەپ، بۇ جايلاردىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئىلمىي ئاساستا با-
ھالاپ چىقسا. كەسپىي باھالاش نەتىجىسىگە قاراپ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى
تەڭشەپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تېرىلغۇ يەر بايلىقىنى ئىلمىي سەپلەپ، بۇ جايلارنىڭ يېزا ئىگىلىك
رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ئەندىزە سىستېمىسىنى توغرا بېكىتىش ھەم قۇرۇپ چىقىش زۆ-
رۈر دەپ قارايمىز. دۆلەتنىڭ فونكىتسىيە رايونى قۇرۇلۇش پىلانى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش نىشانىغا ئا-
ساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ۋە ئىلگىرىكى تارىخىي تەجرىبىلەردىن
پايدىلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئىلمىي دەلىللەش ۋە ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ،
ئۆز جايىنىڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، ئېغىر زىيان پەيدا قىلغانلار بول-

سا، رەھبەرلىكنىڭ جاۋابكارلىقىنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈپ، شۇ جاينىڭ يېزا ئىگىلىك رايون پىلانىنى ئوبدان تۈزۈپ چىقىپ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغۇلۇق.

2) چارۋىچىلىقنىڭ باشقا ساھە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە چارۋىچىلىقنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش زۆرۈر.

① چارۋىچىلىق بىلەن باغۋەنچىلىك، تېرىقچىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرىلىغۇلۇق

چارۋىچىلىق تەرەققىياتىدا، مەسىلىگە ساھە بويىچە تەڭ قارىغۇلۇق. جەنۇبىي شىنجاڭدا باغۋەنچىلىك، تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا تەڭ قاراش لازىم. چارۋىچىلىق تەرەققىي تاپسا دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاشىدۇ. باغۋەنچىلىك بىلەن تېرىقچىلىق ئۈچۈن ئورگانىك ئوغۇت ھازىرلاپ بېرىدۇ. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ياردىمى يېتىدۇ. تېرىقچىلىق بولسا چارۋىچىلىقنى يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

تەكلىپىمىز: خوتەن ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرىگە ئىخلاس بىلەن قۇلاق سېلىپ، يۇقىرىقى 3 تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى مىقدارلاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىپ، يەر بايلىقىنى مۇۋاپىق سەپلىگەن بولسا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، 3 تەرەپنىڭ تەرەققىيات نىشانى ۋە يولىغا قويۇش پىلانىنى قايتىدىن بېكىتىپ چىققان تۈزۈك. بۇ پىلان بېكىتىلگەندىن كېيىن 10 يىل، 20 يىلغىچە ئۆزگەرتمىگەن ياخشى. ھەر بىر شۇجى كەلگەندە ئۆز ئالدىغا لايىھە تۈزۈپ يۈرۈش ياخشى ئەمەس.

② سورت كىرگۈزۈش بىلەن شىنجاڭنىڭ يەرلىك قارا سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرىلىغۇلۇق

شىنجاڭدا مەكىت قويى، خوتەن قويى، قىزغىز قويى، چىرا قارا قويى قاتارلىق سورتلۇق يەرلىك قويلار بار، بۇ قويلار شۇ جاينىڭ ھاۋاسى ۋە مۇھىتىغا ئىنتايىن ماسلاشقان. بەزىلەر بۇ سورتلارنىڭ قۇيرۇقى چوڭ، يۇڭى ئارىلاش، تېنى كىچىك، سويۇلۇش نىسبىتى تۆۋەن بولۇشتەك كەمچىلىكىگىلا قاراپ، ماسلىشىشچانلىقى ياخشى، جېنى چىڭ، سانى كۆپ، يەم - خەشەك تاللىماسلىقتەك ئارتۇقچىلىقلىرىغا سەل قارىغان. سىرتتىن كىچىك قۇيرۇقلۇق قوي، كۆل قويى كىرگۈزۈلگەن، ھەتتا چەت ئەللەردىن سۇفولك قويى، دورسېت قويى، دوبىر قويى قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، شىنجاڭنىڭ قوي تۈرلىرى كۆپەيگەن بىلەن، ئۇلار شىنجاڭنىڭ ياز كۈنلىرى ئىسسىق، قىش كۈنلىرى سوغۇق بولۇشتەك ھاۋاسىغا ماسلىشالمىغان، يەم - خەشەك تەلىپى يۇقىرى، سانى ئاز بولغاچ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قوي گۆشى ئىشلەپچىقىرىشىغا تۈرتكە بولالمىغان. شىنجاڭنىڭ قوي گۆشى ئىشلەپچىقىرىشىدا يەنىلا يەرلىك سورتلارغا تايانغان تۈزۈك، يەرلىك سورتلارنى چېتىشتۇرۇش(ساپلاشتۇرۇش، كۆپەيتىش، كۆپ كىرزەكلىك بويىچە يېتىشتۈرۈش)نى ئاساس، سىرتتىن، چەتئەللەردىن كىرگۈزۈشنى قوشۇمچە قىلغۇلۇق. ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، پەن - تېخنىكا نازارىتى ۋە چارۋىچىلىق نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ 2013 - يىلىدىن باشلاپ يەرلىك كالا، قوي سورتلىرىنى ساپلاشتۇرۇش ۋە كۆپەيتىش خىراجىتىنى زور ھەجىمدە كۆپەيتىشنى تەكلىپ قىلىمىز، پۇلنى سىرتقىلا خەجلىمىسەك، بولۇپمۇ باشقا ئۆلكىلەردىن كۆپلەپ قوي كىرگۈزمىسەك.

③ يەم - خەشەك تېرىش بىلەن يەم - خەشەك پىششىقلاش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرىلىغۇلۇق

يەم ـ خەشەك مىقتارىنى كۆپەيتىش ۋە يەم ـ خەشەكتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كالا، قوي گۆش ئىشلەپچىقىرىشىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى. جايلاردا يەم ـ خەشەك تېرىقچىلىقىنىڭ نىسبىي ئۈنۈمى تۆۋەن بولغانلىقى، بولۇپمۇ يەم ـ خەشەك تېرىقچىلىقى يەم ـ خەشەك پىششىقلاش ۋە ئىلمىي ئۇسۇلدا سەپلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىگەنلىكى، كالا، قوي باقمىچىلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، بىدە كۆلىمى يىلدىن يىلغا ئازىيىپ كەتكەن. بۇ يىل تېرىلغان بىدە 10 يىلنىڭ ئالدىدىكىسىنىڭ 20% تىگىمۇ يەتمىگەن. بۇنىڭ بىلەن كالا، قوي باقمىچىلىقىنىڭ كۆلىمى ئېغىر چەكلىمىگە ئۇچرىغان. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە دانچە يەم ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدىغان، تولۇق قۇۋۋەتلىك سەپلىمە يەم پىششىقلايدىغان چوڭ كارخانىدىن ھازىرغىچە بىرسىمۇ يوق. ئىلمىي رېتسىپ بويىچە سەپلەنگەن يەم بىلەن كالا، قوي باقىدىغان باقمىچى ئائىلە(مەيدان) مۇ ناھايىتى ئاز. تەكلىپىمىز: كىچىك تىپتىكى يەم ـ خەشەك پىششىقلاش ماشىنىلىرى ( تايلاش ماشىنىسى، ئېزىش ماشىنىسى، ئۇۋاش ماشىنىسى، ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسى، دانچە ئىشلەش ماشىنىسى)غا بېرىلىدىغان ياردەم پۇلنى كۆپەيتىپ، ھازىرقى 30% لىك ياردەم پۇلنى 50% كە كۆپەيتىپ، يۇقىرىقى ماشىنىلارنى سېتىۋېلىشقا بېرىلىدىغان قەرز سوممىسى ۋە قەرز چەكلىمىسى كەڭرەك قويۇپ بېرىلسە. نازارەت ـ ئىدارىلەر ۋە ۋىلايەت ئوبلاستلار يەرلىك كالا، قوي سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە سۈپەتلىك يەم ـ خەشەك تېرىش، بىرىكمە يەم ـ خەشەك پىششىقلاش توغرىسىدىكى 5 يىللىق پىلاننى تۈزۈپ چىقىپ، سۈپەتلىك يەم ـ خەشەك تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ يىلمۇ يىل كۆپىيىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. بۇ مەزمۇنلار نازارەت ـ ئىدارىلەر ۋە ۋىلايەت ـ ئوبلاستلارنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنى تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى قىلىنىشى كېرەك.

④ ھازىرقى باقمىچىلىقتىكى باشلامچى كارخانىلار، كۆلەملىك باقمىچىلىق مەيدانلىرى بىلەن دېھقان ـ چارۋىچىلار ۋە باقمىچىلىق كوپىراتىپلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرىلىغۇلۇق

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا ھازىر 51 مىليون تۇياق چارۋا بار بولۇپ، ھازىرقى باقمىچىلىق باشلامچى كارخانىلار ۋە كۆلەملىك باقمىچىلىق مەيدانلىرىغىلا تايانساق، مۇنچىۋالا چارۋىنى بېقىپ كېتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ كېتەلمەيمىز. شۇڭا باقمىچىلىق شەكلىنى چوقۇم كۆپخىللاشتۇرۇش لازىم. خوتەن ۋىلايىتىدە دېھقانلار ھويلا ـ ئارام باقمىچىلىقىنى ئاساس قىلىپ، پەيدىنپەي باقمىچىلىق كوپىراتىپىغا قاراپ تەرەققىي قىلىش كېرەك. قەشقەر ۋىلايىتىدە دېھقانلار باقمىچىلىقى ۋە ھەمكارلىق كوپىراتىپىنى ئاساس قىلىپ، پەيدىنپەي ئوت ـ چۆپ تېرىش، چارۋا بېقىش بىرلەشمە كوپىراتىپىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشى لازىم. دېمەك، دېھقانلار باقمىچىلىق كوپىراتىپى، بولۇپمۇ دېھقان ـ چارۋىچىلار ئوت ـ چۆپ تېرىش، چارۋا بېقىش بىرلەشمە كوپىراتىپى بۇنىڭدىن كېيىنكى كالا، قوي گۆشى ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئاساسىي شەكىلگە ئايلىنىشى كېرەك. قىزىلسۇ ئوبلاستىدا ئوتلاقتا چارۋا بېقىش بىلەن چارۋىچىلار ئولتۇراق نۇقتىلىرىدا بورداقچىلىق قىلىشنى شۇنداقلا چارۋىچىلار ئوت ـ چۆپ تېرىش، چارۋا بېقىش كوپىراتىپىنى ئاساس قىلىش لازىم. تەكلىپىمىز: بۇنىڭدىن كېيىن، دېھقان ـ چارۋىچىلار كەسپىي كوپىراتىپىنى قوللاش سالمىقىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇپ، باشقۇرۇش ۋە يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، كالا، قوي گۆشى ئىشلەپچىقىرىشىدا دېھقان ـ چارۋىچىلار كەسپىي كوپىراتىپىنى ئاساس، باقمىچىلىقتىكى باشلامچى كارخانا ۋە كۆلەملىك مەيدانلارنى قوشۇمچە قىلىش پىرىنسىپىنى تۇرغۇزۇش، مەبلەغ سېلىنمىسىدىمۇ مۇشۇ پىرىنسىپ بويىچە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش كۆزدە تۇتۇلسا.

3) تۇغۇت يېشىدىكى چىش چارۋا (كالا، قوي) لارغا ياردەم پۇل بېرىش سىياسىتى ۋە تەپسىلىي پىرىنسىپىنى چىقارغۇلۇق.

ھازىر شىنجاڭدا چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى تېرىقچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكنىڭ ئارقىدا قېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. شۇڭا، ئاپتونوم رايون ئېلگىرى پاختىچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكنى قوللىغانغا ئوخشاش، چارۋىچىلىقنىمۇ ئالاھىدە سىياسەت چىقىرىپ بەرسە، تۇغۇت يېشىدىكى چىش چارۋا سانى ئاز بولۇپ، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتقاندا، تەكلىپىمىز: (شۇ سورتنىڭ ئۆلچىمىدىكى 2 ـ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى، چىش كالا 3 ياشلىقتىن يۇقىرى، چىش قوي 1 ياشلىقتىن يۇقىرى)غا سورتلۇق چارۋا ياردەم پۇلى بېرىپ، چىش كالىغا 500 يۈەن، چىش قويغا 200 يۈەن ئۆلچىمىدە ياردەم پۇل بەرسە ھەمدە تۈزۈم ۋە تەدبىرلەرنى چىڭىتىپ، سورتلۇق چارۋا ياردەم پۇلىنىڭ جايىغا تېگىشىگە كاپالەتلىك قىلسا. بۇ سىياسەت يولغا قويۇلسا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كالا، قويلارنىڭ سورتى چوقۇم ياخشىلىنىدۇ ھەم كالا، قوي گۆشى مىقتارى چوقۇم كۆپىيىدۇ(ئۆزەك پىلاستىنكا ئورنىتىلسا، كالا، قوي ياردەم پۇل سانىنى كونترول قىلغىلى ۋە ئىگىلەپ تۇرغىلى بولىدۇ).

4) جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى كەنت دەرىجىلىك كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈش خادىملىرىنىڭ تەمىناتى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلغۇلۇق.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا كەنت دەرىجىلىك كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈش خادىمىدىن 4000 چە كىشى بار بولۇپ، ئۇلار 15 مىليون تۇياقتا يېقىن چارۋىنى كېسەلدىن خالىي قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىپتۇ. كەنت دەرىجىلىك كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈش خادىملىرىنىڭ تەمىناتى بەكلا تۆۋەن بولغانلىقتىن، بۇ قوشۇن تازا تۇراقلىق ئەمەس ئىكەن. تەكلىپىمىز: ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى كەنت دەرىجىلىك كېسەلدىن مۇداپىئە خادىملىرىغا ئايلىق تەمىناتى 1500 يۈەندىن تۆۋەن بولمىغان ئۆلچەمدە ياردەم پۇل بېرىلسە( بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىگە 5 سۇغۇرتا قوشۇلغان تەمىنات بىلەن تەڭ بولسا).

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلىرىدىن: جاڭ جىسى، ئارىپ، ئابلەت ئەۋلا
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىدىن: چېن شاۋچۈن، مەخسۇت غوپۇر
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىن: ۋاڭ شىبو

# «24 تارىخ» تىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ ئۇيغۇرچە ئىزاھلىق تەرجىمىسى ۋە نەشر قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا

ئابلەت نۇردۇن

«24 تارىخ» ئېلىمىز تارىخىدا خەنزۇچە يېزىلغان 24 يۈرۈش تارىخىي كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدا جۇڭگودىكى ھەر قايسى جاي، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ۋە جۇڭگوغا قوشنا دۆلەت ھەم رايونلارنىڭ، شۇنىڭدەك تارىختا جۇڭگو بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئالاقە قىلغان دۆلەتلەرنىڭ، جۈملىدىن جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەتلەر بىلەن دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى خېلى سىستېمىلىق بايان قىلىنغان، تەتقىقات قىممىتى يۇقىرى ھۆججەت خاراكتېرلىك يازما يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. « 24 تارىخ» 24 تارىخ كىتابى ئەمەس، بەلكى جۇڭگو تارىخىدىكى 24 يۈرۈش تارىخنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. بۇ «24 تارىخ» — «تارىخىي خاتىرىلەر» (بۇرۇن «تارىخنامە» دەپمۇ ئاتالغان)، «خەننامە» («خەن سۇلالىسى تارىخى» دەپمۇ ئاتالغان)، «كېيىنكى خەننامە» («خەن سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى تارىخى»)، «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى»، «جىننامە» («جىن سۇلالىسى تارىخى»)، «سۇڭنامە» («سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»)، «چىنامە» («چى سۇلالىسى تارىخى»)، «لياڭنامە» («لياڭ سۇلالىسى تارىخى»)، «چېننامە» («چېن سۇلالىسى تارىخى»)، «ۋېينامە» («ۋېي سۇلالىسى تارىخى»)، « جوۋنامە» («جوۋ سۇلالىسى تارىخى»)، «شىمالىي چىنامە» («شىمالىي چى سۇلالىسى تارىخى»)، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «جەنۇبىي سۇلالىلەر تارىخى»، «سۈينامە» («سۈي سۇلالىسى تارىخى»)، «كونا تاڭنامە» («تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى»)، « يېڭى تاڭنامە» («تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى»)، « كونا بەش دەۋر تارىخى»، « يېڭى بەش دەۋر تارىخى»، «لياۋنامە»، (« لياۋ سۇلالىسى تارىخى»)، «جىننامە» («جىن سۇلالىسى تارىخى»)، «سۇڭنامە» («سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»)، «يۈەننامە» («يۈەن سۇلالىسى تارىخى»)، «مىڭنامە» («مىڭ سۇلالىسى تارىخى») دىن ئىبارەت 42 يۈرۈش تارىخ كىتابىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ 24 يۈرۈش كىتاب جەمئىي 3259 جىلد، 79 مىڭ 841 بەت بولۇپ، تەخمىنەن 47 مىليون 904 مىڭ 600 خەت (ئىروگلىف).

شۇنى ئەسكەرتىشكە توغرا كېلىدۇكى، «24 تارىخ» تىكى ھەربىر يۈرۈش تارىخ بىر سۇلالىنىڭ مەخسۇس تارىخى ئەمەس، ئالايلۇق، «تارىخىي خاتىرىلەر» «24 تارىخ» نىڭ بىرىنچى قىسمى. شۇنىڭدەك، ئېلىمىزدە تۇنجى قېتىم تەزكىرە شەكلىدە يېزىلغان ئومۇمىي تارىختىن ئىبارەت. «تارىخىي خاتىرىلەر» ياراتقان مۇنداق شەكىل كېيىنكى 23 تارىخقا ئاساس سېلىپ بەرگەن. «خەننامە»، « كېيىنكى خەننامە» دىن ئىبارەت بۇ ئىككى تارىخ ئىككى سۇلالىنىڭ تارىخى بولماستىن، غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن ئىبارەت خەن سۇلالىسى تارىخىنى بايان قىلغان بىر سۇلالىنىڭ تارىخىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا، «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە» لەرمۇ شۇنداق. بۇ تارىخلاردا رىۋايەتلەر بويىچە قەدىمكى زاماندىكى بەش چوڭ ئاقساقال دەۋرىدىن يېقىنقى زاماندىكى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان جۇڭگونىڭ بىر قانچە مىڭ يىللىق تارىخى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق

بايان قىلىپ بېرىلگەن. ھەر قايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن سۇلالىلەر بولسا، بۇ تارىخنامىلەرنى «رەسمىي
تارىخ» (ئەنئەنىۋى سۇلالىلەر تارىخى) دەپ ئېلان قىلىشقان. ئەمەلىيەتتە، «24 تارىخ» جۇڭگودىكى
ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ياراتقان تارىخى بولۇپ، ئۇ مەزمۇن جەھەتتە ھەر قايسى مىللەتلەر-
نىڭ تارىخ، مەدەنىيەت، جۇملىدىن ئۆرپ - ئادەتكە دائىر ئەھۋاللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئالاي-
لۇق، «24 تارىخ» تىكى «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ
ئومۇمىي تارىخ - جۇغراپىيەسىگە دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللار؛ ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر
ھەققىدىكى «قىسسە» لەردە، ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى (ئەسلىي زاتى)، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مە-
دەنىيەت ئەھۋالى، ئۆرپ - ئادىتى خېلى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن، مەسىلەن، «24 تارىخ» نىڭ تۇنجى
كىتابى بولمىش «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 110 - جىلد « ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە، ھۇنلارنىڭ
ئەجدادى چۇنۋى ئىكەنلىكى، ئۇلار شىمالدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىپ كۆچۈپ يۈرىدىغانلىقى،
ئات، كالا، قوي، تۆگە، قۇلان (ياۋا ئات) باقىدىغانلىقى، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانمايدىغانلىقى،
بالىلىرى قوي مىنىپ، ئوقيا ئېتىپ، قۇشقاچ ئوۋلايدىغانلىقى، ئات مىنىپ ئوقيا ئېتىشقا ماھىر
ئىكەنلىكى، ئۇرۇش ئۆزىگە پايدىلىق بولسا ئىلگىرىلەپ، پايدىسىز بولسا چېكىنىدىغانلىقى، دائىم
باسمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 97 -
جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، 98 - جىلد «جۇرجانلار ۋە قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»، 99 -
جىلد «تۈركلەر، تېلىلار ھەققىدە قىسسە» لەردە، غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا، جۇرجانلار،
قاڭقىللار (ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادى)، تۈركلەر، تېلىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۆرپ - ئادىتىگە
دائىر نۇرغۇن مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن، «تاڭنامە» نىڭ 744 - بەتتىن 785 - بەتكىچە بولغان 217
- جىلدى ۋە 785 - بەتتىن 829 - بەتكىچە بولغان 218 - جىلدلىرىدا مەخسۇس «ئۇيغۇرلار ھەق-
قىدە قىسسە» دېگەن ئىككى جىلد ئاجرىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلار دائىم ئېگىز چاقلىق
ھارۋىلاردا يۈرىدىغان بولغاچقا، كېيىنكى ۋېي سۇلالىسى زامانىسىدا قاڭقىللار دەپ، ئۇلار يەنە چىلى
دەپمۇ ئاتالغانلىقى، بۇ ئەمەلىيەتتە تېلى دېگەن نامنىڭ بۇزۇلۇپ ئېيتىلىشى ئىكەنلىكىنى تېلىلارنىڭ
ئۇيغۇر، سىر - تاردۇش، قاپىش، تۇبا، قۇرىقان، تەلەنغۇت (تىلىنغۇت)، بوگۇ (بوكە)، بايىرقۇ،
تۇڭرا، قۇن، ئىزگىل، قاسار (ھاسار)، قاي، ئەدىز (ئادىز)، بەرسىل قاتارلىق 15 قەبىلىسى بولۇپ،
ھەممىسى چۆللۈك (غوبى) نىڭ شىمالىغا جايلاشقانلىقى، ئۇيغۇرلار يەنە ئوغۇز ياكى ئوغۇر دەپمۇ ئا-
تالغانلىقى، سۈي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە «ۋېيخې (ئۇيغۇر)» دەپ ئاتالغانلىقى، ئۇيغۇرلار جاسا-
رەتلىك ۋە چىدامىلىق خەلق ئىكەنلىكى، دەسلەپتە ئۇلارنىڭ قەبىلە سەركەردىسى (ئاقساقىلى) يوقلۇ-
قى، سۇ ۋە ئوت - چۆپلەرنى قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغانلىقى، ئاتلىق ئوقيا ئېتىشقا ماھىرلىقى،
تۈركلەر ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بايلىقىغا تايىنىپ، شىمالىي دالاغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى قەيت
قىلىنغان. قىسقىسى، «تاڭنامە» دىكى مەلۇماتلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە، دائىر مۇھىم
ئۇچۇرلارنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئەھۋالىنى
ۋە ئۇلارنىڭ قوشنا ئەل ۋە مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى خېلى ئېنىق چۈشىنىۋېلىشقا
بولىدۇ، بىز «24 تارىخ» تا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ نامى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە تۈر-
لۈك ئاھاڭ تەرجىمىسى بىلەن، ئالايلۇق، ئالدىنقى چىن دەۋرىدە، دى (دىغار)، ئىككى خەن دەۋرىدە
دىڭلىڭ (دىل ياكى تىل)، سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدە تېلى، ۋېيخې، يۈەنخې (ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
قاغانى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە دەۋرىدە، يەنى 789 - يىلى خۇيخۇغا ئۆزگەرتىلگەن)،
يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خۇيخې، خۇيخۇ دېگەن نامىلار داۋاملىق قوللىنىلغاندىن باشقا يەنە، ۋۇگۇ،
ۋېۋۇئېر، ۋېيگۇئېر، ۋېيۋۇ قاتارلىق ئون نەچچە خىل نام بىلەن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خۇيخۇي

دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ئەمەلىيەتتە، بۇلارنى بىر خىل نامنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى
ھەرخىل تەلەپپۇز قىلىنىشى ياكى مەلۇم ئالاھىدىلىككە ئاساسەن قويۇلغان نام، دەپ قاراشقا بولى-
دۇ. بىز يەنە «24 تارىخ»تىكى مەلۇماتلاردىن بۇلاردىن جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قۇرغان
ھاكىمىيەتلەر (ئالايلۇق، موڭغۇللار قۇرغان يۈەن سۇلالىسى، مانجۇلار قۇرغان چىڭ سۇلالىسى قاتار-
لىق ھاكىمىيەتلەر) نىڭ جۇڭگونىڭ ھازىرقى زېمىن دائىرىسىنىڭ كەڭ ۋە مۇقىم بولۇشىغا، جۇڭ-
گو چېگرىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، غەربىي يۇرتنىڭ قوشنا ئەل خەلقلىرى بىلەن
بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشىگە، ئۆز - ئارا مەدەنىيەت ئالماش-
تۇرۇشىغا زور تۆھپە قوشقانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، «24 تا-
رىخ» خەنزۇ ھۆكۈمرانلىرى قۇرغان سۇلالىلەرنىڭ تارىخى بولۇپلا قالماي، يەنە «ۋېينامە»، «جوۋنا-
مە»، «شىمالىي چىنامە»، «بەش دەۋر تارىخى» ئىچىدىكى «كېيىنكى تاڭنامە»، «كېيىنكى جىننامە»،
«كېيىنكى خەننامە»، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، «جىن سۇلالىسى تارىخى»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»
قاتارلىقلارنىڭ قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان خانىدانلىقلار تەرىپى-
دىن يازدۇرۇلغانلىقىنى، «24 تارىخ» نىڭ ئاپتورلىرى ئىچىدە خېلى كۆپ خەنزۇ تارىخچى، ئالىملى-
رىدىن باشقا، يەنە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تارىخچى، ئالىملىرىنىڭمۇ بارلىقىنى نەزەردىن ساقىت
قىلماسلىق كېرەك.

جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى، تارىخشۇناسلار، تىلشۇناسلار، خەنزۇشۇناسلار، شەرقشۇناسلار، ئۇي-
غۇرشۇناسلار خېلى ئۇزاقتىن بۇيان ۋە ھازىرمۇ «24 تارىخ» تىكى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ تەتقىقات
قىممىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنى رەتلەش، نەشر قىلىش، ئىزاھلاش، دەلىللەش، تەتقىق قىلىش
ئىشلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، ئالايلۇق، رۇسىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
مەشھۇر تارىخچىسى بارتولد (1869 — 1930 - يىللار) 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى يازغان
«تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى» دا: «مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىن مىلادىيەدىن كېيىنكى 7 -
ئەسىرگىچە بولغان دەۋر ئىچىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر بىز بىلەلەيدىغان ھەممە مەلۇمات پۈتۈن-
لەي دېگۈدەك جۇڭگو تارىخ ماتېرىياللىرىدىن ئېلىنغان» دەيدۇ. فىرانسىيەنىڭ ھازىرقى زامان
داڭلىق جۇڭگوشۇناسى لۇئىس ھامبىس (1906 — 1978) 1966 - يىلى نەشردىن چىققان «ئوتتۇرا
ئاسىيا تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچىلەر» ناملىق ئەسىرىدە:
«ئەگەر جۇڭگوشۇناسلىق تەتقىقاتى بولمىسا، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ تەتقىقاتى ئاساسىنى يوقىتىپ
قويغان بولاتتى»، «2000 يىلدىن بۇيانقى خەنزۇچە ۋەسىقىلەر بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن كەم
بولسا بولمايدىغان ئىنتايىن قىممەتلىك ھۆججەت بولۇپ كەلدى. چۈنكى، بىز خەنزۇچە تارىخ ماتې-
رىياللىرى ئارقىلىقلا ئېنىقراق چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز» دەپ تەكىتلىگەندى. غەربىي يۇرت
(شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا قوشنا خېلى كۆپ ئەللەرنىڭ زېمىنىنى كۆرسىتىدۇ.) تەتقىقا-
تىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە
ھەمدە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقلىرى (مەسىلەن،
قارۇشتى يېزىقى، سوغدى يېزىقى، بىراھمى يېزىقى ، مانى يېزىقى قاتارلىق ھازىر ئىستېمالدىن
قالغان ئۆلۈك يېزىقلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دىكى ماتېرىياللار، بولۇپمۇ ئارخېيولوگىيەلىك قېدىرىپ
تەكشۈرۈشلەردە تېپىلغان تېپىلمىلارمۇ ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى كۆنسايىن كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

17 - ئەسىردىن بۇيان، غەرب ئەللىرىدىن جۇڭگوغا كەلگەن خىرىستىيان جەمئىيىتىنىڭ بىر
قىسىم ئەزالىرى خەنزۇچە قەدىمكى كىتابلاردىن بەزىلىرىنى، جۈملىدىن كۆپرەكى تارىخقا دائىر ما-
تېرىياللارنى تەرجىمە قىلىشتى. بۇ غەرب ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ دىققەت - نەزىرىنى قوزغىدى. رۇ-

سىيە ئورتودوكس چېركاۋىنىڭ ھەر قېتىملىق بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق دىن تارقاتقۇچىلار ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىدىن بەزىلەر خەنزۇچە قەدىمكى كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغانىدى، بولۇپمۇ بىچۇرىن « 24 تارىخ» نىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللىرىدىن بىر قىسمىنى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، « قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى توپلىمى» دېگەن نام بىلەن 1581 ـ يىلى سانكىت ـ پېتېربۇرگدا نەشر قىلدۇردى. غەرب ئالىملىرى بۇ كىتابتىن ھازىرغىچە پايدىلىنىپ كەلدى. بۇ كىتاب 1591 ـــ 1953 ـ يىللىرى قايتا نەشر قىلىندى، فىرانسۇز ئالىمى ئې.ئې. چاۋاننىس (1865 ـــ 1918 ـ يىللار) 1880 ـ يىلدىلا « تارىخىي خاتىرىلەر» نى تەرجىمە قىلىشقا باشلىغانىدى. 1895 ـــ 1905 ـ يىللىرى ئارىسىدا 130 جىلدلىق «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ 74 جىلدىنى ئارقا ـ ئارقىدىن تەرجىمە قىلىپ چىقتى. 1903 ـ يىلى پېتېربۇرگدا خەنزۇچە « تارىخىي خاتىرىلەر» دىن تەرجىمە قىلىپ چىققان « غەربىي تۈركلەر تارىخى» نى ئېلان قىلدى، ھەم تۈرك مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىغا سېلىشتۇرۇپ چىقتى. 1907 ـ يىلى «كېيىنكى خەننامە» نىڭ «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» نى تەرجىمە قىلدى،

1980 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتى ئۈرۈمچىدىكى كۆئېنلۇن مېھمانخانىسىدا ئاچقان «ئۇيغۇر تارىخى» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، يىغىنغا قاتناشقان ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر خەنزۇچە قىممەتلىك يازما يادىكارلىق ـــ «24 تارىخ» تا غەربىي يۇرتقا دائىر مول ماتېرىيال ساقلانغان، بۇلار غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى، مەدەنىيىتى ھەم مىللەتلىرىنى، شۇنداقلا تەبىئىي شارائىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئاساسلىق ھەمدە ئىشەنچلىك ماتېرىيال، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشتا، ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، « 24 تارىخ» تىكى غەربىي يۇرتقا دائىر ماتېرىياللارنى تاللاپ ـ رەتلەپ چىقىپ، ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر دەپ قارىدى. يىغىندا يەنە بۇ شەرەپلىك ۋە مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا تاپشۇرۇش تەكلىپى بېرىلدى. 1981 ـ يىلى ئىيۇندا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەن تەتقىقات باشقارمىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «24 تارىخ» تىكى غەربىي يۇرتقا دائىر ماتېرىياللارنى تاللاپ تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، بۇ ئىشنى رەسمىي قولغا ئالدى. 1985 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى قۇرۇلغاندىن كېيىن «24 تارىخ» تىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنى تاللاپ تەرجىمە قىلىش ئىشى مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقات ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى تەرىپىدىن رويخەتكە ئېلىنىپ، مۇشۇ كومىتېت مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدىغان تەتقىقات تېمىسى بولدى.

بۇ خىزمەت باشلىنىش بىلەنلا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. 1981 ـ يىلى 23 ـ ئۆكتەبىردە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ بىرىنچى بېتىدە «24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللار ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنماقتا» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىنىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ «24 تارىخ» تىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنى تاللاپ ـ رەتلەپ، تەرجىمە قىلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. 1984 ـ يىلى 2 ـ دېكابىردا مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى ۋە «خەلق گېزىتى» ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، بۇ خىزمەت ھەققىدە خەۋەر بەردى. 1986 ـ يىلى مارتتا، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، بۇ خىزمەت ھەققىدە خەۋەر بەردى. 1986 ـ

يىلى مارتتا، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» مۇ بۇ خىزمەتنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ھەمدە مەبلەغ ئېھتىياجى ھەققىدە تەپسىلىي خەۋەر بەردى. 1986 ـ يىلى ئىيۇندا، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى دوكتۇر كوممۇنار تالىپوۋ ئەپەندى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنىنى زىيارەت قىلغاندا، بۇ خىزمەتنىڭ يۇرۇشۇش ئەھۋالىنى سورىدى ھەمدە ھەمكارلىشىش ئىستىكىنى بىلدۈردى. 1987 ـ يىلى ئىيۇندا، تۈركىيەنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ياشار ئەپەندى ۋە ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناسلىق فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى پىروفېسسور پولات ئەپەندىلەر بېيجىڭدا «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ ئاخىرقى كوررېكتورلۇقىنى قىلىۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنىدىكى خادىملار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، خىزمەتنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ئۇقۇشتى، شۇنداقلا بۇ خىزمەتكە ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەردى.

1989 ـ يىلى سېنتەبىردە، «24 تارىخ» تىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ ئۇيغۇرچە ئىزاھلىق تەرجىمىسى ــ «تارىخىي خاتىرىلەر» رەسمىي نەشردىن چىققاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى تەشۋىقات، مائارىپ، تارىخ تەتقىقاتى ۋە نەشرىيات ساھەسىدىكى 80 نەچچە ئالىم، مۇتەخەسسىس ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئىلمىي قىممىتى ھەققىدە پىكىرلىشىپ، بۇ خىزمەتكە يۇقىرى باھا بەردى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى 1990 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ بېشىدا مۇناسىۋەتلىك تارىخ تەتقىقاتچىلىرىغا يېڭى نەشر قىلىنغان «تارىخىي خاتىرىلەر» نى كۆرۈپ پىكىر بېرىشكە تارقىتىپ بەردى، 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەن ـ تەتقىقات باشقارمىسى كىتاب تارقىتىپ بېرىلگەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات خادىملىرى ۋە تەرجىمانلارنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىش ۋە تەرجىمە سۈپىتى توغرىسىدا پىكىر ئالدى، يىغىنغا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەن ـ تېخنىكا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى زارىپ دولات، ئىلمىي ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ مۇدىرى خالىق ساقى رىياسەتچىلىك قىلدى، بۇ يىغىندا مەرھۇم ئىبراھىم مۇتئىي، فىڭ شىشى قاتارلىق ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر بۇ كىتاب نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلەشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە قىزغىن پىكىر قىلىشتى. مەنمۇ ئەينى چاغدا ياش يىغىن ساھىبى بولۇش سۈپىتىم بىلەن يىغىندا پىكىر بايان قىلىپ، بىر تەرەپتىن بۇ كىتابنىڭ ئىلمىي ۋە تەرجىمە سۈپىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ كىتابتا ساقلانغان كونكرېت يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرىپ، كېيىنكى نەشرىدە بۇ سەھۋەنلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىش تەكلىپىنى بەردىم. مەسىلەن، بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىنىڭ 2 ـ بېتىدە فىرانسىيەلىك ئالىم «چاۋاننېس» نىڭ ئىسمى «شاۋان»، «غەربىي يۇرت» نىڭ نامى بەزىدە غەربىي ئەل بەزىدە قۇرىغار دەپ خىلمۇ ـ خىل ئاتالغانلىقىنى؛ كىرىش سۆزىنىڭ 5 ـ بېتىدە «جىن سۇلالىسى تارىخى» («جىننامە») دېگەن كىتاب نامى «جىن خانلىقى تارىخى» (بۇ كىتابتا سۇلالە دېيىشكە تېگىشلىك خانلىقلارنى خانلىق، خاندانلىق دەپ بىر خىل ئاتالغۇنى كۆپ خىل ئاتاشتەك ئەھۋال كۆپ چىقىلىقىدۇ) دەپ ئاتالغانلىقىنى، شەخسلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى «تەرجىمىھالى» دېيىلمەي («تەزكىرىسى») دېيىلگەنلىكىنى، 493 ـ بەتتە «ئەنەتكەك» دېگەن ئاتالغۇ بەزىدە « ھىند»، بەزىدە «سىند» دېيىلگەنلىكى، 491 ـ بەتتە «كانگالىقلار كۆچۈپ يۈرىدىكەن» دېگەن سۆز «كانگا ئېلى كۆچۈپ يۈرىدىكەن» بولۇپ قالغانلىقى؛ ھۇن ۋە باشقا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىنى (باسقىن، تېگىش قىلغانلىقىنى) «تاجاۋۇزچىلىق» دەپ ئاتاپ كىشىلەرگە ئۇلارنى خۇددى باشقا دۆلەتتىن كەلگەن يات مىللەتتەك تۇيغۇ بېرىپ قويغانلىقىنى بۇ كىتابنىڭ سەھۋەنلىك ـ يېتەرسىز-

لىكى قاتارىدا كۆرسىتىپ بېرىپ يىغىن رىياسەتچىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا نائىل بولغان ئىدىم. 1990 ـ يىلى ئۇيغۇرچە ئىزاھلىق تەرجىمە ــ «تارىخىي خاتىرىلەر» شىمالدىكى 15 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون بويىچە پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1995 ـ يىلى «خەننامە» ــ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پەن تەتقىقات نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ كىتاب يەنە شۇ يىلى شىمالدىكى پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. نۆۋەتتە «تارىخىي خاتىرىلەر» بىلەن «خەننامە» قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، رۇسىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ياپونىيەلەرگە، شۇنداقلا تەيۋەن رايونىغا تارقىتىلدى ياكى تارقالدى.

«24 تارىخ» تىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنى تاللاپ تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش ـ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ خىزمەتكە مەرھۇم زارىپ دولاتوف، خالىق ساقى ۋە تەتقىقات ئورنىنىڭ كېيىنكى مۇدىرى، پىروفېسسور چېن شىمىڭ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى سىياسىي ـ تارىخ بۆلۈمىنىڭ سابىق مۇدىرى ئابدۇۋەلى ئەلىلەر زور تۆھپە قوشتى. بولۇپمۇ چېن شىمىڭ ئەپەندى بۇ خىزمەتنىڭ تەتقىقات، تەرجىمە، نەشر قىلىش پىلانىنى تۈزۈش، مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىغا رەتلەش ـ تاللاش، ئىزاھلاش خىراجىتى توغرىسىدا دوكلات يوللاپ تەستىقلىتىش جەھەتتە نۇرغۇن ئىجابىي خىزمەتلەرنى قىلدى، شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتىنىڭ باشلىقى، ئالىي مۇھەررىر ئابدۇراخمان ئەبەي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ مەسئۇلى مۇھەممەتجان مەخمۇت «24 تارىخ» نىڭ 2 ـ يۈرۈش نەشرىگە كېتىدىغان مەبلەغنى دۆلەت ئاخبارات ـ نەشرىيات مەھكىمىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ئارقىلىق سىياسەت ۋە خىراجەت جەھەتتە زۆرۈر قوللاشقا ئېرىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ شۇجىسى شى يۇڭچاڭ، ئىدارە باشلىقى گۇلشەن تۇراخۇنلارمۇ بۇ ئەھمىيەتلىك ئىشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى، شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باش تەھرىرى ئەلى توختى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن ئەركىن شېرىپ، ئالىمجان تاھىر، مۇختار مامۇت قاتارلىقلار «24 تارىخ» نىڭ بىر يۈرۈش ئىككىنچى نەشرىنىڭ تەھرىرلىك خىزمەتلىرىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى ۋە بۇ خىزمەتكە ئۆزلىرىمۇ بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلدى، بىر مۇنچە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ تەتقىقاتچىلار «24 تارىخ» تىكى غەربىي يۇرتقا دائىر ماتېرىياللارنى رەتلەپ ـ تاللاش، ئاتالغۇلارنى ئىزاھلاش، قەدىمكى خەنزۇچىنى هازىرقى زامان خەنزۇچىسىغا ئۆرۈش قاتارلىق بىر مۇنچە خىزمەتلەرنى بەجانىدىل ئىشلىدى، ئابلەت نۇردۇن («خەننامە» 70 ـ جىلد «فۇجىيېزى، چاڭ خۇي، جېڭ جى، گەن يەنشۇ، چېن تاڭ، دۇن خۇيزۇڭنىڭ تەرجىمىھالى»«كېيىنكى خەننامە» 89 ـ جىلد «جەنۇبىي هۇنلار ھەققىدە قىسسە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «سۈينامە»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» نى مۇستەقىل تەرجىمە قىلغان، «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى، جىننامە، سۇڭنامە»، «24 تارىخ، تىكى جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت غەربىي يۇرت تارىخ ماتېرىياللىرى»، «يېڭى تاڭنامە»، «بەش دەۋر ۋە سۇڭ، لياۋ، جىن، يۈەن سۇلالىلىرى تارىخى» قاتارلىق كىتابلارنىڭ تەرجىمىسىنى بېكىتىشكە ئىشتىراك قىلغان)، ئىسمائىل مەڭلىك («تاڭنامە» قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان ۋە بەزى كىتابلارنىڭ تەرجىمىسىنى بېكىتىشكە قاتناشقان)، قاسىم ئارش، چېن يۇگۇي قاتارلىق تەتقىقاتچى، تەرجىمانلار « 24 تارىخ» نىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلەشكە نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرگەن.

«24 تارىخ» تىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ ئۇيغۇرچە ئىزاھلىق تەرجىمىسىنى
ئىشلەش ناھايىتى مۇشكۇل تەتقىقات خىزمىتى بولۇپ، ئۇ ئىككى چوڭ تىل سىستېمىسى (خەنزۇ -
تىبەت تىل سىستېمىسى بىلەن ئالتاي تىل سىستېمىسى) دىكى نۇرغۇن تىللارغا ھەمدە تىلشۇناس-
لىق ئىلمىدىكى كۆپلىگەن چوڭ مەسىلىلەرگە چېتىلىپلا قالماستىن، يەنە جۇڭگو ۋە چەت ئەل تا-
رىخىنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىگە تۇتىشىدۇ. بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىش، بىرەر بۆلەكنى تەرجىمە
قىلىش، بىرەر ئىزاھنى ئىشلەش ئۈچۈن، ھەتتا بىرەر ئادەم ئىسمى (يەرلىك مىللەتتىن بولغان)،
بىرەر يەر - جاي نامى (يەرلىك مىللەت تىلىدىكى)، ئەمەل - ئۇنۋان نامىنى تەرجىمە قىلىش ئۇ-
چۇنمۇ كۆپلەپ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، «24 تارىخ» تا، كىشى ئى-
سىملىرى، قەبىلە - ئۇرۇق ناملىرى، يەر - جاي ناملىرى، ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى قاتارلىق ئا-
تالغۇلار بەك كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى ئەمەل - مەنسەپلەرنىڭ ھەر قايسى سۇلالە ۋە خاندا-
نلىقلاردىكى ئاتىلىشىمۇ ئوخشاش ئەمەس. يەنە كېلىپ ئەمەل - مەنسەپ تۈزۈملىرى ئۆزگىرىپ تۇر-
غاچقا (ئالايلۇق، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، قىران چەۋەنداز سانغۇن، ئوقياچىلار سانغۇنى،
ھەرىكەتچان سانغۇن، شۇڭقار لەشكەر بېشى قاتارلىقلار ئەمەل - مەنسەپ بولماستىن، بەلكى پادىشاھ
ياكى خاقان مەلۇم بىر سانغۇنغا ۋاقىتلىق بەرگەن بىر خىل نام - ئاتاق ئىدى)، بۇلارنى بىر - بى-
رىدىن پەرقلەندۇرۇپ، توغرا تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن، بىز «24 تارىخ» نى تەرجىمە قىلىش داۋامىدا
جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغان تۈرلۈك لۇغەت، قورال كىتابلاردىن، ئەڭ يېڭى تەتقىقات
نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا داڭلىق ئالىم - مۇتەخەسسىس، تىلشۇناسلارنى ئۇس-
تاز تۇتۇپ، تەرجىمىدە يولۇققان قىيىن، چىگىش مەسىلىلەرنى ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن سوراپ،
ئايدىڭلاشتۇرۇپ تەرجىمىنىڭ توغرا، راۋان بولۇشىغا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تىرىشتۇق، شۇڭا بۇ
كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئې-
رىشتى، بۇ كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسى مەملىكەت دەرىجىلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكا-
پاتلارغا ئېرىشتى، بەزىلىرى غەربىي شىمال بويىچە نادىر كىتاب مۇكاپاتىغا نائىل بولدى، « خەلق
گېزىتى» (خەنزۇچە)، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» (خەنزۇچە)، «ئاسىيا كىن-
دىكى گېزىتى»( خەنزۇچە) ۋە « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇر-
ناللار « 24 تارىخ» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەپ ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى ۋە
بۇ كىتابلارنى تەرجىمە، نەشر قىلىش، تەھرىرلەش، بېكىتىش خىزمەتلىرىگە كۆپ ئەجىر سىڭ-
دۈرگەن چېن شىمىڭ، ئابلەت نۇردۇن، ئەركىن ئېدرىس قاتارلىقلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى تونۇش-
تۇردى. خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا «24 تارىخ»نىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىش
ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدى، ئالايلۇق، تۈركىيەدە ئېچىلغان خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تەكلىپ
بىلەن قاتناشقان پىروفېسسور چېن شىمىڭ «24 تارىخ»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنىش جەريانى،
ئىزاھلىرىنىڭ ئىشلىنىشىگە دائىر ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ يىغىن ئەھلىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

«24 تارىخ»تىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشى، ئىزاھلىنىشى
ئۆز نۆۋىتىدە خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى لۇغىتى ۋە قوللانمىلارنىڭ روياپقا چىقىشىنى
ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭغا «24 تارىخ»نى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن دەسلەپكى چاغلاردا ئاپتونوم
رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن قادىر ھاپىز، ئابدۇۋەلى ئەلىنىڭ باش مۇ-
ھەررىرلىكىدە ئابدۇۋەلى ئەلى، داۋۇت سايىم، ئابلەت نۇردۇن تۈزگەن «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تارىخ
ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 - يىلى نەشر قىلغان، بۇ لۇغەتكە 10 مىڭ-
دىن ئارتۇق ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن)، ئابلەت نۇردۇن تۈزگەن «تارىخ ئاتالغۇلىرى تەرجىمە قوللانمى-

سى» (1998 ـ يىلى ئىچكى نومۇر بىلەن نەشر قىلىنغان، بۇ قوللانمىغا تەخمىنەن 6 مىڭ ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن)، ۋە ئابلەت نۇردۇن يۇقىرىقى تارىخ ئاتالغۇلىرى لۇغىتى ۋە تارىخ ئاتالغۇلىرى تەرجىمە قوللانمىسى ئاساسىدا، ئۇنىڭغا 9 مىڭدىن كۆپرەك ئاتالغۇنى قوشۇپ تۈزگەن «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى» (شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 2003 ـ يىلى 2 ـ ئايدا نەشر قىلغان، بۇنىڭغا 27 مىڭدىن ئارتۇق ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن)نىڭ تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغانلىقىنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. ئىزاھلاشقا توغرا كېلىدۇكى، تارىخىي ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش، بېكىتىش، بەسى قىيىن بولغاچقا (ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر، تارىخشۇناس ـ تىلشۇناسلارنىڭ تارىخىي ئاتالغۇلار توغرىسىدىكى پىكىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تەس بولغاچقا، مەن تارىخ لۇغىتىگە دائىر ئەڭ كېيىن نەشر قىلىنغان قورال كىتابنىڭ نامىنى «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» دەپ ئاتىماي، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى» دەپ ئاتىدىم. ھەمدە تېخى بېكىتىلمىگەن ۋە بىر ئاتالغۇ ھەر خىل تەرجىمە قىلىنىۋاتقان ھازىرقى ئەھۋالدا، تارىخىي ئاتالغۇلارنىڭ بىردەكلىكىگە، قېلىپلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، كىتابخانلارنى گاڭگىرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، بىر كىتاب، بىر ماقالىدە بىر خەنزۇچە ئاتالغۇنى چوقۇم بىر خىل تەرجىمە ۋارىيانتى بويىچە ئېلىش، ھەرگىزمۇ بىر ئاتالغۇنى ئىككى خىل ئالماسلىق تەكلىپىنى بەردىم.

ئەمما، بۇ كىتابنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى، مۇناسىۋەتلىك قورال كىتاب، لۇغەتلەر بولۇپمۇ تارىخقا دائىر مۇشۇنداق كىتابلار تولىمۇ ئاز ۋە مۇكەممەل بولمىغاچقا، «24 تارىخ»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە سەھۋەنلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات خادىملىرى، تەرجىمانلار بۇ جەھەتتە داۋاملىق ئىزدىنىشكە، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە!

ئاخىرىدا شۇنى تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇكى، «24 تارىخ» تىكى غەربىي يۇرتقا دائىر ماتېرىياللارنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «24 تارىخ» تىكى غەربىي يۇرتقا دائىر ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى ئەمەس، ئالايلۇق، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا غەربىي يۇرتقا جۈملىدىن، ئۇيغۇرلارغا، بولۇپمۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزى ۋە يەرلىكتىكى مەمۇرى ئاپپاراتلىرىدا ئىشلىگەن ۋەزىردىن دارۇغاچ (نازىر ياكى ۋالىي دەرىجىلىك ئەمەلدار) ۋە داڭلىق ئەدىب، سەنئەتكار، رەسسام، تىلماچ (تەرجىمان) قاتارلىقلارغا دائىر نۇرغۇن مەلۇمات بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرچە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» غا بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلار ئانچە تولۇق كىرگۈزۈلمىگەچكە، كىتابنىڭ ھەجمى ئاز بولۇپ قالغان. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» نىڭ تەرجىمىسى ئەسلىدە 1200 بەتتىن ئارتۇق بولسىمۇ، خىراجەت قىسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاران 697 بەت قىسمىلا نەشر قىلىنغان، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «24 تارىخ» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى خەنزۇچە ئەسلىي كىتابنىڭ ئوندىن بىر قىسمىغىمۇ يەتمەيدۇ، شۇڭا غەربىي يۇرت ۋە ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇيغۇرچە تەرجىمىگە كىرگۈزۈلمىگەن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئىزدەپ تەتقىقات ماتېرىيالى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، «24 تارىخ» نىڭ تۈزگۈچىلىرى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ تارىخچىلىرى بولغاچقا، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئىدىيەۋى قاراشلىرى ۋە تارىخ ئىلمىدىكى سەۋىيەسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ھەمدە زامان، ماكان چەكلىمىسى، قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن، «24 تارىخ» تا، ھۆكۈمرانلارنى كۆككە كۆتۈرۈپ مۇبالىغە قىلىدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان بەزى يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت، ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى تۈزگۈچىلەر بىر قىسىم مەلۇماتلارنى باشقىلاردىن ئاڭلىغىنى بويىچە ۋاستىلىك خاتىرىلىگەن بولغاچقا، بىر قىسىم ماتېرىياللادا سەھۋەنلىك، مۇجمەللىك ۋە ئېنىقسىزلىق ئەھۋالى

كۆرۈلگەن، شۇڭا بىز بۇ تارىخىي ماتېرىياللارغا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇل بىلەن تەھلىل قىلىپ پەرق ئېتىشىمىز، «قەدىمكىنى ھازىر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مېغىزىنى ساقلاپ قېلىش»، يالغىنىنى چىقىرىۋېتىپ، راستىنى ئې-لىپ قېلىش پرىنسىپى بويىچە مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. تارىخىي ماتېرىياللاردىكى مۇجمەل، نائېنىق مەسىلىلەرنى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا سېلىشتۇرۇپ، دە-لىللەشكە، ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار يورۇتۇپ بەرگەن ئۇ-چۇرلار ئاساسىدا ئايدىڭلاشتۇرۇشقا، تۈزىتىشكە ۋە تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، «24 تارىخ» نىڭ بىر يۈرۈش 2 - نەشرى ئايرىم - ئايرىم نەشر قىلىنغان 1 - نەشرىگە قارىغاندا، تەھرىرلىك، كوررېكتورلۇق، مۇقاۋىلىنىش، بېسىلىش، تۈپلىنىش، قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى سۈپەتلىك نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما، بۇ بىر يۈرۈش كىتابلارنىڭ مەس-ئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىر مۇنچە مۇھەررىرلەر زىممىسىگە ئالغاچقا ھەمدە بۇ بىر يۈرۈش كىتابلارنى بىرەيلەن باشتىن - ئاخىر ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئاتالغۇلارنى، تەرجىمە ئۇسلۇبىنى، تېخنىكىلىق تەلەپلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلىمىگەچكە، بۇ كىتابنىڭ 2 - نەشرىدىمۇ بىر ئاتالغۇ بىر كىتابتا ياكى باشقا كىتابلاردا ھەر-خىل ئېلىنىشتەك يېتەرسىزلىكلەر ساقلانغان. بۇنىڭغا كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدا «يۈەننامە»، «جىننامە» دېيىلىپ، بۇ كىتابلارنىڭ كىرىش سۆزىدە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، «جىن دۆلىتى تارىخى» دەپ ئېلىنغانلىقىنى؛ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىنىڭ بەزىدە «سۇلالە»، بەزىدە «خانلىق»، بەزىدە «خا-نىدانلىق» دەپ ئېلىنغانلىقىنى، مىللەتلەرنىڭ تارىخى «ئۇچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» دە، «قىسسە» (مەسىلەن: «دى غوزلىرى ھەققىدە قىسسە») دېيىلگەن بولسا، «تاڭنامە» دە، «تەزكىرىسى» («تۈركلەر تەزكىرىسى»، «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى») دەپ ئېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايە. «24 تارىخ» تەتقىقاتىدا ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى 1 - قول يازما يادىكارلىق بولغاچقا، بۇ كىتابلار بىر نەچچە يىلدىن كېيىن سېتىلىپ تۈگىشى مۇمكىن، مەن بۇنىڭدىن كېيىنكى نەشرلىرىدە يۇقىرىدا كۆرسىت-تىلگەن ۋە باشقىلار بايقىشى مۇمكىن بولغان سەھۋەنلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەرنىڭ تولۇق تۈزىتىلىپ كىتابنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل نەشر قىلىنىشىغا تىلەكداشمەن.

**قوشۇمچە:** «42 تارىخ» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا دائىر قىسقا مەلۇمات

1. «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ تۇنجى نۇسخىسى (682 - بەت، 1989 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەش-رى)، تەرجىمە قىلغۇچىلار: قاسىم ئارش، خۇدابەردى سىلىم، سەلىمجان، ئەنسەرىدىن مۇسا، چېن شىمىڭ، ئارسلان ئابدۇللا قاتارلىقلار، مەسئۇل مۇھەررىرى: مامۇت سابىت، بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى نۇسخىسى (614 - بەت، 2011 - يىلى 12 - ئاي 2 - نەشرى)نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەلى توخ-تى.

2. «خەننامە» نىڭ تۇنجى نۇسخىسى (982 - بەت، 1996 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى)، تەر-جىمە قىلغۇچىلار: چېن شىمىڭ، ئادىل ساقى، شېرىن قۇربان، ما تىڭجى، ئەبەيدۇللا باسىت، قاسىم ئارش، مۇھەددىن ۋېلىم، لى يۇڭ، خەمىت سۇلتان، خېۋىر تۆمۈر، ئابدۇللا تالىپ، ئابلەت نۇردۇن، ليۇ جىڭجيا. مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇۋەلى ئەلى، بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى نۇسخىسى (837 - بەت، 2012 - يىلى 4 - ئاي 2 - نەشرى)نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئابدۇ-خېلىل ئابدۇجېلىل.

3. «كېيىنكى خەننامە»نىڭ تۇنجى نۇسخىسى (702 - بەت، 1996 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەش-

رى)، تەرجىمە قىلغۇچىلار: قاسىم ئارش، ياسىن ئەيسا، ئابدۇللا تالىپ، بەختىيار، ئىسمائىل مەڭلىك، مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇۋەلى ئەلى، بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى نۇسخىسى (643 ـ بەت، 2012 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ نەشرى)نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئابدۇخېلىل ئابدۇجېلىل.

4. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ تۇنجى نۇسخىسى (592 ـ بەت، 2002 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى)، تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت نۇردۇن، مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇۋەلى ئەلى، بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى نۇسخىسى (543 ـ بەت، 2011 ـ يىلى 12 ـ ئاي 2 ـ نەشرى)، مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئابدۇخېلىل ئابدۇجېلىل.

5. «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى، جىننامە، سۇڭنامە»نىڭ تۇنجى نۇسخىسى (726 ـ بەت، 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى)، تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابدۇكېرىم ھاشىم، چېن يۈگۈي، ئىسمائىل مەڭلىك، خۇيى، رازاق مەتنىياز، مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇۋەلى ئەلى، بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى نۇسخىسى (677 ـ بەت، 2011 ـ يىلى 12 ـ ئاي 2 ـ نەشرى)، مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئابدۇخېلىل ئابدۇجېلىل.

6. «‹24 تارىخ› تىكى جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت غەربىي يۇرت تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ تۇنجى نۇسخىسى(950 ـ بەت، 2004 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى)؛ تەرجىمە قىلغۇچىلار: كېرەم ھاشىم، چېن يۈگۈي، ئىسمائىل مەڭلىك، جاڭ شىجۇڭ، ئابلەت نۇردۇن ، مەسئۇل مۇھەررىرى: ئالىمجان تاھىر. بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى نۇسخىسى «ۋېينامە، شىمالىي چىنامە، جۇنامە، سۈينامە» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنغان، (857 ـ بەت، 2012 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ نەشرى)، مەسئۇل مۇھەررىرى: ئالىمجان تاھىر.

7. «يېڭى تاڭنامە» نىڭ تۇنجى نۇسخىسى(1049 ـ بەت، 2010 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى)، تەرجىمە قىلغۇچى: ئىسمائىل مەڭلىك؛ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن شېرىپ، بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى نۇسخىسى (1047 ـ بەت، 2012 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ نەشرى) نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن شېرىپ.

8. «بەش دەۋر ۋە سۇڭ، لياۋ، جىن، يۈەن سۇلالىلىرى تارىخى» نىڭ تۇنجى نۇسخىسى(710 بەت، 2012 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى)، تەرجىمە قىلغۇچىلار: كېرەم ھاشىم، چېن يۈگۈي، ئابلەت نۇردۇن؛ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئالىمجان تاھىر.

9. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» نىڭ تۇنجى نۇسخىسى (697 ـ بەت، 2012 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى)، تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت نۇردۇن، مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇختار مامۇت. بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى نۇسخىسى (643 ـ بەت، 2012 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ نەشرى)نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئابدۇخېلىل ئابدۇجېلىل.

**(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى)**
**(تەھرىرلىگۈچى: يالقۇن روزى)**

# گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى

ئەخمەت مۆمىن تارىمى

تەخمىنەن مىلادىيە 744 ـ يىلى ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى هازىرقى موڭغولىيەدىكى ئۆتۈكەن تېغى باغرىنى مەركەز قىلىپ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. مىلادىيە 840 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەبىئىي ئاپەت، ئىچكى نىزا ۋە قىرغىزلارنىڭ هۇجۇمى تۈپەيلىدىن يىمىرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قىسمى جەنۇبقا ۋە غەربكە كۆچكەن، بىر قىسمى ئەسلىي ماكاندا قېلىپ كېيىنچە باشقا خەلقلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن. جەنۇبقا كۆچكەن تارمىقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا بېرىپ ئورۇنلاشقان ۋە كېيىنچە قوشنىلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، چېچىلىپ كەتكەن. غەربكە كۆچكەن بىر تارمىقى ئۇدۇل تۇرپان ـ بەشبالىق ئەتراپىغا كېلىپ، كېيىنچە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. يەنە بىر تارمىقى داۋاملىق غەربكە مېڭىپ، يەتتىسۇ ۋە سوياپ دەرياسى بويلىرىغىچە يېيىلىپ، قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغان. يەنە بىر تارمىقى هازىرقى گەنسۇ ئەتراپلىرىغا كېلىپ، جەنۇبقا كۆچكەندىن كېيىن چېچىلىپ كەتلەر ۋە بۇ يەرگە كەلگەن)، بۇ يەردە بۇرۇندىن ياشاپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىرى بىلەن جەم بولغان. ئۇلار دەسلەپتە تىبەتلەرنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا بولغان. كېيىن كۈچىيىپ، تەخمىنەن مىلادىيە 884 — 887 ـ يىللىرى گەنجۇ (هازىرقى گەنسۇنىڭ جاڭيې ئەتراپى)نى مەركەز قىلغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان، بۇ خانلىق كۈچەيگەن مەزگىللەردە زېمىنى شەرقتە هازىرقى گەنسۇدىكى تيەنشۈيگە، غەربتە قومۇلنىڭ شەرقىگە، شىمالدا هازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ غەربىگە، جەنۇبتا خېلەنشەن، چىلەنشەن تاغلىرىغا قەدەر يەتكەن[1]. 1036 ـ يىلى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان تاڭغۇت دۆلىتى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى تامامەن بويسۇندۇرغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىرقىسمى پاناھ ئىزدەپ دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى تەڭرى تېغىنىڭ ۋە ئالتۇنتاغنىڭ كۈنگەي ـ تەسكەي تەرەپلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا كۆچۈپ كەتكەن. يەنە بىرقىسمى چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى تىبەتلەرنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىگە قوشۇلغان ۋە تىبەتلەرگە بارا ـ بارا سىڭىپ كەتكەن (ئۇلارنىڭ پۇشتى هازىرمۇ ئۆزلىرىنى «خۇر» دەپ ئاتايدۇ). يەنە بىرقىسىم ئۇيغۇرلار تاڭغۇت دۆلىتىگە ئەل بولغان. ئومۇمەن خېشى رايونىغا كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۆز ئالدىغا هاكىمىيەت تىكلىگەندىن تارتىپ تاڭغۇتلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغانغا قەدەر گەنسۇ ئەتراپىدا 200 يىلغا يېقىن هۆكۈم سۈرگەن[2].

گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى جايلاشقان خېشى رايونى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق شارائىتى بار رايون بولۇپلا قالماستىن، خېلى يۇقىرى مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئىگە رايون ئىدى. ئۇلار خېشى كارىدورىدا ئولتۇراقلىشىپ، ئۇزاق مۇددەت خەنزۇ، تىبەت، تاڭغۇت قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن بىللە ياشىغاچقا، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش جەھەتلەردە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ۋە قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە پەرق كېلىپ چىققان.

**بىرىنچى، تىل ـ يېزىق**

ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ، دەسلەپتە تۈرك ـ رونىك يېزىقىنى ئىشلەتكەن. مىلادىيە

10 ـ ئەسىر ئەتىراپىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتىشكە باشلىغان. بۇ يېزىقنى قاراخانىيلار خانلىقى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىمۇ ئوخشاشلا قوللانغانىدى. بەزى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بۇ چاغدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى مىخ مەتبەئە ئىشلەتكەن بولۇپ، فىرانسىيەلىك پېللىئوت 1906 — 1909 ـ يىللىرى ھازىرقى دۇنخۇاڭ شەھىرىدىكى مەشھۇر بۇتخانىدىن دەل گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئىشلەتكەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن مىخ مەتبەئەنى تاپقان. يەنە بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ چاغدا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى خەنزۇ يېزىقىنى ئۇيغۇرچە يېزىق بىلەن ئوقۇيدىغان ئۇسۇلنىمۇ ئىجاد قىلغان[3]. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى تۈرك ـ رونىك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە سوغد يېزىقىنى قوللانغاندىن باشقا، يەنە تىبەت يېزىقىنى قوشۇمچە قوللانغان. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تىبەتچە ھۆججەتلەر گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا تىبەتلەرنىڭمۇ ۋەزىپە ئۆتىگەنلىكىنى ھەمدە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئۈچۈن تىبەت يېزىقىدا ھۆججەتلەرنى پۈتۈپ بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ[4].

گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى خەنزۇلار، تىبەتلەر بىلەن بىللە ياشاش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان بولۇپ، خەنزۇ ۋە تىبەت تىلىدىن بىر مۇنچە سۆزلەرنى قوبۇل قىلغان. كىرمە سۆزلەر ئىچىدە خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغانلىرى ئاز، تىبەت تىلىدىن قوبۇل قىلىنغانلىرى كۆپرەك بولغان[5].

**ئىككىنچى، دىن**

گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى دەسلەپتە بىر مەزگىل ئۆز ئەنئەنىسى بويىچە شامان دىنىغا ۋە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، مىلادىيە 10 — 11 ـ ئەسىرلەردە ئومۇميۈزلۈك بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شامان دىنى ۋە مانى دىنىدىن بۇددا دىنىغا ئۆتۈشى ئۇلارنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ۋە سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولسا كېرەك. چۈنكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە بۇ يېزىقتا يېزىلغان بۇددا نوملىرىنى ئالدى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدىن قوبۇل قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە 10 — 11 ـ ئەسىرلەردە سۇڭ سۇلالىسى بۇددا دىنى راۋاجلانغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، سۇڭ سۇلالىسىدىكى بۇددا دىنىنىڭ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا بولغان تەسىرىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. يەنە كېلىپ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيەسىدىكى دۇنخۇاڭ ئەينى زاماندىكى بۇددا دىنى مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىدى[6]. گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بۇ دىننى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاستىسى دەپ قاراپ، ئۆز پۇقرالىرى ئىچىدە بۇددا دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئىنتايىن ئاكتىپ بولغان. مىلادىيە 1007 ـ يىلى قاغان ئەلچى ئەۋەتىپ، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختىدە بىر بۇددا ئىبادەتخانىسىنى قۇرماقچى بولغان. يەنە بەزى تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، مىلادىيە 1068 ـ يىلى قاغان سۇڭ سۇلالىسىدىن ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغان «پراجىنا سۇترا» سىنى سېتىۋالغان. بۇ، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بۇددا دىنىنىڭ تارقالغانلىقىغا ئائىت مۇھىم بىر مەلۇمات ھېسابلىنىدۇ[7].

بۇ چاغدا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بىرمۇنچە بۇددا نوملىرىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. بۇ تەبىئىي ھالدا بۇددا دىنىنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تارقىلىشىنى تېزلەتكەن. 11 ـ ئەسىردىن كېيىن، بۇددا دىنى ئاخىر گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىغا ئومۇميۈزلۈك سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق دىنىغا ئايلانغان. ئۇيغۇرلار بۇرۇندىن ئېتىقات قىلىپ كەلگەن شامان دىنى بىلەن مانى دىنى ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان[8].

**ئۈچىنچى، سەنئەت**

گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىيا-

تىمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. 9 — 11 - ئەسىرلەر ئارىلىقىدىكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىقى، ھەيكەلتاراشلىقى ۋە رەسساملىقى (تام رەسىملىرى) نىڭ ئۇسلۇبىدا گىرېتسىيە، ھىندىستان، ئىران مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى سېزىلەرلىك بولۇپ، شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ دائىرىدە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ تۇرغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، غەرب بىلەن شەرقنى تۇتاشتۇرىدىغان يىپەك يولى گەنجۇ - دۇنخۇاڭدىن ئۆتىدىغان بولۇپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا بۇ يولنىڭ رولى بەك چوڭ بولغان[9].

**تۆتىنچى، شەھەر مەدەنىيىتى**

گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولغان خېشى كارىدورىدا بولغاچقا، تەۋەلىكىدە بازارلار ئاۋاتلىشىپ، شەھەرلەر گۈللەنگەن. يېزا ئىگىلىكىگە ئۆتكەن ئۇيغۇرلار ئۆي سېلىپ، مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان. پۇقرالار كېسەك ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان، ھۆكۈمران تەبىقىدىكىلەر بىنالىخانلىق سارايلاردا ئولتۇرىدىغان بولغان. ئۇلار خېشى كارىدورىنىڭ مەركىزىي رايونى بولغان شەندەن (山丹) دە چوڭ شەھەر بەرپا قىلغان. بۇ شەھەرنىڭ كۆلىمى 25 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شەھەر سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى 10 مېتىر، قاراغۇلارنىڭ ئېگىزلىكى 14 مېتىرغا يەتكەن. شەھەر پۈتۈنلەي ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى كونا پايتەختكە تەقلىد قىلىپ ياسالغان. ھەتتا، شۇ چاغدا چەت ئەلدىن كەلگەن سەيياھلار شەندەن شەھىرىنى كۆرۈپ خاتا ھالدا جۇڭگونىڭ پايتەختىگە كەلدۇق دەپمۇ قېلىشقان[10].

شەھەرلىشىشكە ئەگىشىپ ھەم باشقا مىللەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىنىش - ياسىنىش، قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادىتىدىمۇ ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىكى مەزگىلدىكىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئەمەلدارلار قاغاننىڭ ئالدىغا كىرگەندە، باش كىيىملىرىنى ئېلىۋېتىپ، چاچلىرىنى قويۇۋېتىدىغان بولغان. بۇ ھەقتە تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ «ۋەزىرلىرى، تۇتۇقبەگلىرى قاغان بىلەن كۆرۈشكەندە، باش كىيىمىنى ئېلىۋېتىپ يالاڭباش بولۇپ، چېچى چۇۋۇلغان ھالدا كىرىشى كېرەك، بۇ ئۇلارنىڭ قائىدىسى»[11]. بۇنداق قائىدە قاراخانىيلار خانلىقى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان. ئاياللار چاچلىرىنى بەش - ئالتە سۇڭ ئېگىزلىكتە تۇرۇۋالىدىغان، تۇرۇلگەن چاچلىرىنى قىزىل لىنتا بىلەن چىگىۋالىدىغان، قىز ياتلىق بولغاندىن كېيىن كۇلا كىيىدىغان بولغان. بۇ ھەقتە تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئاياللار ھەمىشە چېچىنى تۈگۈۋالىدۇ، ئېگىزلىكى بەش - ئالتە سۇڭ كېلىدۇ، قىزىل شەلپەر بىلەن ئورىۋالىدۇ. ياتلىق بولغانلىرى كىگىز قالپاق كىيىدۇ»[12]. بۇنداق كىيىنىشمۇ قاراخانىيلار خانلىقى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان (بۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى تام رەسىملىرىدىمۇ ئۇچرىمايدۇ). بۇ ئادەملەرنىڭ ئىزلىرىنى كېيىنكى چاغلاردىكى سارىغ ئۇيغۇرلار — يۇغۇرلار ( گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى)دىن تاپقىلى بولىدۇ.

گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى توي ئىشلىرىدا ئاتنى تويلۇق قىلغان، ئاتنى تويلۇق قىلىش ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىدىن قالغان ئادەت بولۇپ، بۇ ئادەتكە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋارىسلىق قىلغان. لېكىن، قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا بۇنداق ئادەت ناھايىتى سۇس بولغان. بۇ ھەقتە تارىخنامىلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «زۇيسلو (تىبەتلەرنىڭ زوڭگې قەبىلىسىنىڭ باشلىقى) ئۇيغۇر قاغانىنىڭ قىزىنى ئالماقچى بولغان، لېكىن تويلۇق مېلى بولمىغاچقا، قاغان رۇخسەت قىلمىغان، شۇ سەۋەبتىن ئىككى تەرەپ دۈشمەنلىشىپ كەتكەن»[13]. زۇيسلو ئەسلىدە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن ناھايىتى دوستانە مۇناسىۋەتتە ئۆتكەن بولۇپ، تويلۇق مەسىلىسى سەۋەبىدىن دوستلۇقى دۈشمەنلىككە ئۆزگەرگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قارىشىدا، تويلۇق نوقۇل مال - مۈ-

لۇك مەسلىسىلا بولماي، بەلكى ئۆزلىرىگە ھۆرمەت قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقىنىڭ بىر خىل ئىدىيادىسى بولغان. كېيىنكى چاغدا سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مۇرەسسە قىلىشى بىلەن زۇيسىلونىڭ يەنە بىر سەردارى لىزۇن 100 ئاتنى تويلۇق سېلىپ، زەنپۇ (تىبەت تىلىدا «خان» دېگەن بولىدۇ) نىڭ شاھزادىسىنى ئۆيلەش تەلىپىنى قويغان، «شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ قايتىدىن يارىشىپ قۇدا بولۇشقان»[14].

يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۇرلۇك ئەھۋاللار شۇنى چۈشەندۇرىدۇكى، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ۋە قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى گەرچە ئوخشاش بىر مىللەتتىن بولسىمۇ، لېكىن ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات يولىغا قاراپ ماڭغان، بۇ ئۇلارنىڭ كېيىنكى تارىخىي مۇساپىسىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.


**ئىزاھ:**

① ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، بىرىنچى قىسىم 2 ـ كىتاب، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىلى 10 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

② تۆمۇر: «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى»، 29 ـ 30 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2012 ـ يىلى 10 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

③ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى 571 ـــ 597 ـ بەتلەر.

④⑤ لىن گەن، گاۋ زىخۇ يازغان، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑥⑦⑧ ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» بىرىنچى قىسىم 1 ـ كىتاب 163 ـــ 168 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىلى 10 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑨ قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى تۇزگەن، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان: «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑩ تۆمۇر: «يۇغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1999 ـ يىلى 7 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.

⑪⑫ ئوۋياڭ شيۇ: «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» يات قوۋملارغا دائىر قوشۇمچىلار 3 ـ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑬ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 91 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1977 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑭ «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» ۋاسساللار 4 ـ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1957 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.



(ئاپتور شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى)

**(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا)**

**(تەھرىرلىگۈچى: ئابلەت نۇردۇن)**

# «بىر پارچە سۈرەتنىڭ سىرى» توغرىسىدا

غازى ئەھمەد

«شىنجاڭ تارىخ - مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2012 - يىللىق ساندىن (ئومۇمىي 46 - سان) يالقۇن روزىنىڭ «بىر پارچە سۈرەتنىڭ سىرى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئوقۇدۇم. ماقالىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى مېنىڭ «ھاياتىمدىكى ئۆچمەس سۈرەتلەر» ناملىق ئەسلىمە كىتابىمدا بېرىلگەن «ئاپتورنىڭ دادىسى غۇلجىدا ــــ 1947 - يىلى» دەپ ئىزاھلانغان تارىخىي سۈرەتنىڭ «سىرى» ئىدىكەن. ئاپتور بۇ بىر پارچە سۈرەت ئۈستىدە توختىلىپ، بىر قىسىم شەخسلەر خاتا چۈشەندۈرۈلگەنلىكىنى، بىر ئادەمنىڭ ئالماشتۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ ھەم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت نۇرغۇن تارىخىي ۋەقە ھەمدە بىر بۆلەك شەخلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىپتۇ. ئۇ يەنە «غازى ئەھمەد ئەپەندى داڭلىق رەسسام سۈپىتىدە ھەممىگە ئايان بولسىمۇ، تارىخىي سۈرەتكە ئالاقىدار ئۇ. چۇردا سەۋەنلىكتىن ساقلانمىقى تەس... سەۋەنلىكنى تۈزىتىش، تارىخقا تۇتۇلغان پوزىتسىيە مەسىلىسى» دەپ توغرا ئېيتىپتۇ.

مەن تۆۋەندە «سىر» سۈپىتىدە مۇھاكىمە قىلىنغان مەزكۇر تارىخىي سۈرەت ئۈستىدە ئىزاھات بېرىپ، بۇ «سىر» نى يېشىشكە ھەمكارلاشماقچىمەن. ھەرقانداق تارىخىي خاراكتېرنى ئالغان ماتېرىيال (بۇنىڭ ئىچىدە سۈرەتمۇ بار) ئۆز پېتى ساقلىنىشى ۋە ئەينەن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئەقەللىي ئۇقۇم ئىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سۈرەتنىڭ ئىككى ۋارىيانتى بولۇش مەسىلىسىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئاۋۋال كىتابىمغا بېرىلگەن يەنە ئۈچ پارچە سۈرەتنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىغا قىسمەن تولۇقلاش ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنى توغرا تاپتىم.

بىرىنچىسى، 1957 - يىلى 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بىز شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگەندە چۈشكەن خاتىرە سۈرەت. ساۋاقدىشىمىز يۇنۇس ھاجى جىددىي ئىش بىلەن قومۇلغا كېتىپ قېلىپ، سۈرەتكە چۈشەلمىگەنىدى. كىتابىمنىڭ ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرىدە بۇ سۈرەت شۇ پېتى بېرىلگەنىدى (318 - بەت). كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى (200 - بەت) دە بۇ كوللېكتىپ سۈرەتكە يۇنۇس ھاجىنىڭ شۇ دەۋردىكى سۈرىتىدىن بىرنى كومپيۇتېردا تولۇقلاپ قويدۇم.

ئىككىنچىسى، رەسساملار كۇرسىدا چۈشكەن خاتىرە سۈرەت. 1981 - يىلى مەن شىنجاڭ رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپى رەسىم بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ئىدىم. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت رەسساملىرىنىڭ سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش نىيىتىدە، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، بايىنغولىن، قومۇل، تۇرپان، ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن 12 نەپەر كۇرسانتنى جەم قىلىپ، جۇڭگو گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى، مەشھۇر رەسسام چۈەن سەنشى ئۇستازنى دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلغانىدۇق. ئوقۇش تاماملاش خاتىرە رەسىمگە چۈشكەندە، كۇرسانت سۇپاخۇن ئەيسا يوق بولۇپ قېلىپ، سۈرەتكە چۈشەلمىگەن. بۇ سۈرەتكىمۇ ئۇنىڭ شۇ دەۋردىكى سۈرىتىدىن بىرنى تولۇقلاپ قويغانىدىم.

ئۈچىنچىسى، «مېنىڭ ئائىلەم» دېگەن سۈرەت (440 - بەت). بۇ سۈرەت ئۆيىمىزدە تارتىلغان

بولۇپ، چوڭ ئوغلۇمنىڭ قىزى گۈزەلنۇر يالقۇن بىلەن ئىككىنچى ئوغلۇمنىڭ قىزى ھەبىبە دول-
قۇن بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان بولغاچقا، بۇ سۈرەتتە يوق ئىدى. ئىككى نەۋرەمنىڭ سۈرەتتە يوق بولۇشى
كۆڭلۈمنى يېرىم قىلدى. نەتىجىدە بۇلارنىمۇ مەزكۇر سۈرەتكە قوشۇپ ئائىلە ئەزالىرىنى تولۇقلىغا-
نىدىم. ئەسلىدىكى سۈرەتتە يوقلارنى بۇنداق تولۇقلاش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى.

ئەسلىمە كىتابىمغا كىرگۈزۈلگەن «ئاپتورنىڭ دادىسى غۇلجىدا — 1947 - يىلى» دەپ
ئىزاھلانغان تارىخىي سۈرەتكە كەلسەك، بۇ سۈرەتنى شېرىپ خۇشتار ئەپەندى تەمىنلىگەن بولۇپ،
ئۇ كىشى سۈرەتتىكى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغان تۆت ئۆلىمانى يۈسۈپ قارىي
ھاجىم، ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم (دادام)، ئابدۇرېشىت ئەئلەم، ئوسمان داموللام دېگەنىدى. مەن تۆتىن-
چى كىشىنىڭ ئوسمان دامولللام ئىكەنلىكىدىن شۇبھىلەندىم. چۈنكى مەن ئۇ كىشىنى قەشقەردە
ئىككى قېتىم كۆرگەنىدىم. بىراق، 24 نەپەر قەشقەر ۋەكىلىنىڭ ئىچىدىكى 4 نەپەر دىنىي زاتنىڭ
ئىچىدە ئوسمان دامولللامنىڭ بارلىقىغا قىل سىغمايتتى. مېنىڭ كىتابىم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى
ياكى بۇ ئىنقىلابنىڭ قاتناشقۇچىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان كىتاب بولماستىن، ھاياتىمدىكى ئۆچ-
مەس سۈرەتلەر خاتىرىلەنگەن ئەسلىمە ئىدى. قولۇمدا قەشقەر ۋەكىللىرىنىڭ غۇلجىدا ئەخمەتجان
قاسىمى قاتارلىقلار بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرىتىدىن بىر قانچىسى بار بولۇپ، مەن بۇنىڭ ئىچىدىن
ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىر قەدەر كۆپ قاتناشقان، ئادەم سانى 70 تىن
ئاشىدىغان مۇشۇ رەسىمنى تاللىغانىدىم. بۇنىڭدىن مەقسىتىم، دادامنىڭ 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ
بېشىدىن تاكى ئۆلكە ئازاد بولغانغا قەدەر غۇلجىدا بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئىدى.

يالقۇن روزىنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە چۈشەنچە بېرىش
لازىملىقىنى ھېس قىلدىم. رەسىمنىڭ ئالدىنقى رەتتىكى 14 كىشىنىڭ كىملىكىنى چۈشەندۈرۈش
مۇنداق بولغان: قەشقەر ۋەكىللىرى ئىچىدىكى 4 نەپەر دىنىي زاتنى ئەلۋەتتە ئوبدان تونۇيتتىم. يا-
سىن خۇدابەردىنى ئۈرۈمچى شەھىرىگە باشلىق بولغان چېغىدىن باشلاپ تونۇيتتۇم. سەيپىدىن ئەزى-
زىنى 1945 - يىلىدىن باشلاپ تونۇيتتۇم. 1950 - يىلىنىڭ بېشىدا، ھويلىمىزنىڭ پىشايۋان ئاس-
تىدىكى گەجلەنگەن تامغا ماۋجۇشى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ پورترېتىنى كۆچۈرۈپ سىزغانى-
دىم. كېيىن بىر كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا سىزدىم. 1950 - يىلى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم
ئابباسوف، ئىسھاقبېك، دالىلقانلارغا قەشقەر ھېيتگاھ جامەئەسى ئىچىدە كاتتا نەزىر بەرگەنىدە،
بۇلارنىڭ رەسىمنى ئۇستازىم ئابدۇكېرىم مەمتىلى چوڭايتىپ سىزغان ئىكەن، بۇ پورترېتلار ھې-
يىتگاھ دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ۋادەككە چاپلانغانىدى. بۇ رەسىملەر ئۇ يەردە بىر قانچە كۈن
تۇرغاندا، قايتا - قايتا كۆرگەنىدىم. 1958 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر 174 پارچە فوتو
سۈرەت قولۇمغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەش-
رىياتى 1994 - يىلى نەشر قىلغان، جانابىل، فۇ ۋېن قاتارلىقلارنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە چىققان
«شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ناملىق سۈرەتلىك كىتابمۇ قولۇمدا بار ئىدى. 1958 - يىلى مەن
كۆرگەن 174 پارچە سۈرەتنىڭ ئىچىدە دادام قاتارلىقلار ئەخمەتجان قاسىمىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ
چۈشكەن سۈرەتتىن بىر قانچىسى بار ئىدى.

174 پارچە فوتو سۈرەتنىڭ قانداقچە مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا كەلسەك، 1958 -
يىلىنىڭ باشلىرىدا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن خىزمەتدىشى مىجىت قاسىم بىلەن مېنى ئىزدەپ
كەلدى. ئابدۇشۈكۈرنىڭ دېيىشىچە، سەيپىدىن ئەزىزى ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، «سىزگە مۇ-
ھىم بىر خىزمەتنى تاپشۇرماقچىمىز، سىز غۇلجىغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىنى

يېزىپ چىقىسىز» دەپتۇ. ئابدۇشۇكۇر بۇ ناھايىتى مۇشكۇل ئىش، مېنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا قوربىم يەتمەيدۇ» دېگەنىكەن. سەيپىدىن ئەزىزى: «ياق، ئۇنداق ئەمەس، سىز چوقۇم بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلالايسىز، سىزنىڭ قولىڭىزغا ھۆكۈمەت نامىدىن غۇلجىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا خەت يېزىپ بېرىمىز. ئۇلار سىزنى ئارخىپ ئىدارىسىدىكى بارلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ» دەپتۇ. بۇ چاغدا مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفمۇ بار ئىكەن. ئۇ كىشى: «بىز سىزگە بىر ماشىنا بىلەن شوپۇرمۇ ئاجرىتىمىز، سىز ئۆزىڭىز ئىشەنچ قىلىدىغان يەنە بىر كىشىنى بىللە ئېلىپ بېرىڭ» دېگەنىكەن. نەتىجىدە مىجىت قاسىم بىلەن ئىككىسى غۇلجىغا بارغانلىقىنى، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارنى ياخشى قوللىشى بىلەن ئاخىرى 12 بابلىق تارىخي كىتابنى يېزىپ چىققانلىقىنى، كىتابنى رەھبەرلەر كۆرۈپ تولۇقلاش پىكىرلىرىنى بەرگەندىن كېيىن قايتا غۇلجىغا بېرىپ، كىتابنىڭ ئاخىرقى ئارگىنالىنى تەييارلىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە: «بىزدە ئارخىپ ئىدارىسىدىن ئېلىپ كەلگەن 174 پارچە فوتو سۈرەت بار. سىز بۇ سۈرەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئاز دېگەندە ھەربىر بابقا بىر پارچىدىن قىستۇرما رەسىم سىزىپ چىقىسىز، بولسا 20 پارچە رەسىم سىزسىڭىز تېخى ياخشى» دېگەنىدى.

مەن «يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ئۈستىدە بولمىسام، كۆز بىلەن كۆرمىگەن ئىشلارنى سىزىش ئاسان ئەمەس» دېدىم. مىجىت قاسىم: «غازى ئەھمەد، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئابدۇشۇكۇر بۇ كىتابقا قانداق رەسىملەرنى سىزىش توغرىسىدا ئالدىبۇرۇن ئېنىق پىكىرگە كېلىپ بولدى، ئۇ سىزگە ياردەم بېرىدۇ» دەپ قوشۇمچە قىلدى. ئابدۇشۇكۇر: «سىز ئاۋۋال ماتېرىياللارنى كۆرۈڭ، شۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم سىزدە ئىلھام ئويغىنىدۇ» دېدى. شۇ كۈنىلا خىزمەتتىن چۈشكەندە ئابدۇشۇكۇر بىر سومكىنى كۆتۈرۈپ ئۆيۈمگە كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن سومكىدىن بىر چوڭ كانۋېرتنى چىقىرىپ ئۇنىڭدىكى فوتو سۈرەتلەرنى كۆرسەتتى. سۈرەتلەرنىڭ ئىچىدىكى تۆت پارچە سۈرەتنىڭ ئىچىدە دادامنىڭ سۈرىتىمۇ بار ئىكەن. دەرھال: «بۇ مېنىڭ دادام» دېدىم. ئۇ «بۇ ئارگىنالنى ئوقۇپ چىقىڭ!» دەپ لاكلانغان قەغەزگە يېزىلىپ، شاپىگرافتا بېسىلغان، 12 بابلىق ئارگىنالنى سومكىدىن چىقاردى. ئارگىنالنىڭ دەستىلەنگەندىكى قېلىنلىقى 10 سانتىمېتىردىن ئوشۇقراق كېلەتتى. مەن بۇنى كۆرۈپلا «بۇ خەتنى ساۋۇت تاش يېزىپتۇ» دېدىم. ساۋۇت تاشنىڭ خېتى ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. مەن سۈرەتلەر بىلەن ئارگىنالنى ئېلىپ قالدىم. ئابدۇشۇكۇر ماڭا: «بۇ سۈرەتلەرگە نومۇر قويۇلغان، تىزىملىك مەندە قالدى، سۈرەتلەردىن بىرەر پارچىسى يوقاپ كەتسە، بىز ھېسابىنى بېرەلمەيمىز. ئىككىنچى، سۈرەتلەر بىلەن ئارگىنالنى سىزدىن باشقا ھېچقانداق كىشى كۆرمەسلىكى كېرەك. بولمىسا باشقىلارمۇ كۆرۈپ باقايلى دەپ بېشىڭىزنى ئاغرىتىدۇ ۋە ھەتتا ئوغرىلىنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن» دەپ قويۇپ قايتتى. مەن ئالدى بىلەن بۇ سۈرەتلەرنى سىنچىلاپ كۆردۈم، ئارگىنالنى ئۇ يەردىن بۇ يەردىن كۆرۈپ باقماقچى ئىدىم، ئۇنداق بولمىدى، بېشىدىن ئىككى ـ ئۈچ بەتنى ئوقۇپ كىرىشىپلا كەتتىم. تۈنجى كۈنى تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغۇچە ئوقۇدۇم. بىرەر بەتنى تاشلاپ قويۇشقا رايىم يول قويمىدى. ئەتىسى بىز يەنە ئۇچراشتۇق، مەن ئابدۇشۇكۇرگە: «كېچىچە تۆت بابنى ئوقۇپ تۈگەتتىم، سىزنىشقا تەۋەككۈل قىلاي دەۋاتىمەن، مېنىڭ تەلىپىم ـــ كىتابنى سىز يازدىڭىز، قايسى بابقا قانداق رەسىمنى سىزىش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىڭىزنى ماڭا يىغىنچاق قىلىپ يېزىپ بېرىڭ» دېدىم. ئۇ «بولىدۇ» دېدى. ئەتىسى ئەتىگەندىلا 12 پارچە رەسىم ئۈچۈن بەزىلىرىگە بىر بەت، بەزىلىرىگە بىر يېرىم بەت تەۋسىيە پىكىرلىرى يېزىلغان قەغەزلەرنى ماڭا بەردى. مەن بۇ يەردە ئۇنىڭ «قەشقەردىكى نامايىش» ئۈچۈن يازغان پىكىرىنىلا دەپ ئۆتەي: «ئەنجان رەستىسى ئارقىلىق ھېيتگاھقا كىرىپلا جايىڭىزدا توختاپ، ھېيتگاھ جامەسى ئالدىدىكى مەيدانغا قارايسىز، ئۆستەڭبويى

تەرەپتىن سىز تۇرغان جايغا قاراپ نامايىشچىلار قوشۇنى كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار كۆتۈرۈلگەن لوزۇنكىغا «مەسئۇدنى رەئىس قىلمايمىز!» دېگەن خەت يېزىلغان. قوشۇننىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر ئادەم سول قولىدا بىر ۋاراق قەغەز، ئوڭ قولىنى مۇشتۇمى تۈگۈلگەن هالدا ئېگىز كۆتۈرۈپ شوئار توۋلاۋاتىدۇ. نامايىشچىلارنىڭ هەممىسى مۇشتۇمىنى ئېگىز كۆتۈرگەن. بىر قىغچى دېھقان ئېشەكلىرىنى بىر تەرەپكە هەيدەپ نامايىشچىلارغا يول بوشاتماقتا. ئارقا كۆرۈنۈشتە هېيتگاھ جامەئەسى، جامەئە دەرۋازىسى يېنىدىكى رىشاتكىغا ناهايىتى چوڭ قىلىپ بىر قولاقنىڭ رەسىمى سىزىلغان ئاق رەخت چاپلانغان. بۇ ‹پەخەس بولۇڭلار! ئاراڭلاردا ئىشپىيون بار› دېگەندىن بېشارەت. رىشاتكا ئالدىدىكى مەيدانغا قىڭغىر - سىڭغىر تىكلەنگەن سايىۋەنلەرنىڭ تېگىدە لەڭپۇڭچى، يايمىچى هۆپىگەرلەر بولۇپ، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ نامايىشچىلارغا قارىماقتا. يايمىچىنىڭ ئېگىز ساندۇقىنىڭ ئۈستىدە بىر ئادەم تەشۋىق ۋارىقىنى چاچماقتا. بەزىلەر ئېگىز سەكرەپ ۋاراقنى ئالسا، بەزىلەر يەردىن تېرىپ ئالماقتا. بەزىلەر ۋاراقنى ئۈستىگە ئۆرلىتىپ ئوقۇماقتا». شۇنىڭ بىلەن مەن ئابدۇشۇكۇر يازغان 12 پارچە رەسىم لايىھەسىگە ئاساسەن رەسىم سىزىشنى باشلاپ، سەككىز پارچىنى سىزىپ پۈتكۈزگەندىم.

ئەگەر «هاياتىمدىكى ئۆچمەس سۇرەتلەر» ناملىق كىتابىمنىڭ 340 - بېتىدىكى «ئۇشتۇمتۇت ئېچىلغان كۇرەش يىغىنى» نى داۋاملاشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، مۇنداق يېزىشىم كېرەك ئىدى: «يىغىن ئاخىرلىشىدىغان چاغدا رىياسەتچى XX: ‹مىجىت قاسىم! سەن ئابدۇشۇكۇرنىڭ كۇچىكى، ئەكسىيەتچى تارىخنى يېزىش جىنايىتىدە سېنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىڭ بار. مەسىلىلىرىڭنى دەرهال تاپشۇرۇشۇڭ كېرەك!... غازى ئەهمەد! سەن ئابدۇشۇكۇرگە چوقۇنۇپ، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل كىتابىغا قىستۇرما رەسىم سىزىش جىنايىتىنى ئۆتكۈزدۈڭ. سېنىڭ قولۇڭدا 174 پارچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر فوتو سۇرەت بار. بۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي تاپشۇرۇشۇڭ كېرەك!›»

بۇنداق كۈلپەت ئۇشتۇمتۇت هېلى ئۇنىڭ، هېلى بۇنىڭ بېشىغا كېلەتتى. هېلىقى XX نىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ، ئىچىمگە قورقۇنچ كىرىۋېلىپ، مېنى ئەنسىزلىك چىرمىۋالدى. ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا ئالدى بىلەن سۇرەتلەرنى سانىسام سۇرەتلەر تولۇق ئىكەن. ئۇنى نومۇرى بويىچە رەتلىدىم. دادامنىڭ سۇرىتى باردىن بىرەرنى ئېلىپ قېلىشقىمۇ جۇرئەت قىلالمىدىم. سەككىز كەسلەم چوڭلۇقتىكى قەغەزگە سىيدام سىزما شەكلى بىلەن سىزىلغان سەككىز پارچە رەسىمنى هەمدە ئابدۇشۇكۇر يازغان پىكىرلەرنى قوشۇپ يۆگەپ، يىپ بىلەن باغلاپ، 12 باب ئارگىنالنىمۇ ئۆز رېتى بىلەن سومكىغا سېلىپ، هېسامىدىن ئاكىغا (هېسامىدىن ئاكا تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، پۇتبول مەيدانىدا «بېك» ئورنىدا، «تانكا» دېگەن ئاتاق بىلەن تونۇلغان هۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىدى. شۇ كۇنلەردە ئۇ كىشىنى يىغىنغا كەلگەن - كەلمىگەنلەرنى تىزىملايدىغان يۇگۇر - يېتىم ئىشلارغا سالغان ئىكەن) تاپشۇرغانىدىم. ئۇ كىشى سومكىنى مېنىڭ قولىمدىن ئالماي، مېنى ئىككىنچى قەۋەتتىكى بىر ئىشخانىغا باشلاپ كىردى. ئۇ كىشى سۇرەت، رەسىم ۋە ئارگىناللارنى ساناپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ماڭا: «سەن قورقما، سەندە هېچقانداق گۇناھ يوق» دەپ تەسكىن بېرىپ قويدى. مەن بىر قانچە پارچە سۇرەتنىڭ ئىچىدىكى دادامنىڭ سۇرىتىنى كۆرسىتىپ: «ئەگەر مۇشۇ سۇرەتلەردىن بىر پارچىنى ساقلاپ قېلىشقا مۇمكىن بولسا ئىدى» دېسەم، هېسامىدىن ئاكا: «بۇنداق قىلىشقا هەرگىز بولمايدۇ، ئابدۇشۇكۇر بۇ سۇرەتلەرگە نومۇر قويۇپ، تىزىملاپ قويۇپتۇ ئەمەسمۇ» دەپ مېنى يولغا سالغانىدى.



ئەسلىي سۈرەت



ئەسلىمەمگە كىرگۈزۈلگەن سۈرەت

ئەمدى «سىر»لىق سۈرەتكە كەلسەم، كىتابىمغا كىرگۈزۈلگەن بۇ سۈرەتتە 70 دىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى. ئارقىدىكىلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان 14 كىشىنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بېكىتىشنى مۇھىم دەپ قارىدىم. بۇ مەسىلىدە يالغۇز شېرىپ خۇشتار ئاكىنىڭ پىكرى بىلەنلا چەكلەنسەم كۇپايە بولماس دەپ قاراپ، رەسىمنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى چوڭايتىپ، بىرىنچى بولۇپ غوجى ئەھمەد ئابلايوف ئاكىنى زىيارەت قىلدىم. ھەممىگە مەلۇم ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار ئايروپىلان ۋەقەسى بىلەن قازا قىلغاندىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېتنىڭ قايتا تەكلىپ قىلىشى بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى، ئالىمجان ھاكىموف، تۇجى قاتارلىق ئۈچ كىشى يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بارغاندا، ئابلايوف ئاكا ئۇلارغا كاتىپ بو-

لۇپ بىللە بارغان كىشى بولىدۇ. ئابلايوف ئاكا ئوغلى جۇرئەتكە: «ھېلىقى سۈرەتلىك كىتابنى ئېلىپ چىق» دېگەنىدى، جۇرئەت «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ناملىق 1994 - يىلى «شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت نەشرىياتى» نەشر قىلغان سۈرەتلىك كىتابنى ئېلىپ چىقتى. ئابلايوف ئاكا ئاۋۋال مەن ئېلىپ بارغان سۈرەتنى كۆردى. كېيىن قولىدىكى كىتابنى ئېچىپ سېلىشتۇردى ھەمدە ماڭا «بۇ ناھايىتى مۇھىم كىتاب. بەزىدە مەن بۇ كىتابنى ۋاراقلاپ شۇ كۈنلەرنى ئەسلەيمەن. بۇ كىتابنى سىلى كۆرگەنمۇ؟» دېدى. مەن: «بۇ كىتاب نەشر قىلىنغاندىن تارتىپ مەندە بار» دېدىم. ئاندىن ئۇ لوپا ئەينەكنى قولىغا ئېلىپ سۈرەتكە قاراپ سولدىن ئوڭغا «1 - كىشى ئوسمان داموللام، 2 - كىشى ئابدۇرېشىت ئەئلەم، 3 - كىشى دادىلىرى ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم، 4 - كىشى يۈسۈپ قارى ھاجىم، 5 - كىشى ئەخمەت ئەپەندىم، 6 - كىشى ئىسھاقبېك، 7 - كىشى سەيپىدىن-كام، 8 - كىشى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، 9 - كىشى غېنى باتۇر، 10 -، 11 - كىشىنى تونۇيالمى-دىم، 12 - كىشى شاياخۇن شىيەنجاڭ، (ياسىن خۇدابەردىنىڭ ئاكىسى ياكى نەۋرە ئاكىسى)، 13 - كىشى رەشىت بابا، ئەنۋەر خانبابا جەمەتىدىن بولۇپ، شۇ چاغدا ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يەنى بىزنىڭ باشلىقىمىز ئىدى، مەن ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلەيتتىم. رەشىت بابانى ياخشى تونۇيمەن. 14 - كىشى ياسىن خۇدابەردى» دېدى. مەن بۇ ئۆيدىن چىقىپ، ئۇدۇلدىكى ئۆيگە كىرىپ ئىسمائىل ياسىنوفنى زىيارەت قىلدىم. ئۇ كىشى كۆز ئەينىكىنى تاقاپ ئۆينىڭ يورۇق يېرىگە كېلىپ سۈرەتنى كۆرۈپ: «مەن ئىسمائىل ھېۋزۇللايوفلار بىللە ئوقۇتقۇچى ئىدىم، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمى-غان. سەيپۇللايوف ھايات چاغدا شۇ كىشىگە تونۇتقان بولسىڭىز بولاتتى. بۇ سۈرەتنى ئابلايوف كۆر-دىمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن ئابلايوف ئاكىنىڭ كۆرگەنلىكىنى ھەم نېمە دېگەنلىكىنى دېسەم، «شۇنىڭ دېگىنى توغرا، ماھىنۇر ھازىر ئۆيدە يوق، ئاڭلىسام بېيجىڭغا كېتىپتۇ، شۇمۇ كۆرۈپ باقسۇن» دېدى. ساۋاقدىشىم قاسىم مېنى مۇزەپپەر ئاكىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئۇ كىشى ئەھۋالدىن خە-ۋەر تېپىپ: «سىز ياخشى ئىش قىپسىز، تارىخىي سۈرەتتىكى ئادەملەرنى توغرا ئېنىقلىمىسا بول-مايدۇ. كىشىلەر رىزۋانگۈل توغرىسىدا ماقالە يېزىپ، ھەربىيچە جۇۋا، بېشىغا قىشلىق قۇلاقچە كىيگەن سەككىز قىز جەڭچىنىڭ ئىچىدىكى ئەمەس بىرىنى رىزۋانگۈل دېيىشتى. رىزۋانگۈل بىر چۈپ ئىدى. بىرى ھازىرمۇ بار (مەمتىمىن يۈسۈپنىڭ ئايالى). بۇ ئايال بۇ سۈرەتلەرنى كۆرمىدىمۇ ياكى سۈكۈت قىلدىمۇ؟ بۇ توغرىدا ھېچنەرسە دېمىدى. مەن ھەقىقىي رىزۋانگۈلنى يېقىندا ئېلان قىلىمەن» دەپ ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىپ، ئاندىن ئابلايوف تونۇيالمىغان بۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرى (10 - كىشى) ئەنۋەر مۇسابايوف، ئۇ ئەينى چاغدا مالىيە نازىرى ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن مالىيە نازارىتىگە مۇئاۋىن نازىر بولغان. كېيىن تاشكەنتكە چىقىپ كەتكەن. يەنە بىرى (11 - كىشى) ئو-بۇلخەيرى تۆرە دېدى. ئاخىرىدا: «ئابلايوفنىڭ دېگىنىنى ئاساس قىلىپ يازسىڭىز بولىدۇ» دېدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مەمەت قادىرنىڭ ئۆيىگە بارسام ئۇ كىشى بالنىستتا ئىكەن. يوقلىغاچ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىدىن تاپتىم. ئۇ كىشى «مېنىڭ يېشىم چوڭ، كۆزۈم بەكلا ناچار. بۇ سۈرەتلەرنى پەرق قىلالمىدىم» دېدى. داۋۇت ساتتارنىڭ ئۆيىگە بارسام، ئۇ كىشى مېنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىمىغانغا قويماي مېھمان قىلدى. سۈرەتنى كۆرۈپ «مېنىڭچە ئابلايوفنىڭ دېگە-نى بويىچە يازسىڭىز بولىۋېرىدۇ. بەزىلىرىنى مەنمۇ تازا پەرق قىلالمىدىم» دېدى. ئاخىردا قەشقەر-دىن بارغان 24 ۋەكىلنىڭ بىردىن بىر ھايات قالغىنى مەمەت ھەسەن (قىرغىز) نى زىيارەت قىل-دىم. ئۇ كىشى مېنى قەيەردە كۆرسە، قۇچاقلاپ باشقىلارغا ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى ئەھمەد قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئوغلى دەپ تونۇشتۇراتتى، ئۇ كىشى سۈرەتنى كۆرۈپ: «ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كىشى ئىسھاقبېك مونونوف، بۇ ئورۇن چوقۇم شۇ كىشىنىڭ ئورنى، ئۇ دېگەن باش قو-

ماندان، يېشىمۇ باشقىلاردىن چوڭ ئىدى. مەن شۇ كىشىنىڭ قول ئاستىدا خوجىلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن ئىدىم. ئىسھاقبېك دەپ يازسىڭىز بولىدۇ. 24 نەپەر كېڭەش ئەزاسى ئىچىدە مېنىڭ يېشىم ئەڭ كىچىك، دادىڭىزنىڭ يېشى ئەڭ چوڭ ئىدى» دېدى. مەن قانداقلىكى ئۆيگە بارسام، شوپۇرنى سىرتىدا قالدۇرۇپ قويماي ئۆيگە بىللە ئېلىپ كىرىدىغان ئادىتىم بار. ھەممە ئۆيگە بارغاندا ئابلىمىت مەن بىلەن بىللە ئىدى.

مەن يۇقىرىدىكى تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن 14 نەپەر كىشىنىڭ ئىسىملىكىنى شۇ بويىچە يازغانىدىم.

سولدىن 1 ـ كىشىنىڭ ئوسمان داموللام ئىكەنلىكىدىن شۇبھىلەنگەن تۇرۇقلۇق (ئەسلىي سۈرەتتىكى)، شېرىپ خۇشتار ئاكا بىلەن ئابلايوف ئاكىنىڭ «مۇشۇ كىشى ئوسمان داموللام» دېگەن سۆزلىرىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا، ئوسمان داموللامنىڭ باشقا بىر سۈرەتتىكى ئېنىقراق سۈرىتىنى ئالماشتۇرۇپ ئەسلىمە كىتابىمغا كىرگۈزۈپ قويغانىدىم. يالقۇن روزى بۇنى بايقاپ قاپتۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل ئالماشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى ئۈچ قېتىملىق سۈرەت تولۇقلاش بىلەن ماھىيەت جەھەتتە ئوخشىمايدىغانلىقى ئېنىق. گەرچە مەندە بۇ مەسىلىدە ناتوغرا غەرەز يوق بولسىمۇ (ئوسمان داموللام مېنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقىنىم ياكى ئۇستازىم ئەمەس)، شۇنداقتىمۇ بۇ بىر خاتالىق. ساۋاق ئېلىشقا تېگىشلىك سەۋەنلىك دەپ قارايمەن. مەن زىيارەت قىلغان كىشىلەر شۇ زاماندا خىزمەت قىلغان پېشقەدەملەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئېتىبار بىلەن قارىغانىدىم.

يالقۇن روزىغا ئىككى بەتلىك خەت بىلەن سۈرەتنى ئەۋەتكەن، ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان قورغاسلىق نامەلۇم كىشىنىڭ 14 كىشى توغرۇلۇق يازغان تىزىملىكىدە، قەشقەردىن كەلگەن ئۈچ ئۆلىمانى تونۇمايدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئەمەس ئادەملەرنى يېزىپ قويۇپتۇ. ھەتتا نەچچە يىل سۈيدۈك ناھىيەسىدە قازى بولۇپ تۇرغان ئابدۇرېشىت ئەئلەمنىمۇ خاتا يېزىپتۇ. ئامانۇرى ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنىڭ كىتابىدا تۆت نەپەر دىنىي زاتنى «يۇرت مۆتىۋەرلىرى» دەپ يېزىپتۇ. بۇ سۆز ھەرگىزمۇ قەشقەر ۋەكىللىرى ئىچىدىكى مۆتىۋەرلەر دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرمەيدۇ.

يالقۇن روزى ماقالىسىدە «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ناملىق كىتابتىكى 111 ـ سۈرەت توغرىسىدا: «1 ـ رەت ئوڭ تەرەپتىن 1 ـ كىشى رەھىمجان سابىر ھاجى، 2 ـ كىشى يۈسۈپ قارى ھاجىم، (3 ـ كىشىنى ئىزاھلىمىغان) 4 ـ كىشى، يەنى ئاق رەڭلىك تون كىيگەن كىشى ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم، 5 ـ كىشى ئەخمەتجان قاسىمى» دەپ يېزىپتۇ. سۈرەتتىكى 4 ـ كىشى يەنى ئاق رەڭلىك تون كىيگەن كىشى مېنىڭ دادام ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم ئەمەس. بەلكى ئوسمان داموللامدۇر. كېرەك يوق، يالقۇن روزى دادامنى كۆرمىگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈرەت تۇتۇق بولغاچقا خاتا يېزىپ قالغان ئوخشايدۇ. مەزكۇر 3 ـ كىشى دەل مېنىڭ دادام ئىدى. تۆت نەپەر دىنىي ئۆلىما ئىچىدە دادامنىڭ بويى ئەڭ پاكار، ۋىجىك، جاغدا ئادەم بولۇپ، 80 — 90 ياشلاردىمۇ ساقال ـ بۇرۇتى ئاپئاق ئەمەس چارساقال ئىدى. دادامنى تونۇش مەسىلىسىدە مېنىڭ دېگىنىم ھېساب بولۇشى لازىم.

يالقۇن روزى ماقالىسىدە: «غازى ئەھمەد ئەپەندى... بۇ 24 ۋەكىل ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپدارلىرى بولغاچقا، ئۆلكىلىك گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ‹بۇ 24 ۋەكىل قەشقەرگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، بىز بۇلارنى ۋەكىل دەپ ئېتىراپ قىلمايمىز› دەپ كېڭەشكە قاتناشتۇرمىغانلىقتىن، كېيىن ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم، بەشكېرەملىك ئوسمان داموللام، يۈسۈپ قارى ھاجىم، يېڭى شەھەرلىك ئابدۇرېشىت ئەئلەم تۆتەيلەن ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىللە ئايروپىلاندا غۇلجىغا كەتكەن. بۇ تارىخىي



دادام غۇلجىدا («ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ناملىق سۈرەتلىك كىتابتىكى 111 ـ سۈرەت). ئوڭدىن سولغا 2 ـ كىشى يۈسۈپ قارىي ھاجىم، 3 ـ كىشى ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم (دادام)، 4 ـ كىشى ئوسمان داموللام، 5 ـ كىشى ئەخمەتجان قاسىمى.



دادام غۇلجىدا (ھازىرغىچە مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان سۈرەت) ئوڭدىن سولغا 1 ـ كىشى مەمەت ھەسەن (قىر-غىز)، 2 ـ كىشى خەلپەت سۈزۈك ھاجى، 3 ـ كىشى تېيىپ ھاجى، 4 ـ كىشى ئابدۇرەشىد ئەئلەم، 5 ـ كىشى ئەخمەتجان قاسىمى، 6 ـ كىشى ئوسمان داموللام، 7 ـ كىشى ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم (دادام).

سۈرەتنىڭ ئاشۇ قېتىمقى غۇلجا سەپىرىنىڭ خاتىرىسى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان» دەپ ئومۇملاشتۇرۇپ يېزىپتۇ. ئەپسۇس، يۇقىرىدا ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلغان سۆز مېنىڭ كىتابىمغا يېزىلغىنى بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتابىمنىڭ 59 - بېتىنى ئوقۇپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. كىتابىمدا باشقىلارنىڭ بىزگە ئۇچۇر بەرگەنلىكىنىلا يازغانىدىم. يالقۇن روزى يازغاندەك «قەيت» قىلمىغان ئىدىم. «چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» دا: «1947 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن غۇلجىغا قايتتى» دەپ يېزىلغان. «ئەخمەتجان قاسىمى تۆتەيلەن (قەشقەرلىك تۆت ئۆلىما) بىلەن بىللە غۇلجىغا قايتتى» دېگەن سۆز يوق.

ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن ۋەكىل زادى كىملەر ئىدى؟ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈندىكى سانىنىڭ 3 - بېتىدە مۇنداق يېزىلغان:

**قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى يېتىپ كەلدى**

> *(شەھەر خەۋىرى) قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى 25 - ئاپرېل (شەنبە كۈنى) ئابدۇراخمان روزى ھاجىم باشچىلىقىدا ساق - سالامەت شەھىرىمىزگە يېتىپ كەلدى.*
>
> *قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەربىر ناھىيەلىرىدىن كەلگەن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى: قەشقەر كونا شەھەردىن ئوسمان داموللام، ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم، خەلپەت سۇزۇك ھاجىم، سىدىق مۇسا، يۇسۇپ قارىي ھاجىم، قەشقەر يېڭى شەھەردىن ئەھمەد خۇيجاڭ، تۇردى ئىبراھىم، ئابدۇرېشىت ئەئلەم ئاخۇنۇم؛ ئاتۇشتىن ئەسئەت ياقۇپ؛ ئۇلۇغچاتتىن مۇھەممەد ھەسەن، مۇھەممەد تۇرسۇن؛ پەيزىۋاتتىن ئابدۇكېرىم ھاشىم، نىغمەت ئەشرەپ، ئابدۇلئەزىز نىياز؛ يوپۇرغىدىن ئابدۇراخمان قارىي ھاجى، سوپى سالى؛ مارالبېشىدىن مۇساسايىت، ئابدۇرېھىم لېتىپ، ئىسمائىل ئىبراھىم؛ تاشقورغاندىن سىدىقخان غوجام، قۇربان دۆلەت؛ يېڭىسارىدىن روزى ئايۇپ، ئىمىر باقى، ئىبراھىم ئىسمائىل.*
>
> *كېڭەش خىزمەتچىلىرى: مۇھەممەد قارىي، نۇرغازى، مىجىت ھېلىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت 29 كىشى كەلگەن.*

يالقۇن روزى سۈرەتتىكى 9 - كىشىنى «قورغاستىن كەلگەن خەتتە بولسۇن، مەيلى غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ ئىزاھلىشىدا بولسۇن، ئەمەس كىشىنى غېنى باتۇر دەپ بېكىتىشى كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان بىر مەسىلە» دەپ يازغان. ئەمەلىيەتتە بۇ بەك ئويلىنىپ كەتكۈدەك مەسىلىمۇ ئەمەس.

مەن سۈرەتتىكى 9 - كىشىنى ھەرگىزمۇ يالقۇن روزى ئېيتقاندەك ئۇنىڭ باشقىلاردىن ئالاھىدە ئېگىز ئىكەنلىكىگىلا قاراپ ئەمەس، بەلكى بويىنىڭ ئالاھىدە ئېگىزلىكىدىن باشقا چىرايى، يەنى قاش، كۆز، بۇرۇن، بولۇپمۇ بۇرۇنىنىڭ تۆشۈكى (ئادەملەرنىڭ بۇرنىنىڭ تۆشۈكى، بىر - بىرىگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ)، ئېغىز، قۇلاق قاتارلىق بەش ئەزاسىنى ئۇنىڭ باشقا سۈرەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئاندىن ئىزاھلىغان ئىدىم. بۇ كۈنلەردە غېنى باتۇر 46 ياش ئىدى. يالقۇن روزىنىڭ سېلىشتۇرۇش كۆرسەتمىسىنى، ئۇ كىشىنىڭ ياشانغان ۋاقىتلىرى، تۇرسۇن رەھىموف بىلەن مۇرات

ھەمرايوف غېنى باتۇرنىڭ كېسلىنى يوقلىغان ۋاقتىدا ئۇ 80 ياشلاردا ئىكەن. ئىنسان قېرىغانسې-
ىرى ئۇنىڭ چىرايىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. يالقۇن روزى سېلىشتۇرغان ①②③④ سۈرەتلەردە بۇ-
رۇننىڭ شەكلى، بۇرۇننىڭ تۆشۈكى ئوخشاشلا چوڭ، ئادەم قېرىسا، كۆزى، ئاغزى، يۈزى ئۆزگەر-
سىمۇ بۇرنىدا ئۆزگۈرۈش بولمايدۇ. ② سۈرەتتىكى كۆزلىرى چەكچەيگەن كۆرۈنۈشتە، قېشى بىلەن
بۇرۇننىڭ تۆشۈكى ④ سۈرەت بىلەن ئوپمۇئوخشاش تۇرمامدۇ؟ شۇڭا يالقۇن روزىنىڭ ①②③
سۈرەتلەرگە سېلىشتۇرۇپ ④ سۈرەتتىكى كىشىنى «غېنى باتۇر ئەمەس» دېگەن قارىشىغا قوشۇلماي-
مەن. بەزىلەر بۇرۇننىڭ تۆشۈكى شۇنچە مۇھىممۇ؟ دېيىشى مۇمكىن. بۇ رەسساملار ئۈچۈن ناھايىتى
مۇھىم. بۇرۇننىڭ تۆشۈكى بۇرۇن شەكلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ بۇر-
نى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مەن باشتا يازغىنىمدەك ④ سۈرەتتىكى كىشىنى غېنى باتۇر دەپ
قارايمەن.

يالقۇن روزى ماقالىسىدا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەتكەن سۈرەتلەر


①


②


③


④

يالقۇن روزىنىڭ ماقالىسىدا غېنى باتۇرنىڭ «روھىي ھالىتى مەغرۇر» ئىكەنلىكىنى، «ئۇنىڭ ئاز
ئۇچرايدىغان ئاجايىپ خاراكتېرى»، «قېرى شىردەك مەغرۇر قىياپىتى، ئەزىمەتلەرگە خاس سۈس
كۈلكىسى، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان مەردانە روھىي ھالىتى» قاتارلىقلارنى ئەسكەرتىپ، ئۇنىڭ «غايىۋى
ئوبرازى» نى تونۇشتۇرۇپتۇ. ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغىنى، ياكى بىزنىڭ ئىزدىنىۋاتقىنىمىز
ئۇنىڭ «غايىۋى ئوبرازى» بولماستىن، بەلكى رېئال ئوبرازىدۇر. يالقۇن روزى يەنە ④ سۈرەتتىكى
كىشىنى «بۇ سۈرەتتىكى كىشىنى ياۋاش چىراي، روھسىز» دېگەن. غېنى باتۇرنىڭ ھەمىشە ھەربىي
فورما كىيىپ غادىيىپ يۈرۈشى ناتايىن. ئۇ ھەربىي فورما كېيىپ، ئوردېنلىرىنى تاقاپ، ئولتۇرغا
چىققاندا، ھەربىي خىزمەت ئۈستىدە شۇنداق سۈرلۈك كۆرۈنۈشتە بولۇشى ئېھتىمال. بۇنداق يۇقىرى
دەرىجىلىك رەھبەرلەر بىلەن بىر سەپتە ئولتۇرۇپ، سۈرەتكە چۈشكەندە ئەلۋەتتە ئۇ قاپاقلىرىنى تۈ-
رۈپ، ھەيۋە بىلەن غادىيىۋالمايدۇ. بەلكى كەمتەر، ئىللىق چىراي ئولتۇرۇشى ئەقىلگە سىغىدۇ. ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە دائىم تۇماق كىيىپ يۈرۈشىدىن قارىغاندا، ئۇ ئەسلىي زاتىنى، دېھقان روھىنى ساق-
لىغان كىشى بولسا كېرەك. مەن قازاقىستانلىق رەسسام رۇسلان يۇسۇپ، ئارخېتېكتور شۆھرەت
يۇسۇپلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قازاقىستاننىڭ چېلەك رايونى غەيرەت يېزىسىدىكى ئىسمائىل ساتتار
نامىدىكى ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىش
ئۈچۈن بارغىچە يول ئۈستىدە يەنى قاش دېگەن جايدا غېنى باتۇرنىڭ ھەيكىلىنى كۆرگەنىدىم. ھەي-
كەل ئەتراپىدا ئاممۇۋى قەبرىستانلىقنى كۆرمىدىم. ھەيكەل رېئالىستىك ئۇسلۇبتا ياسالغان بولۇپ،
يالقۇن روزى ئىنكار قىلغان سۈرەتكە تامامەن ئوخشايتتى. بىز بۇ مەسىلىدە ھېسسىياتقا بېرىلمەي،

سوغۇق قانلىق بىلەن پىكىر قىلساق بولىدۇ. ئەگەر بۇ كىشىنى غېنى باتۇر ئەمەس دېسەك، مۇشۇ سەپتە، مۇشۇ ئورۇندا كىم ئولتۇرۇشى مۇمكىن دېگەننىمۇ ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. ھېلىقى قورغاستىن خەت، سۈرەت ئەۋەتكەن نامەلۇم كىشىنىڭ دادىسى، سۈرەت ئۈستىدە شۇ دەۋردە قوللىنىۋاتقان يېزىقتا «ش. ت (شەرقىي تۈركىستان مەنىسىدە) ئىنقىلاپچىل ياشلار تەشكىلادى مەركىزى كومىتتىدىن» دەپ يازغان پوچۇركىسىغا قارىغاندا، شۇ دەۋردە سۈيدۈكتە (قورغاستا) بەلگىلىك تەسىرى بار كىشى بولسا كېرەك. ئۇ كىشىنىڭ قەشقەر ۋەكىللىرىنى تونۇمىغان تەقدىردىمۇ، غېنى باتۇرنى تونۇماسلىقىغا ھەرگىز ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش لازىمكى، دادامىلار غۇلجىغا بارغان ۋاقىت «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇسى ئۈچ ۋىلايەتتە ئاللىبۇرۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان چاغلار ئىدى.

مەن مەمەت ھەسەن ۋە باشقا پېشقەدەملەر «ئىسھاقبېك» دېگەن كىشىنىڭ يالقۇن روزى ئېيتقاندەك رەھىمجان سابىر ھاجى ئىككەنلىكىنى سۈرەتلىك كىتابنى قايتىدىن كۆرۈپ توغرا تاپتىم.

ئەنۋەر مۇسابايېفنى تالاش - تارتىش قىلىش ھاجەت ئەمەس دەپ قارايمەن. بۇ كىشىنىڭ بىرقانچە پارچە سۈرىتى بار. بىر - بىرىگە كارامەت ئوخشايدۇ. مۇزەپپەر ئاكىمۇ ئىككىلەنمەيلا ئەنۋەر مۇسابايېف دېگەنىدى. مېنىڭچە ئوبۇلخەيرى تۆرىنىڭ سۈرىتىدە گۇمان بار. مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا پەقەت دادام ئەھمەد قازى ئاخۇنۇمنىڭ مۇشۇ سۈرەت ئىچىدە بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇھىم مەقسەتتۇر.

«بىر پارچە سۈرەتنىڭ سىرى» دېيىلىپ مۇھاكىمىگە سەۋەب بولغان ئەسلىي سۈرەتتىكى كىشىلەرنى يەنى ئالدىنقى رەتتىكى 14 كىشىنى مەن تۆۋەندىكىلەر دەپ قارايمەن: سولدىن ئوڭغا 1 - كىشى ئېنىق ئەمەس، 2 - كىشى ئابدۇرېشىت ئەئلەم، 3 - كىشى ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم (دادام)، 4 - كىشى يۈسۈپ قارىي ھاجىم، 5 - كىشى ئەخمەتجان قاسىمى، 6 - كىشى رەھىمجان سابىر ھاجى، 7 - كىشى سەيپىدىن ئەزىزى، 8 - كىشى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، 9 - كىشى غېنى باتۇر، 10 - كىشى ئەنۋەر مۇسابايېف، 11 - كىشى ئېنىق ئەمەس، 12 - كىشى شاياخۇن شيەنجاڭ، 13 - كىشى رەشىت بابا (ئۆزبېك)، 14 - كىشى ياسىن خۇدابەردى (جەمئىي 71 كىشى).

يالقۇن روزى ماقالىسىدە مېنىڭ ئەسلىمە كىتابىمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئالاھىدە تەرىپلەپتۇ، ھەمدە دادامنىڭ سۈرەتلەردە ھۆرمەتلىك مېھمان سۈپىتىدە ئالدىنقى رەتتىن ئورۇن ئالغانلىقىنىمۇ يېزىپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن يالقۇن روزىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

يالقۇن روزى كىتابىم ئىچىدىكى بىر پارچە سۈرەتنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ، بۇ سۈرەتنىڭ چىنلىقىدا ھەم ئىزاھاتىدا مەسىلە بارلىقىنى بايقاپ ئۆز پىكرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ئۇنىڭ تارىخىي سۈرەتلەردىكى تارىخىي شەخسلەرنى توغرا تونۇش، بۇ جەھەتتە ئەستايىدىل بولۇش تەشەببۇسىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يۇقىرىدىكى ئىزاھاتلارنى يازدىم.

2013 - يىلى مارت، ئۈرۈمچى

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پېنسيونېرى)
(تەھرىرلىگۈچى: ئوسمان ئىسمائىل تارىم)

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى

توققۇزتارا ناھىيەسى كۈنەس دەرياسى بىلەن تېكەس دەرياسى قوشۇلغاندىن كېيىنكى شەكىللەنگەن ئىلى دەرياسى يۇقىرى ئېقىنىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا، تەڭرىتاغلىرىنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئۆچكىلىك تاغلىرىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان ئىستراتېگىيەلىك ئورنى مۇھىم، تارىخى بىر قەدەر ئۇزاق، مەدەنىيەت تىپى گەۋدىلىك، قەدىمدىن بۇيان ئىنسانلارنى ياشاش مۇھىتى بىلەن تەمىن ئېتىپ كېلىۋاتقان ئانا ماكانلارنىڭ بىرى. ئۇ ئىلى دەرياسى يۇقىرى ئېقىنىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا، تېكەس دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ھاسىل قىلغان كېپىنەكسىمان ۋادىدا شەرقىي قىسمى ئېتىك، غەربىي قىسمى ئوچۇق ھالەتتە يېيىلىپ ياتىدۇ. بىر تەرىپى بىرىگە مىنگىشىپ كېتىۋاتقان چارۋىچىلاردەك كۆرۈنىدىغان تاغلارغا، يەنە بىر تەرىپى جىرامۇ - جىرا بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ، بارغانسېرى ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان تېكەس، ئىلى دەريالىرىغا تۇتىشىدۇ. شەرقى بىلەن غەربىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 162 كىلومېتىر، جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ كەڭلىكى ئالتە كىلومېتىردىن 42 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ. جەنۇب تەرىپى نارات تاغلىرى بىلەن ئۆلكىلىك تاغلىرىغا يۆنىلىپ تۇرسا، شىمال تەرىپى دەريا ۋادىسىغا تىرىلىپ تۇرىدۇ. شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە نارات چوققىسى ئارقىلىق بايىنغولىن (بايانغولىن) ئوبلاستىنىڭ خېجىڭ ناھىيەسى بىلەن، شەرقىي شىمالى چوڭ جىرغىلاڭ دەرياسى، تېكەس دەرياسى ئارقىلىق كۈنەس ناھىيەسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى چاپچى سۈيى (ياكى چاپچى غولى، ياكى چاپچال غولى) ئارقىلىق چاپچال ناھىيەسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى ئۆچكىلىك تاغلىرى ۋە ئاق ئۆزەن ئارقىلىق تېكەس ناھىيەسى بىلەن تۇتىشىدۇ. يەر مەيدانىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، شەرقى قىسمى ئېگىز، غەربى قىسمى پەس، شەرقى بىلەن غەربى ئۇزۇن، جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ ئارىلىقى تار بولۇپ، ئەمدىلا گۈلگە قونۇشقا تەمشىلىۋاتقان كېپىنەككە ئوخشايدۇ.

توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەققىدە تەتقىقات تېخىچە دىيەرلىك بولمىدى، ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ۋە رەتلەشلەرمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇلمىدى. ئەمما بىر قىسىم تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، توققۇزتارادىكى قەدىمىي قەبرە ۋە قەبرىستانلىقلار 2800 دىن ئاشىدۇ، پەقەت 300 دىن ئارتۇق قەبرە توپىنى ئاساس قىلغان قەدىمىي قەبرىستانلىق ھازىرچە ئىككى ئورۇندا ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.[1] ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر خىل تاش قوراللار، تۇچ، مىس بۇيۇملار، تۆمۈر قوراللار ۋە ھەر خىل ساپال بۇيۇملار، شۇنىڭدەك قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى، ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەر، قىيا تاش رەسىملىرى، بالبال ۋە قەدىمكى تاش پۈتۈكلەر بايقالدى.

## قەدىمكى قەبرىستانلىقلار

1) قارىئۆي قەدىمىي قەبرىستانلىقى

قارىئۆي قەبرىستانلىقى توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ غەربىگە 25 كىلومېتىر كېلىدىغان ئاقتۆپە

يېزىسى قارىئۆي كەنتىگە جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 81 گىرادۇس، 57 مىنۇت، شىمالىي كەڭلىك 43 گىرادۇس 53 مىنۇت 13 سكۇنتقا توغرا كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 057 مېتىر.

قارىئۆي كەنتى ئىلى دەرياسىنىڭ ساھىلىدا، غەربىدىن ئىلى ـ تېكەس تاشيولى ئۆتىدۇ، جەنۇبىدىن ئىلى ـ توققۇزتارا تاشيولى ئۆتىدۇ. كەنتنىڭ جەنۇبىدىكى ئېتىزلىقتا جەنۇبى بىلەن شىمالى بىر كىلومېتىر، شەرقى بىلەن غەربى 300 مېتىر كېلىدىغان جايدا قارىئۆي قەدىمكى قەبرىستانلىقى بار، ئۇنىڭدا 10 دىن ئارتۇق قەدىمىي قەبرە بار. قەبرىلەرنىڭ كۆپچىلىكى بۇزۇۋېتىلگەن، بەزىلىرىنى ئېقىن بۇزۇۋەتكەن، بەزىلىرى ئوغرىلىقچە قېزىلغان. قېلىپ قالغان قەبرىلەرنىڭ دۆۋىلەنمە توپىسىنىڭ ئېگىزلىكى 1.5 دىن 2 مېتىرغىچە كېلىدۇ، دىيامېتىرى 20 مېتىردىن 50 مېتىرغىچە. تەكشۈرۈش جەريانىدا توپا ئارىسىدىن تۇخۇم تاشلار بايقالغان، بۇ بىر قىسىم قەبرىلەردىن ساپال ئاياق (ھجىر)، ساپال كومزەك، ۋە تۇچ (مىس) بىلەزۈك قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ چۈشەندۇرىدۇ. ناھىيەلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى يىغىۋالغان بۇ قەبرىستانلىقتىن چىققان ساپال ئاياقنىڭ ئۇسلۇبى ۋە ياسىلىشىدىن قارىغاندا، كۇنەس، موڭغۇلكۈرە ناھىيەلىرىدىكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن ئوخشايدۇ.

2) ئاقتۆپە قەدىمكى قەبرىستانلىقى

ئاقتۆپە قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ نامى غۇلجا ناھىيەسىكى ئاقتۆپە قەدىمكى شەھىرى[2] نىڭ نامى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئاقتۆپە قەدىمكى شەھىرى غۇلجا ناھىيەسىدىكى ئاقتۆپە مەھەللىسى (يەنە ئاقتۆپە مازىرى) نامى بىلەن ئاتالغان. ئاقتۆپە قەدىمكى قەبرىستانلىقى توققۇزتارا ناھىيەسىدىكى ئاقتۆپە يېزىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

ئاقتۆپە قەدىمىي قەبرىستانلىقى توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ غەربىدىن 27 كىلومېتىر كېلىدىغان ئورۇندا، يەنە ئاقتۆپە يېزىسى، ئاقتۆپە كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېتىزلىقتا، كەنتنىڭ شىمالىغا بىر كىلومېتىر كېلىغان يەردە ئىلى دەرياسى، غەربىدە ئىلى ـ تېكەس تاشيولى بار، جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 81 گىرادۇس، 55 مىنۇت 20 سكۇنت بىلەن شىمالىي كەڭلىك 43 گىرادۇس، 34 مىنۇت 19 سكۇنتتىن 35 مىنۇت 41 سكۇنتقىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 760 مېتىر. بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر، شەرقى بىلەن غەربىنىڭ ئارىلىقى 0.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. ساقلانغان قەدىمىي قەبرىدىن 14 ى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ قەبرىنىڭ كۆلىمى چوڭراق، ئىلى ـ توققۇزتارا تاشيولىنىڭ ئىككى يېنىغا جايلاشقان، جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدە، قەبرىلەرنىڭ دۆۋىلەنمە توپىسىنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر، دىئامېتىرى 30 مېتىر. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 11 قەبرە ئۈچ يۆنىلىش بويىچە كەنتنىڭ جەنۇبىدىكى ئېتىزلىققا تارقالغان، دۆۋىلەنمە توپىلار خېلىلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، بەزى قەبرىلەرنىڭ توپىلىرى تۈزلىنىپ كەتكەن، ئادەم سۆڭەكلىرى ۋە ساپال پارچىلىرى كۆرۈنۈپ قالغان. قەبرىدىكى دۆۋىلەنمە توپىلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇخۇم تاشلار بىرقەدەر كۆپ. بۇزۇۋېتىلگەن قەبرىلەردىن ئىچ تەگلىكى قىزىل رەڭ بىلەن زىننەتلەنگەن ساپال پارچىلىرى يىغىۋېلىنغان. بۇ قەبرىستانلىقنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ.

3) ئوتتۇراقىر قەدىمىي قەبرىستانلىقى

ئوتتۇراقىر ياكى ئورتاقىر (يەرلىكلەر ئورتتۇرقىر دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ) قەدىمىي قەبرىستانلىقى توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ شەرقىدىن تەخمىنەن 23 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، يەنى جىرغىلاڭ

يېزىسى كۆگۈرسىن كەنتىنىڭ غەربىي شىمالىدا، ئاچا جىرغىلاڭ غولىنىڭ غەربىدىكى ئورتتۇرقىر تېغىنىڭ قىرىغا جايلاشقان. جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 82 گىرادۇس 31 مىنۇت، شىمالىي كەڭلىك 43 گرادۇس 16 مىنۇت ئارىلىقىغا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1132 مېتىر.

ئورتاقىر قەدىمىي قەبرىستانلىقى جەنۇبتىن شىمالغا تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە بىر كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ قەبرىستانلىقتا تەخمىنەن 160 قەبرە بار، ئاساسلىقى تۇخۇم تاشلار دۆۋىلەنگەن تاش دۆۋىلىك قەبرىلەر، توپا دۆۋىلىك قەبرىلەر ناھايىتى ئاز، سىرتىغىلا تۇخۇم تاشلار يېيىتىلغان. بۇ قەبرىلەرنى چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك دەپ ئۈچ تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ. چوڭ تىپتىكى قەبرىدىن 10 ى بار، دۆۋىلەنمە توپىسىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىردىن ئۈچ مېتىرغىچە، دىيامېتىرى 35 مېتىر كېلىدۇ؛ ئوتتۇرا تىپتىكى قەبرىدىن تەخمىنەن 20 سى بار، دۆۋىلەنمە توپىسىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن بىر مېتىر، دىيامېتىرى 15 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ؛ قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى كىچىك قەبرىلەر، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ دىيامېتىرى 10 — 5 مېتىرغىچە كېلىدۇ. تاغ قىرىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدە چوڭ تىپتىكى تاش دۆۋىلىك يەتتە قەبرە جەنۇب - شىمال يۆنىلىشىدە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قەبرىنىڭ تاشقى شەكلى مۇكەممەل ساقلانغان، دۆۋىلەنمە توپىسىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر، دىيامېتىرى 35 مېتىر، ئۈستى تۈز، مەركىزىي قىسمى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن. دۆۋىلەنمە توپىنىڭ ئىككى قۇر چەمبەر تۇخۇمتاش تىزىلغان، تاشقى چەمبەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر، ئىچكى چەمبەر بىلەن بولغان ئارىلىقى 3.7 مېتىر كېلىدۇ، دۆۋىلەنمە توپا بىلەن ئىچكى چەمبىرەكنىڭ ئارىلىقىدا كىچىك تىپتىكى قەبرىدىن 11 ى بار، ئۇششاق تاشلار دۆۋىلەنگەن قەبرىلەرنىڭ ئېگىزلىكى 0.5 مېتىر، دىيامېتىرى 4 — 2 مېتىرغىچە، چوڭ تاشلاردىن ھاسىل قىلىنغان چوڭ چەمبىرەكنىڭ سىرتىدا يەنە كىچىك تىپتىكى تاش دۆۋىلەنمە قەبرىدىن 10 ى چوڭ قەبرىلەرنىڭ ئەتراپىغا تەرتىپسىز تارقالغان. يەنە بىر قەبرىنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ يۇقىرىقى قەبرە بىلەن ئوخشايدۇ، تاش چەمبىرەك بىلەن دۆۋىلەنمە توپىنىڭ ئارىلىقىدا دۆۋىلەنمە ئۇششاق تاشلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئەمما كىشىنى جەلب قىلىدىغىنى قەبرىنىڭ ئۈستىدە ئالتە تارماقلىق كەڭلىكى 0.8 مېتىر كېلىدىغان تۇخۇم تاش بەلبېغى بار. تاش چەمبەرنىڭ ئىچى - تېشىنى ئورىدىغان كىچىك تاش دۆۋىلىرى نەزىر - چىراغنىڭ ئىزىمۇ ياكى باشقا ھادىسىمۇ؟ بۇ سوئالغا پەقەت ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىقلا جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ.

4) تالدى قەدىمكى قەبرىستانلىقى

تالدى قەدىمكى قەبرىستانلىقى توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 17 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، يەنى ئاغارسىن يېزىسى تالدى (ھازىر بۇ نام خاتا ھالدا دارتى دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ) كەنتىنىڭ جەنۇبى، ناھىيىلىك سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانىنىڭ غەربىدىكى تاغنىڭ ئالدىدىكى دۆڭلۈكتە، شەرقىگە تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا تېكەس دەرياسى بار، غەربىدە ھازىرقى قەبرىستانلىق بار. جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 82 گىرادۇس 25 مىنۇت 30 سىكۇنت، شىمالىي كەڭلىك 43 گىرادۇس 25 مىنۇت 30 سىكۇنت ئارىلىقىدا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 880 مېتىر.

تالدى قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر، شەرقى بىلەن غەربىنىڭ ئارىلىقى بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. دەسلەپكى ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تالدى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا تەخمىنەن 100 قەبرە بار. بۇ قەبرىلەر تۇخۇم تاشلار ناھايىتى ئاز يېيىتىلغان توپا قەبرىلەر ھېسابلىنىدۇ. كۆپچىلىك قەبرىلەرنىڭ ئېگىزلىكى 0.5 مېتىردىن بىر مېتىرغىچە، دىيامېتىرى 10 — 5 مېتىرغىچە؛ قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىي

جەنۇبىدا چوڭ تىپتىكى قەبرىدىن سەككىزى بار، بۇ قەبرىلەر تۆتتىن ئىككى قاتار ھالدا جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدە تىزىلغان، ئارىلىقى 30 مېتىر كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئېگىزى تەخمىنەن سەككىز مېتىر، ئەڭ پاكاسى تۆت مېتىر، دىيامېتىرى 30 مېتىردىن 40 مېتىرغىچە كېلىدۇ، قەبرىنىڭ چوققىسى (يەنى ئۈستى تەرىپى) كۆرۈنەرلىك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن. ئارخېئولوگلار تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنى ئىلى ۋادىسىدىن بايقالغان ئالاھىدىلىكى كۆرۈنەرلىك قەبرىستانلىق دەپ قارىماقتا.[3]

5) ئىلىگىدەي قەدىمكى قەبرىستانلىقى

ئىلىگىدەي قەدىمكى قەبرىستانلىقى توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ غەربىگە 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، يەنى تاشتۆپە يېزىسى ئىلىگىدەي كەنتىنىڭ غەربىدە. جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 82 گرادۇس 09 مىنۇت شىمالىي كەڭلىك 43 گرادۇس 24 مىنۇت ئارىلىقىدا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1004 مېتىر.

ئىلىگىدەي كەنتى تاغ باغرىغا جايلاشقان كەنت، يەنى تەڭرىتاغ تىزمىسى ئۆچكىلىك تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان جىلغىسىغا جايلاشقان، تاغنىڭ جەنۇبى تېكەس ناھىيەسىنىڭ قارا دالا يېزىسىغا تۇتىشىدۇ. قەدىمىي قەبرىستانلىق ئىلىگىدەي غولىنىڭ ئىككى يېقىدىكى دۆڭلۈككە جايلاشقان، غولنىڭ شەرقىدىكى قەبرىستانلىقنىڭ يېنىدا قازاقلارنىڭ زاراتكاھلىقى بار. قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ ئارىلىقى ئۈچ كىلومېتىر، شەرقى بىلەن غەربى ئىككى كىلومېتىر كېلىدۇ، مۇشۇ بۆلەك دائىرىدە تەخمىنەن 340 قەدىمىي قەبرە بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە، غولنىڭ غەربىدىكى تۆپىلىكتە تەخمىنەن 200 قەدىمىي قەبرە بار، بۇ قەبرىلەر جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان؛ غولنىڭ شەرقىدە تەخمىنەن 140 قەدىمىي قەبرە بار، بۇ قەبرىلەر تۈپىدىن ياسالغان، قەبرە سىرتىدا ناھايىتى ئاز ساندا تۇخۇم تاشلار يېيىتىلغان، بۇ قەبرىلەر ئىچىدە كىچىك تىپتىكى قەبرىلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. غولنىڭ شەرقىدىكى قەبرىلەر ئىچىدە ئوتتۇرا تىپتىكى قەبرىلەر كۆپرەك، دۆۋىلەنمە تۈپىسىنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر، دىيامېتىرى 30 ـــ 20 مېتىرغىچە، بىرقىسىم قەبرىلەرنىڭ بىرنەچچىسى بىر گۇرۇپپا بولۇپ، جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشى بويىچە تىزىلغان.

6) شارغوجا قەدىمىي قەبرىستانلىقى

شارغوجا قەدىمىي قەبرىستانلىقى توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ غەربىگە تەخمىنەن 24 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، يەنى تىكئېرىق يېزىسىنىڭ شارغوجا (ھازىر بۇ نام بىر قىسىم خەرىتە ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا سارئوچىن، ساربوغچىن ياكى شاربوغچىن، سارئۇچۇن، ساربۇچىن دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىۋاتىدۇ) كەنتىگە جايلاشقان، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 81 گرادۇس 55 مىنۇت شىمالىي كەڭلىك 43 گرادۇس 29 مىنۇت ئارىلىقىدا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1100 مېتىر.

شارغوجا كەنتى ئۆچكىلىك تېغىنىڭ غەربىي بۆلىكى بىلەن تۆمۈرلۈك تېغىنىڭ پاسىلى بولغان جىلغىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا جايلاشقان (جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان، جىلغىنىڭ شەرقىي قاسنىقىدا موڭغۇللار ۋە ئۇيغۇرلار، جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن غەربىي قاسنىقىدا ئاساسەن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان )، جىلغا ئارقىلىق تېكەس بېلىگە (داۋىنىغا) بارغىلى بولىدۇ، بۇ يەردىن ئاشسىلا تېكەس ناھىيىسىگە چۈشكىلى بولىدۇ. قەدىمىي قەبرىستانلىق شارغوجا غولىنىڭ شەرقى بىلەن غەربىدىكى تاغ قاپتىلىغا (تۆپىلىككە) جايلاشقان، ئىلى ـ تېكەس تاشيولى قەدىمىي قەبرىستانلىقنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ، شەرقىي شىمالى شارغوجا كەنتى، شىمالىي تەرد-

پى ئىلى دەرياسىغا يۈزلىنىپ تۇرىدۇ، ئەتراپى بوزلۇق، تۈزلەڭلىك. ئۈچ كىلومېتىر دائىرە ئىچىدە
تەخمىنەن 600 قەدىمىي قەبرە بار، بۇنىڭ ئىچىدە تاشيولىنىڭ غەربىدىكى قەدىمىي قەبرىدىن تەخ-
مىنەن 200 ى بار، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى دۆۋىلەنمە توپىسىنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىردىن ئۈچ
مېتىرغىچە بولغان، دىيامېتىرى 30 ــ 20 مېتىرغىچە بولغان ئوتتۇرا تېپتىكى توپا دۆۋىلىك
قەبرىلەر، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندە قەبرىلەرنىڭ ھەممىسى جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدە، لې-
كىن تىزىلىشى ئىنتايىن رەتسىز. تاشيولىنىڭ شەرقىدە تەخمىنەن 400 قەدىمىي قەبرە بار، ئۇلار-
نىڭ ھەممىسى كىچىك تىپتىكى قەبرىلەر ھېسابلىنىدۇ، قەبرىلەرنىڭ سىرتىغا تۇخۇم تاشلار يېيىـ-
تىلغان، قەبرىستانلىق كەنتكە يۆنىلىپ تۇرغان بولغاچقا، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىنىڭ يېڭىباش-
تىن كېڭەيتىلىشى ۋە يېڭى ئېتىزلىقلارنىڭ ئېچىلىشى بىلەن قەبرىلەر بارغانسېرى تۈزلىنىپ كې-
تىۋاتىدۇ. يەرلىك بىر پېشقەدەمنىڭ ئېيتىشىچە، 1950 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە، كەنتنىڭ شىمال
تەرىپىدە بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ خارابىسى بار ئىكەن، كۆلىمىمۇ بىرقەدەر چوڭكەن، ئەمما ھازىر-
قى كۈندە بۇ يەر ئېتىزغا ئايلاندۇرۇۋېتىلىپتۇ، بۇ قەدىمىي شەھەردىن تېپىلغان ساپال پارچىلىرىغا
قاراپ دەۋرىنى ئايرىغىلى بولمايدۇ، قەدىمىي قەبرىستانلىق بىلەن قادىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ ئا-
رىلىقى خېلىلا يېقىن. 1990 ـ يىلى مەن شارغوجىدىكى بىر پېشقەدەمنىڭ ئۆيىدىن تاش يارغۇنچاق
قاتارلىق بىر نەچچە تاش قورالنى يىغىۋالغان ھەم 1992 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
مۇزېيخانىغا ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدىم. بۇ تاش قوراللار ھازىرمۇ مۇشۇ مۇزېيخانىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. شۇ
چاغدا، ماڭا تاش قوراللارنى بەرگەن پېشقەدەمنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تاش قوراللارنىڭ ھەممىسى يەر
ئاغدۇرۇۋاتقاندا چىققانىكەن. ئارخېئولوگلارنىڭ دەسلەپكى قارىشىغا ئاساسلانغاندا، ئەينى دەۋردىكى
بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاھالىلەرنىڭ قەدىمىي شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ قاپ-
تىلىنى قەبرىستانلىق ئورنى قىلىپ تاللىغانلىقى ئۇلارنىڭ دەپنە ئادەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىكەن.
قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ھەققىدىكى قاراشلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلغان ۋە ئارخېئولوگىي-
يەلىك تەكشۈرگەندىلا ئېلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

7) چاپچى غولى قەدىمكى قەبرىستانلىقى

چاپچى غولى (ھازىر بۇ نام چاپچال غولى دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ) قەدىمكى قەبرىستانلىقى توققۇزتارا
ناھىيەسىنىڭ غەربىگە تەخمىنەن 50 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، چاپچال ناھىيەسى بىلەن توق-
قۇزتارا ناھىيەسىنىڭ چېگراسى، يەنى ئاقتۆپە يېزىسى ئاقجازىق كەنتى 4 ـ مەھەللىسىنىڭ يېنىدا،
جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 81 گىرادۇس 36 مىنۇت، شىمالىي كەڭلىك 43 گىرادۇس
31 مىنۇت 20 سېكۇنت ئارىلىقىدا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1430 مېتىر.

چاپچى غولى قەبرىستانلىقى ھازىر خاتا ھالدا ئۇيسۇن تېغى دەپ ئاتىلىۋاتقان كەتمەن تېغىنىڭ
شەرقىي بۆلىكىدىكى تاغ (بۇ بۆلەك تاغنىڭ نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن، بىلگۈچى-
لەرنىڭ ۋاقتىدا تولۇقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن) غولىدا. غولىنىڭ شەرقى تەرىپى توققۇزتارا
ناھىيەسى، غەربى تەرىپى چاپچال ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلان-
غاندا، چاپچى غولى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا تەخمىنەن 100 دىن ئارتۇق قەدىمىي قەبرە بار، بۇ
قەبرىلەر ئاساسلىقى غولىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تۆپىلىككە جايلاشقان. قەبرىستانلىقنىڭ دائىرىسى
شەرقتىن غەربكە تەخمىنەن 500 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 200 مېتىر . قەبرىلەرنىڭ بەزىلىرىگە
تۇخۇم تاشلار دۆۋىلەنگەن، بەزىلىرىگە توپا دۆۋىلەنگەن. بىرقەدەر چوڭراق بولغان قەبرىلەرنىڭ ئې-
گىزلىكى 0.5 مېتىر، دىئامېتىرى بەش مېتىردىن سەككىز مېتىرغىچە كېلىدۇ، قەبرىلەرنىڭ
كۆپچىلىكى بىرقەدەر كىچىك قەبرىلەر ھېسابلىنىدۇ. 137 ـ تۆەنىنىڭ توپا قېزىش ئورنىنىڭ جەنۇ-

بىدىكى تاشيول بويىغا جايلاشقان 10 نەچچە قەبرە مۇشۇ قەبرىلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

8) مۇخۇر قەدىمكى قەبرىستانلىقى

مۇخۇر قەدىمكى قەبرىستانلىقى توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ شەرقى تەرىپىدىكى مۇخۇر تېغى غولىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، بۇ قەبرىستانلىقتا 100 دىن ئارتۇق چوڭ، كىچىك قەبرە بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە جەنۇبىدىكى بەش قەبرە ئەڭ چوڭ ھېسابلىنىدۇ، بۇ قەبرىلەرگە تۇخۇم تاشلار دۆۋىلەنگەن. مەلۇم بولۇشىچە، بۇ قەبرىلەردىن بىرقىسىم مىس (بىرونزا)، ساپال بۇيۇملار چىققان.

9) قىزىلبايراق قەدىمكى قەبرىستانلىقى

قىزىلبايراق قەدىمكى قەبرىستانلىقى توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 10 كىلومېتىر كېلىدىغان دوڭمەھەللە يېزىسىنىڭ قىزىلبايراق كەنتىگە جايلاشقان، شىمالىي كەڭلىك 43 گىرادۇس 23 مىنۇت 867 سىكۇنت، شەرقى ئۇزۇنلۇق 82 گىرادۇس 19 مىنۇت 301 سىكۇنت ئارىلىقىدا، دېڭىز يۈزىدىن 892 مېتىر ئېگىز. قەبرىستانلىقنىڭ 500 مېتىر نېرىسىدا قىزىلبايراق سىمونت زاۋۇتى بار بولغاچقا، ئارخېئولوگلار بۇ قەبرىستانلىقنى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان.[3] ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقتىكى قەبرە 20 دىن ئارتۇق بولۇپ، ئىككى قۇرغا ئايرىلغان، جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدە. قەبرىستانلىق ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا، ئوخشىمىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىغان، بەزى قەبرىلەر خېلى بۇرۇنلا تۈزلىنىپ كەتكەن. ھازىرغىچە قېزىپ تەكشۈرۈلگەن قەبرىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ قەبرىستانلىقتىن ئاساسلىقى مىس (بىرونزا) بۇيۇملار تېپىلغان (بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ ئارخېئولوگىيەسىگە ئائىت بايانلار «توققۇزتاراغا ئائىت ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلار» تېمىسىدا تەپسىلى بېرىلدى).

10) لوڭكۇ تېغى قەدىمكى قەبرىستانلىقى

لوڭكۇ تېغى قەدىمكى قەبرىستانلىقى توققۇزتارا ناھىيەسى ئاغارسىن يېزىسى 头道湾 كەنتىنىڭ شەرقىگە ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، جۇغراپىيەلىك ئورۇنلىشىشى شىمالىي كەڭلىك 43 گىرادۇس 25 مىنۇت 394 سىكۇنت بىلەن شەرقىي ئۇزۇنلۇق 82 گىرادۇس 27 مىنۇت 956 سىكۇنت ئارىلىقىغا جايلاشقا، دېڭىز يۈزىدىن 860 مېتىر ئېگىزلىكتە. قەبرىستانلىق لوڭكۇ (龙口) تېغى ئېغىزىنىڭ يېقىن بولغاچقا، ئارخېئولوگلار بۇ قەبرىستانلىقنى مۇشۇ تاغنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان.[5] ئېگىلىنىشىچە، بۇ قەبرىستانلىقتا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك سەككىز قەبرىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولغان.

11) ئاقتام قەدىمكى قەبرىستانلىقى

ئاقتام قەدىمكى قەبرىستانلىقى توققۇزتارا ناھىيىسى ئاغارسىن يېزىسىنىڭ ئاقتام كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ قەبرىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كىچىك تىپتىكى قەبرىلەر ھېسابلىنىدۇ، قارىماققا تۈزلەڭلىكتەك كۆرۈنىدۇ. يەرلىكلەر بۇ يەرنى «ياللىق توپا» دەپ ئاتىشىدۇ.

12) كۆكجارىق قەدىمكى قەبرىستانلىقى

كۆكجارىق قەدىمكى قەبرىستانلىقى توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ جىرغىلاڭ يېزىسىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقتا 100 دىن ئارتۇق تاش ۋە توپا دۆۋىلەنمە قەبرە بار. بۇ قەبرىلەر ھەققىدە تېخى دېيەرلىك تەتقىقات يۈرگۈزۈلمىدى.

13) دۆڭتام قەدىمكى قەبرىستانلىقى

دۆڭتام قەدىمكى قەبرىستانلىقى توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ دۆڭمەھەللە يېزىسى خۇڭگاڭ (بۇ خەن-

زۇچە نام بولۇپ، «قىزىل نۇر» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى. بۇ يەرنىڭ ئەسلى نامى «دۆڭتام» ئىدى) كەنتىدىكى شەرق قىزاردى خىش زاۋۇتىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە. شۇڭلاشقا، بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىق ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن «شەرق قىزاردى» خىش زاۋۇتى قەبرىستانلىقى دەپ ئاتالغان.[6] بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىق تاغ باغرىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، دېھقانچىلىق ئېتىزىغا ئايلىناي دەپ قالغان، قەبرىلەرنىڭ كۆپىنچىسى چوڭ تىپتىكى قەبرىلەر ھېسابلىنىدۇ، قەبرە سانى جەمئىي يەتتە، قەبرىنىڭ دىئامېتىرى 30 مېتىر ئەتراپىدا، ئەڭ ئېگىزى ئۈچ مېتىر (توپا دۆۋىلىك) كېلىدۇ.

بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن باشقا، يەنە ئاغارسىن يېزىسى ئەرداۋان كەنتىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقى (شەرقىي ئۇزۇنلۇق 82 گرادۇس 23 مىنۇت بىلەن شىمالىي كەڭلىك 43 گرادۇس 26 مىنۇت ئارىلىقىدا)، بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقتا تەخمىنەن 100 قەبرە بار؛ دۆڭمەھەللە يېزىسى گوڭشاڭ كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان كىرسىنبۇلاق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا، تەخمىنەن 100 قەبرە بار؛ دۆڭمەھەللە يېزىسى ئويتام كەنتىنىڭ غەربىگە جايلاشقان ئويتام قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا تەخمىنەن 150 قەبرە بار؛ جىرغىلاڭ يېزىسى كۆكىرچىن كەنتىنىڭ غەربىگە 2.5 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىكى ئوشاغاندىنىڭ ئوزى (噢沙干德宁噢孜) قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا تەخمىنەن 30 قەبرە بار بولۇپ، بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقلارنىڭ يىل دەۋرى يېغىلىق دەۋرىدىن موڭغۇل ئىمپېراتورلۇقىغىچە بولغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ.[7]

**قەدىمكى شەھەرلەر**

توققۇتارا ناھىيەسىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر ھەققىدە تەپسىلىي ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ توققۇزتارا ناھىيەسىدىكى بىرەر قەدىمكى شەھەرگە ئائىت بايان ئۇچرىمايدۇ. ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشلاردىن قارىغاندا، توققۇزتارا ناھىيەسىدە يىل دەۋرى بىر قەدەر ئۇزۇن بولغان ئىككى قەدىمىي شەھەر خارابىسى بايقالغان. ئۇلاردىن باشقا يىل دەۋرى بىر قەدەر يېقىن بولغان يەنە بەزى شەھەر خارابىلىرى بار. بۇ قەدىمكى شەھەرلەر ۋە بۇ قەدىمكى شەھەرلەردىن بايقالغان ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، شۇنىڭدەك قەدىمكى مىللەتلىرى ھەققىدە قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

1) تالدى قەدىمكى شەھىرى

تالدى قەدىمكى شەھىرى توققۇزتارا ناھىيەسى ئاغارسىن يېزىسىنىڭ تالدى كەنتىگە جايلاشقان، تېكەس دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا. شەرقىي شىمالىدا 16 كىلومېتىر ئارىلىقتا تېكەس دەرياسى بىلەن كۈنەس دەرياسى قوشۇلىدۇ. جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 82 گرادۇس 25 مىنۇت 08 سىكۇنت، شىمالىي كەڭلىك 43 گرادۇس 25 مىنۇت 19 سىكۇنت ئارىلىقىدا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 843 مېتىر. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ جەنۇبىغا بىر كىلومېتىر ئارىلىقتا بىر قەدىمكى قەبرىستانلىق بار. بۇ قەبرىستانلىق «تالدى قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دەپ ئاتىلىدۇ (بۇ توغرۇلۇق يۇقىرىدا بايان قىلىندى.)

تالدى قەدىمكى شەھىرى چاسا شەكىلدە بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 87 مېتىر، جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدە ئورۇنلاشقان. شەھەر سېپىلى توپا بىلەن قاڭدالغان، ھازىر قېلىپ قالغان ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر، قېلىنلىقى 3 مېتىردىن 5 مېتىرغىچە كېلىدۇ. شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپى ئېتىزلىق بولغاچقا، توپا ۋە تۇخۇم تاشلارنىڭ توختىماستىن قېزىلىشى بىلەن قەدىمكى شەھەرنىڭ غەربىي سېپىلىنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سېپىلنىڭ شەرقى بىلەن جەنۇبىي شىمالى خېلىلا بۇزغۇنچىلىققا

ئۇچراپ، چولاق سېپىل بولۇپ قالغان. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىدە ئىككى
ئورۇندا ئېگىزلىكى تەخمىنەن بىر مېتىر كېلىدىغان تاش سۇپىدىن باشقا، ھېچقانداق قۇرۇلۇشنىڭ
ئىزناسى ساقلىنىپ قالمىغان. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، تالدى قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئىچىدە چېچ-
چىلىپ تۇرغان ساپال بۇيۇملار خېلىلا كۆپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى قۇم ياكى توپىدىن سى-
لىقلانغان قىزىل ساپاللار بولۇپ، كۆلرەڭ قۇم ساپاللارمۇ ئاندا - ساندا ئۇچرايدۇ، بۇلارنىڭ ھەم-
مىسى چېقىۋېتىلگەن بولغاچقا، بۇ ساپال بۇيۇملارنىڭ شەكلىنى بىلىش قىيىن. ئىگىلىنىشىچە، بۇ
قەدىمىي شەھەردىن ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، سپال ۋە تاشتىن ياسالغان بۇيۇملار تېپىلغان بولۇپ،
بۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى يوقىلىپ كەتكەن. ھازىرغىچە، بۇ قەدىمىي شەھەردىن تېپىلغان مەدەنىي يادى-
كارلىقلارنىڭ بىرنەچچىسىلا توققۇزتارا ناھىيەلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدە ساقلىنىپ قالغان. بۇنىڭ
ئىچىدە قىزىل رەڭلىك ساپال ئىدىش (كۇب) خېلى داڭلىق. بۇ ئىدىشنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن دىيا-
مېتىرى ئوخشاشلا 70 سانتىمېتىر بولۇپ، ئىدىشنىڭ قورسىقىغا ئىككى قۇر بەلگە چۈشۈرۈلگەن.
ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ قەدىمىي شەھەردىن ئىككى تاش تاۋاق تېپىلدى. بۇ تاش تاۋاقنىڭ بىرى چوڭ،
بىرى كىچىك، چوڭىنىڭ بويىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70 سانتىمېتىر، كىچىكىنىڭ بويىنىڭ ئۇزۇنلۇقى
30 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئىدىشنىڭ شەكلى ۋە ئۇنىڭدىكى بەلگىلەردىن قارىغاندا، تالدى قەدىمكى
شەھىرىنىڭ تارىخى ئەڭ كەم بولغاندىمۇ تاڭ سۇلالىسىگە توغرا كېلىدۇ.[8]

2) شارغوجا قەدىمكى شەھىرى

شارغوجا قەدىمكى شەھىرى توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ غەربىگە، يەنى تىكئېرىق يېزىسى شارغوجا
كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ قەدىمكى شەھەر ھەققىدە ھازىرچە دىيەرلىك ئارخېئولوگىيەلىك تەت-
قىقات ئېلىپ بېرىلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر بولسىمۇ،
ئەمما 1950 - يىللاردىن كېيىن تېرىقچىلىق يەرلىرىنىڭ كېڭەيتىلىشى بىلەن بۇزغۇنچىلىققا
ئۇچراپ، ئاساسىي جەھەتتىن تۈزلىۋېتىلگەن.

3) تاشتۆپە قەلئەسى

تاشتۆپە قەلئەسى توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ غەربىدىكى تۇلەڭلىكتە، يەنى تاشتۆپە يېزىسى تاشتۆ-
پە كەنتىدە. بۇ قەلئە 1895 - يىلىدىن كېيىن سېلىنغان. مانجۇ(چىڭ) خانلىقىنىڭ گۇاڭشۇ خان
دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا مانجۇ گازارمىسىدىكى ئەسكەرلەر يېتىشمىگەچكە، شىبە گازارمىسىدىكى
ئەسكەرلەرنى تاللاپ، يېڭى مانجۇ گازارمىسى سەككىز تۇغلۇقىنى تەشكىللىدى، بۇنىڭ بىلەن ئەس-
لىدىكى مانجۇ گازارمىسى سەككىز تۇغلۇقى كونا مانجۇ گازارمىسى دەپ ئاتالغان. 1895 - يىلىغا
كەلگەندە، يېڭى مانجۇ گازارمىسىدىكى قوماندان - لەشكەرلەرنى ھازىرقى تاشتۆپە يېزىسى تاشتۆپە
كەنتىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەۋەتكەن.[9] شۇنىڭ بىلەن تاشتۆپە قەلئەسى قۇرۇلغان. ئەمما
«چىڭ سۇلالىسى ئوردا خاتىرىلىرى» دىكى بايانلارغا قارىغاندا، مانجۇ خانلىقىنىڭ توققۇزتارا ناھى-
يەسىنىڭ تاشتۆپە يېزىسىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ، 1838 - يىلى باشلان-
غان.[10] تاشتۆپە قەلئەسىنىڭ شەھەرچە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن بولمى-
سىمۇ، ئەمەلىيەتتە توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان
بولۇپ، شۇ دەۋردە ناھىيەنىڭ مەركىزى، يەنى ئەڭ چوڭ بازار ئىدى. 1917 - يىللاردا شىنجاڭغا سا-
ياھەتكە كەلگەن شې بىن (1948 — 1887) «شىنجاڭغا ساياھەت» دېگەن كىتابىدا بۇ قەلئە ھەققىدە
مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان: چوڭ يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە يېڭى مانجۇ گازارمىسى جايلاشقان ئورۇن
(يىڭپەن) بار ئىكەن، بۇ جاي يەنە كىچىك يىڭپەن دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. بۇ قەلئەنىڭ ئايلانمىسى تەخ-
مىنەن ئۈچ يول (چاقىرىم) ئۇنىڭ تۆت قوۋۇقى بار ئىكەن، قەلئە ئىچىدە 200 دىن ئارتۇق ئائىلى-

لىك مانجۇلار ئۈچۈن تېرىقچىلىق قىلىدىكەن. قەلئەنىڭ سىرتىنىڭ شەرقى تەرىپىدە خەنزۇ، تۇڭگان، ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ 20 نەچچە ئائىلىلىك ئۇششاق تۇججارلار بار ئىكەن...[11] بۇ قەلئە ھەققىدە «ياپونىيە، يېڭىدىن تۈزۈلگەن جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. شىنجاڭ قىسمى» دا مۇنداق مەلۇمات بېرىلىدۇ: «توققۇزتارا ناھىيەسى بازىرى كىچىك يېڭى ياكى يېڭى مانجۇ گەزارمىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ قەلئەنى ئىلى جياڭجۇنى چاڭگېڭ سالدۇرغان. قەلئەنىڭ ئايلانمىسى تەخمىنەن ئۈچ جۇڭگو يولى (چاقىرىم) كېلىدۇ، تۆت قوۋۇقى بار. قەلئەنىڭ ئىچىدە 200 دىن ئارتۇق نوپۇس بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تېرىقچىلىق قىلىدۇ. قەلئە سىرتىنىڭ شەرق تەرىپىدە خەنزۇ، تۇڭگان، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن 20 دىن ئارتۇق ئۇششاق تۇججار بار. بۇ يەردە مانجۇلار بىرقەدەر كۆپ.»[12]

### تاش ئويمىلار

توققۇزتارا ناھىيەسىدىكى تاش ئويمىلار ھەققىدە ھازىرغىچە تۈزۈكرەك تەتقىقات ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر بولۇنمىدى. بۇ ئانا دىيارنىڭ تاش ئويمىلىرىغا ئائىت ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرنىڭ كەمچىل بولۇشى توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى، سەنئىتى، شۇنىڭدەك تارىخى ۋە بۇ يەردە ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى چۈشىنىشىمىزدە قىيىنلىق تۇغدۇرىۋاتىدۇ.

ئىگىلىنىشىچە، توققۇزتارا ناھىيەسىدە بار بولغان تاش ئويمىلار ھەققىدىكى مەلۇماتلار ناھايىتى ئاز، بۇ ھال مۇنداق سەنئەتنىڭ توققۇزتارا ناھىيەسىدە ناھايىتى ئاز بايقالغانلىقىنى، تېخى بۇ ھەققىدىكى ئىزدىنىشنىڭ يوق دېيەرلىكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. توققۇزتارا ناھىيەسىدە ھازىرغىچە مەلۇم بولغان تاش ئويمىلارنى بالبال (تاش ھەيكەل)، سىنتاش، قىياتاش رەسىملىرى، ئويما خەت (بەلگە) قاتارلىق بىرنەچچە خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

1) بالبال (تاش ھەيكەل)

بالبال قەدىمكى دەۋرلەردىكى قەبرە تاشلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، مەلۇم ئوبرازدىكى كىشىنىڭ ھەيكىلى تاشتىن ئويۇلۇپ ياسىلىدۇ. ئۇنىڭغا شۇ كىشىنىڭ گەۋدىسى، بېشى، كۆز، قۇلاق، ئېغىز-بۇرنى، چاچ ۋە ساقال - بۇرۇتلىرى، قول - پۇتى، ھەتتا قورال - ياراقلىرى، جابدۇقلىرى ئويۇپ چىقىرىلىدۇ. ئاندىن شۇ كىشىنىڭ قەبرىسىنىڭ بېشىغا تىكلەپ قويۇلىدۇ. بۇنداق ئىش قەدىمكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا بالبال تىكلەش دەپ ئاتالغان.

توققۇزتارا ناھىيەسىدىن بايقالغان تاش ئويمىلارنىڭ ئىچىدە بالبالنىڭ بارلىقىغا ئائىت يىپ ئۇچى ئىلگىرى مەلۇم بولمىغانىدى، شۇنداقتىمۇ تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر ئارخېئولوگى ئابدۇقېيۇم خوجا «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» ناملىق كىتابىدا توققۇزتارا ناھىيەسىدە بالبال بىلەن سىنتاش (كىشىنىڭ سىنى چۈشۈرۈلگەن تاش) نىڭ تېپىلغانلىقىدىن مۇنداق ئۇچۇر بېرىدۇ: «ئىلى ۋادىسىدىكى بالبال ۋە سىنتاشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى موڭغۇلكۈرە - تېكەس يايلاقلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان بولۇپ، نىلقا، قورغاس، توققۇزتارا ناھىيەلىرى تەۋەسىدە ئازراق ئۇچرايدۇ.»[13] (1990 - يىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئادەتتىكىچە تەكشۈرۈش ئىشخانىسى بىلەن ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئادەتتىكىچە تەكشۈرۈش ئەترىتى تەييارلىغان «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئادەتتىكىچە تەكشۈرۈشتىن دوكلات» تا كۆرسىتىلىشىچە، توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ غەربىگە 39 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، يەنى تىككىبىرىق يېزىسى شارغوجا كەنتى قاراغول ئېغىزىنىڭ شەرقىي شىمالىغا بىر كىلومېتىر كېلىدىغان بۇرخان ئوتلىقىدىن ئىككى پارچە تاش ئويما تېپىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىلىقى 27 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئىككى تاش ئويما تېپىلغان جاينىڭ غەربىگە تەخمىنەن 30 مېتىر

ئارىلىقتا قەدىمكى تاش پاسىللىق قەبرە بايقالغان. ئارخېئولوگلار بۇ ئىككى تاش ئۆيمىنى مۇشۇ قەبرىستانلىقتا تىكلەنگەن بالبال بولسا كېرەك دەپ قارىغان.[14] شەرق تەرىپىدىكى تاش ئۆيما (بالبال)نىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن بىر مېتىر، كەڭلىكى 0.4 مېتىر بولۇپ، شەرقىي شىمالغا يۈزلەندۈرۈلگەن. غەربىدىكى بالبالنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن كەڭلىكى شەرق تەرەپتىكىسى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بۇ بالبال شەرق تەرەپكە يۈزلەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، توققۇزتارا ناھىيەلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدە ساقلىنىپ كېلىنىۋاتقان بىر بالبال بار بولۇپ، بۇ بالبالنى 1984 - يىلى ئاغارسىن يېزىسىدىكى چارۋىچىلار تام چاققاندا، يەر ئاستىدىن قېزىۋالغان. بۇ بالبالنىڭ ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 30 سانتىمېتىر كېلىدۇ، بېشىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئۈچ ئۆرۈم (تال) چاچنىڭ بەلگىسى بار.

2) سىنتاش (بالبال)

سىنتاش دېگىنىمىز، كىشىنىڭ بېشى، كۆزى، ئېغىز - بۇرنى، قۇلىقى، ساقال - بۇرۇتى ئويۇلغان تاشنى كۆرسىتىدۇ. توققۇزتارا ناھىيەسىدە سىنتاشلارنىڭ بايقالغانلىقىغا ئائىت ئۇچۇرلار بولسىمۇ، تېپىلغان سىنتاشلارنىڭ ئۆلچىمى، شەكلى ۋە تېپىلغان ئورنى ھەققىدە تولۇق ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز.

3) قىيا تاش رەسىملىرى

قىيا تاش رەسىملىرى دېگىنىمىز، قىيالىقلاردىكى ياكى قورام تاشلارغا چېكىلگەن ۋە ئويۇلغان، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ھەرخىل پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىملەرنى كۆرسىتىدۇ. توققۇزتارا ناھىيەسىدە ھازىرغىچە مەلۇم بولغان قىيا تاش رەسىملىرىدىن قارىغاندا، توققۇزتارا ناھىيەسى تېكئېرىق يېزىسى شارغوجا كەنتىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى غول ئىچىدە بۇغوتا (بۇغىتىلىق) دەپ ئاتىلىدىغان جايدىكى چوڭ - كىچىك ئىككى پارچە قىيا تاش رەسىمى بىر قەدەر داڭلىق. بۇ جاينىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 81 گىرادۇس 54 مىنۇت، شىمالىي كەڭلىك 43 گىرادۇس 25 مىنۇتقا توغرا كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 1420 مېتىر ئېگىز. بۇ قىيا تاش رەسىمىنىڭ چوڭىنىڭ ئېگىزلىكى 2.2 مېتىر، كەڭلىكى 2.74 مېتىر بولۇپ، بۇ بىر پارچىسىگە چوڭ - كىچىك توققۇز بۇغىنىڭ رەسىمى ئويۇلغان. ئەڭ ئۈستىدىكى بىر بۇغىنىڭ رەسىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 17 سانتىمېتىر؛ سول تەرەپ ئۈستىدىكى ئانا بۇغا (چوڭى)نىڭ ئۇزۇنلۇقى 18 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتىر؛ سول تەرەپ ئاستىدىكى ئانا بۇغا (چوڭى)نىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 23 سانتىمېتىر؛ ئوڭ تەرەپ ئۈستىدىكى ئانا بۇغا (چوڭى)نىڭ ئۇزۇنلۇقى 16 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتىر؛ ئوڭ تەرەپ ئاستىدىكى چوڭ بۇغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر؛ قالغان تۆت بۇغىنىڭ رەسىمى كىچىك بولۇپ، چوڭ بۇغىلارنىڭ رەسىمىنىڭ ئارىلىقىغا قىستۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، بۇغىلارنىڭ ھەممىسى بىر تەرەپكە يۈزلەندۈرۈلگەن.[15]

بۇلاردىن باشقا، توققۇزتارا ناھىيەسىگە ئائىت قىيا تاش رەسىملىرى تېخى مەلۇم بولمىدى، بىراق توققۇزتارا ناھىيەسى تاشتۆپە يېزىسى قاراباغ مەھەللىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى قاراباغ غول ئېغىزى (ھازىرقى ھاك تاش بازىسى) نىڭ ئۈستى تەرىپىدە (ئېدىرلىق يولى بىلەن بارغىلى بولىدۇ) غەربىي جەنۇبقا يۈزلەندۈرۈلگەن بىر پارچە قارا تاشقا بىر بۇغىنىڭ رەسىمى چېكىلگەن بولۇپ، بۇ قىيا تاش رەسىمىنى بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا تاغقا ئوينىغىلى چىققاندا دائىم كۆرەتتۇق، ھازىر بۇ قىيا تاش رەسىمىنىڭ بار - يوقلىقىنى بىلمەيمەن، بەلكىم ھاك تاش قېزىش داۋامىدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولسا كېرەك.

4) تاش ئۆيما خەتتوققۇزتارا ناھىيىسىدە ھازىرغىچە مەلۇم بولغان تاش ئۆيما خەتتىن ئىككىسى

بار. بۇنىڭ بىرى، توقۇمىتا غولىدا، يەنە بىرى، قارا غولدا (ئارخېئولوگلار بۇ تاش ئويمىنى بالبال بولسا كېرەك دەپ، قارايدۇ). توقۇمىتا غولىدىكى تاش ئويما خەت تاشتۆپە يېزىسى يېڭىتام كەنتى تەمىتە مەھەللىسىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى توقۇمىتا دەپ ئاتىلىدىغان جاينىڭ جەنۇبىدىكى توقۇمىتا غولىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان. بۇ غولدىكى تاش ئويما خەت غولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كۆنگەيلىككە جايلاشقان بولۇپ، قىيالىقتىكى ئىككى پارچە سىلىق تاش يۈزىگە موڭغۇل يېزىقىدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چېكىلگەن. ئىككى پارچە تاشنىڭ بىرى چوڭ بىرى كىچىك بولۇپ، چېكىلگەن خەتمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئورۇننى ئىگىلىگەن. مەن 1990 ـ يىلى بۇ تاش ئويما خېتىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بولسا كېرەك دېگەن ئوي بىلەن ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل يېزىق كومىتېتىدىكى ئابلىكىم رېھىم (توققۇزتارالىق، ئاقچى ناھىيەسىدە خىزمەتتە قازا قىلغان )گە تاش ئويمىنىڭ فوتو نۇسخىسىنى ھەم شۇ يەردە چۇشۇرۇۋالغان بەزى خەتلەر بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بەزى ھەربلەرنى سېلىشتۇرما قىلىپ بىر پارچە خەت ئەۋەتكەنىدىم. ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن (9 ـ ئاي بولسا كېرەك)، بىر كۈنى چۈشكە يېقىن بىزنىڭ ئۆيگە بىرنەچچە كىشى كىرىپ كەلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت ئەسئەت ئابدۇرېشىت (ھازىر «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە) نىلا تونۇيدىكەنمەن. ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ كىشىلەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ تەتقىقاتچىلىرى ئىكەن. ئۇلار ئابلىكىم رېھىمدىن توقۇمىتا غولىدىكى تاش ئويمىغا ئائىت خەۋەرنى ئاڭلىغان ھەم بۇنىڭغا ئالاھىدە قىزىققان ئىكەن. بۇلارنىڭ بىرى، ئابدۇقېييۇم خوجا، يەنە بىرى، ئىسراپىل يۇسۇپ، ئۈچىنچىسى بىر موڭغۇل كىشى (ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن)، يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ شوپۇرى. مەن ئۇلارنى باشلاپ بارماقچى بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئالدىراپلا  توقۇمىتا غولىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. تاش ئويما بار جايغا كەلگەندە، ئىسراپىل يۇسۇپ بىلەن ھېلىقى موڭغۇل كىشىنى ئەسئەت ئابدۇرېشىت ئىككىمىز باشلاپ، دۆڭلۈككە ئېلىپ چىقتۇق. ئابدۇقېيۇم خوجا ساي تېگىدە «مەن چىقالمىغۇدەكمەن، دۇربۇن بىلەنلا كۆرەي» دەپ قېلىپ قالدى. تەتقىقاتچى ئىسراپىل يۇسۇپ مەن باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئېلىۋالغان بور بىلەن خەتلەرنىڭ ئۈستىگە قايتىدىن ئىز چىقاردى، خەتلەرمۇ ناھايىتى ئېنىق كۆرۈندى، ئۇ خەتلەرنى شۇنداق چىرايلىق ئوقىدىكى ھەيران قالدىم. «موڭغۇلچە خەتكەن، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ھەققىدىكى ۋەز» دېدى ئۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئىككى پارچە تاشتىكى ئويما خەت ئوخشاش بىر جۈملىنىڭ تەكرارلىنىشى ئىكەن. خەتنى تاشقا ئويغۇچى ئوخشاش بىر جۈملە سۆزنى زېرىكمەي ئويۇپ چىقىپتۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئىسراپىل يۇسۇپ بۇ تاش ئويمىدىكى خەتنى «ئامىتابارا ئوممانىمانى خوڭ» (مەزمۇنى: بۇددا دىنى ئۇلۇغ دىن، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىڭلار، دېگەن مەنىدە) دەپ ئوقۇغاندەك قىلغان.

**پايدىلانمىلار:**


① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك تەزكىرە تەھرىر ھەيئىتى تۈزگەن «شىنجاڭ يىلنامىسى» (1986 ـ يىل)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

② ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى.

③ ئىلى ۋىلايەتلىك تەزكىرە تەھرىر ھەيئىتى تۈزگەن «ئىلى مەنزىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1994 ـ يىل ئىككىنچى قېتىم بېسىلىشى.

④ جياڭ چوڭلۇن، جيا لىڭ تۈزگەن «ئىلى تارىخى ۋە مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى.

⑤ «ئىلى تارىخى ـ تەزكىرىسىدىن يىغىندىلار»، سىياسىي كېڭەش ئىلى ۋىلايەتلىك خىزمەت ھەيئىتى، ج ك پ ئىلى ۋىلايەتلىك ھەيئىتى تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى، 1990 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى.

⑥ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى تەييارلىغان «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1990 ـ يىل ، 2 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى.

**مەنبە ۋە ئىزاھلار:**

① چاڭ شىجيې: «ئىلىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى ھەققىدە ئەبجەش پاراڭلار»، «ئىلى تارىخى ماتېرىياللىرى»، 10 ـ قىسىم، 1994 ـ يىل خەنزۇچە، 183 ـ بەت؛ ئىلى ۋىلايەتلىك تەزكىرە تەھرىر ھەيئىتى تۈزگەن «ئىلى مەنزىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى، 1994 ـ يىل ئىككىنچى قېتىم بېسىلىشى، 100 ـ بەتكە قاراڭ.

② غۇلجا ناھىيىسىدىكى ئاقتۆپە قەدىمكى شەھىرى ھەققىدىكى بايانلارنى ئابدۇقېييۇم خوجانىڭ «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 217 ـ بېتىدىكى ماۋزۇدىن كۆرۈڭ.

③ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى تەييارلىغان «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1990 ـ يىل ، 2 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى.

④⑤⑥ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تەييارلىغان «ئىلى قاپچىغاي سۇچىلىق تۈگۈن قۇرۇلۇشىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى قۇرۇق ئۆستەڭلەرنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىللىق 1 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى، 24 ـ، 28 ـ، 30 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑦⑧ «ئىلى ۋىلايىتىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاددىي تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە نەشرى، 1990 ـ يىل 2 ـ سان، 33 ـ ۋە 61 ـ بەتكە؛ جاڭ يۇجوڭ «ئىلى دەريا ۋادىسىدا يېڭىدىن بايقالغان قەدىمكى شەھەرلەر ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىزلار»، ۋاڭ بىڭخۇا، دۇ گېنچېڭلار تۈزگەن «شىنجاڭ مەدەنىيەت يارىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيەسىدىكى يېڭى نەتىجىلەر» (داۋامى 1990 ـــ 1996 ـ يىللار)، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتۇ سۈرەت نەشرىياتى 1997 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 353 ـ بەتكە قاراڭ.

⑨ «ئىلى مەنزىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 97 ـ بەتكە قاراڭ.

⑩ فاڭ يىڭكەي: «شىنجاڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تارىخى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1989 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، ئىككىنچى قىسىم، 801 ـ بەتكە قاراڭ.

⑪ شې بىن: «شىنجاڭغا ساياھەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى، 90 ـ بەتكە قاراڭ.

⑫ يۈ ۋېيچېڭ تۈزۈپ تەرجىمە قىلغان ««ياپونىيە، يېڭىدىن تۈزۈلگەن جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. شىنجاڭ قىسمى»، (1) شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 94 ـ بەت.

⑬ ئابدۇقېيىيۇم خوجا «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 235 ـ بەت.

⑭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئادەتتىكىچە تەكشۈرۈش ئىشخانىسى بىلەن ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئادەتتىكىچە تەكشۈرۈش ئەترىتى تەييارلىغان «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئادەتتىكىچە تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1990 ـ يىل 2 ـ سان، خەنزۇچە نەشرى، 41 ـ بەتكە قاراڭ.

⑮ سۇ بېيخەي «شىنجاڭ قىيا تاش رەسىملىرى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 342 ـ بەتكە؛ جو چىڭباۋ «يىپەك يولى قىيا تاش رەسىملىرى سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 279 ـ بەتكە قاراڭ.

(ئاپتور: «شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقتى» گېزىتىدىن)
(تەھرىرلىگۈچى: يالقۇن روزى)

## مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) نىڭ رەھبەرلىرى مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلاردىن ھال سورىدى

پىشقەدەملەرنى ھۆرمەتلەش، پىشقەدەملەرگە كۆيۈنۈشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، پانۇس بايرىمى يېتىپ كېلىش ھارپىسىدا، مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ شياۋنىڭ، مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى ( تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) نىڭ مۇدىرى ئارسلان ئابدۇللا، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چېن شاۋچۈن، ئۆتكۈر ئەبۇلقاسىم، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى رېن گوچۈەن قاتارلىقلار 2013 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلاردىن ئايرىم ـ ئايرىم ھال سورىدى. رەھبەرلەر مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى، سالامەتلىك ئەھۋالىنى سوراپ، ئۇلارنىڭ بىر يىلدىن بويان مەسلىھەتچىلىك خىزمىتى ۋە تەتقىقات خىزمىتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىگە رەھمەت ئېيتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى)نىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى.

مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلار رەھبەرلەرنىڭ ھال سوراپ كەلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىپ، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپلەپ تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

# كېرىيەدىكى ئۈچ قەدىمكى شەھەر ھەققىدە

ئابدۇرىشات مۇساجان توغرۇل

## 1. يۇمۇلاققۇم قەدىمىي شەھىرى

يۇمۇلاققۇم قەدىمىي شەھەر خارابىسى كېرىيە ناھىيەسى دەريا بويى يېزىسىنىڭ يالغۇز توغراق دېگەن يېرىدىن غەربىي شىمال يۆنىلىشىدە تەخمىنەن 70 كىلومېتىر يىراقلىقتا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە مەركىزى بىلەن تۈز سىزىق ئارىلىقى 224 كىلومېتىر، خوتەن بىلەن تۈز سىزىق ئارىلىقى 250 كىلومېتىر. بۇ خارابە 1994 - يىلى سۈنئىي ھەمراھتا تارتىلغان سۈرەتلەر ئارقىلىق بايقالغان.

بۇ شەھەر خارابىسى ئېللىپىس شەكلىدە بولۇپ، سېپىلىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىدىن قوۋۇق ۋە يوللارنىڭ ئىزنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. شەھەر ئىچى - سىرتىدا چوڭ - كىچىك يارغۇنچاق، سۇرمەللەر بار. شەھەر ئەتراپىدا كېسىشىپ كەتكەن ئېرىق - ئۆستەڭلەر تورى بار. ئۇنىڭدىن باشقا بۇغداي، قوناق قاتارلىق زىرائەتلەر بايقالغان. ئېرىق - ئۆستەڭلەر ئاساسلىقى شەھەرنىڭ غەربىگە توپلاشقان، بۇ قەدىمىي شەھەر بىلەن كېرىيە دەرياسىنىڭ بۇرۇنقى قىنى ئاساسەن ماس كېلىدۇ. يۇمىلاققۇم قەدىمىي شەھىرىدە نۇرغۇن ھايۋانات سۆڭەكلىرى بار بولۇپ، قوي، تۆگە، كالا، ئات، ئېشەك، ئىت، بۇغا، توشقان، بېلىق سۆڭەكلىرى كۆپ. بۇنىڭدىن چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق قاتارلىقلارنىڭ يۇمىلاققۇملۇقلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقى، كالىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئاساسلىق تېرىقچىلىق قورالى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇلاردىن يۇمىلاققۇم قەدىمىي شەھىرىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىك قىياپىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يۇمىلاققۇم قەدىمىي شەھىرى شىنجاڭدىن بۈگۈنگىچە بايقالغان ئەڭ قەدىمىي شەھەر ھېسابلىنىدۇ.

يۇمىلاققۇم قەدىمىي شەھىرى ئەتراپىدىن ئالتە قەبرە توپى بايقالدى. قەبرىلەردىن تېرە كىيىم، يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن كىيىم، ساپال، ياغاچ بويۇملار، مىس، تۆمۈردىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى تېپىلدى. ئىنسانشۇناسلار بۇ قەبرىنىڭ يىل دەۋرىنى تەخمىنەن مىلادىدىن 100 يىل بۇرۇن دەپ بېكىتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل ساقلانغان قەبرە ئۈچ، جەسەتلەرنىڭ پۇتى پۈكلەندۈرۈلۈپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان، يۇڭ رەخت ۋە تېرىدىن كېپەن كىيگۈزۈلگەن، بېلى باغلانغان. قەبرىلەر توغراق شاخلىرىدىن ياسالغان شەمگۆر، تىك ئورەك شەكلىدىكى شەمگۆر، تىك ئورەك، تاۋۇتلۇق قەبرە قاتارلىق تۆت خىل شەكىلدە. تاۋۇت ئىچىدىكى ئەر يالغان چاچ كىيىۋالغان، چېچى قوڭۇر رەڭ، قاڭشارلىق، ئورا كۆز. قەبرىدىن بايقالغان توقۇلما بۇيۇملاردىن ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى يۇمىلاققۇملۇقلارنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق ئىشلىرىغا ئىنتايىن پىششىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. قوي يۇڭى، تۆگە يۇڭىدىن باشقا، ئاتنىڭ قۇيرۇقىدىكى قىللارمۇ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن. رەڭ ۋە نەقىش تاللاشتا مول تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى نامايەن قىلغان. يۇڭ توقۇلمىلار ئاق، سېرىق، قىزىل، كۆك، سۆسۈن، قارا، بېغىر رەڭلەردە بويالغان. رەڭ ماتېرىياللىرىنىڭ كۆپىنچىسى زىرائەت، كان مەھسۇلاتلىرى ۋە ھاشاراتلاردىن ئالغان. چاپان، ئىشتان ۋە كۆڭلەكلەرگە يۇڭ جىيەك ئىشلىتىپ بېزىگەن، نەقىشلەرنىڭ كۆپىنچىسى گېئومېترىيەلىك شەكىللەردە بولۇپ، تۈز

نەقىش ۋە قاپارتما نەقىشلەر بار.

ئالىملار سۈنئىي ھەمراھ رەسىملىرىنى ئانالىز قىلىش ۋە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىللار بۇرۇن بۇ جايدا ئىنتايىن زىچ دەريا تورلىرى بارلىقى، ئۆسۈملۈك، دەرەخلەرنىڭ بۈك - باراقسان ئۆسۈپ تۇرىدىغانلىقى، تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتىكى ھاۋا كېلىماتىنىڭ بىر قەدەر نەم ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

گەرچە يۇمىلاققۇم قەدىمىي شەھىرى قۇملۇقتىكى بىر يېگانە ئارالغا ئوخشىسىمۇ، لېكىن ئارخېئولوگلار بۇ شەھەرنىڭ يىپەك يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇنلا تاشقى دۇنيا بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. فىرانسىيە ئىلىم - پەن مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى گاۋىننا دىبانىنا فىرانكفورت «ئاياللار بويىنىغا تاقىۋالغان مارجان جەزمەن غەربتىن كەلگەن، بۇ يەر ئەڭ دەسلەپتىلا شەرق - غەرب مەدەنىيىتى ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان جاي بولغان» دەيدۇ. سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرىنى تەھلىل قىلىشتىن بايقىلىشىچە، يۇمىلاققۇم قەدىمىي شەھىرى جايلاشقان رايون كېرىيە دەرياسىنىڭ قەدىمىي بىر ئاچىلى بولۇپ، كېرىيە دەرياسى قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتىن شىمالغا تەكلىماكان قۇملۇقىغا قاراپ ئېقىپ، ھازىرقى كېرىيە بوستانلىقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە تەخمىنەن 200 كىلومېتىر كىرگەندىن كېيىن ئاستا - ئاستا يوقاپ كېتىدۇ. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق قەدىمىي كېرىيە دەرياسىنىڭ بىر تارمىقىنىڭ يۇمىلاققۇم قەدىمىي شەھىرىنى چۆرىدەپ تەبىئىي مۇداپىئە سېپىلى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى جۇ شىڭجيا تەكشۈرۈش ئارقىلىق كېرىيە دەرياسىنىڭ ھازىرقى خوتەن دەرياسىغا ئوخشاش جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ، تارىم دەرياسى بىلەن تۇتىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى. كېرىيە دەرياسىنىڭ ھازىر يوقاپ كەتكەن جايى تارىم دەرياسىغا 200 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئارىلىق چەكسىز قۇملۇقتۇر.

تەكلىماكان قۇملۇقىدىن بايقالغان كىرروران، نىيە، دەندان ئۆيلۈك قاتارلىق مەشھۇر خارابىلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىدە خاتىرىلەنگەن، ھەتتا چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنى توركۈملەپ جەلپ قىلغان. ئەمما قۇملۇقنىڭ مەركىزىدىكى يۇمىلاققۇم قەدىمىي شەھىرىنى ھېچقانداق تارىخ كىتابلىرىدىن ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ شەھەردىن ھېچقانداق يازما ماتېرىيال ياكى ۋەسىقە تاپالمىدى. بۇ تەرەپ ئارخېئولوگىيە خادىملىرىغا نىسبەتەن يېشىلمەس سىر بولۇپ قالدى. يۇمىلاققۇم قەدىمىي شەھىرىدىن غەربىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلمىغان. شۇڭا، جۇڭگو - فىرانسىيە مۇتەخەسسىسلىرى بىردەك: «بۇ شەھەر جەزمەن غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ۋەيران بولغان» دەپ قارىماقتا.

«تارىخى خاتىرىلەر. فەرغانە تەزكىرىسى 63 - جىلد»دا: «جاڭ چيەن فەرغانە، سوغدىيانا، باكترىيە، توخرىلار، ئارساك (بۇخارا)، ھىندىستان، ئۇدۇن، 扜鰛 ۋە ئەتراپتىكى قوشنا ئەللەرگە نائىب ئەلچى ئەۋەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ كىتابنىڭ مۇشۇ جىلدىدىكى يىل نامىلەرگە ئاساسلانغاندا، جاڭ چيەننىڭ 扜鰛 گە نائىب ئەلچى ئەۋەتكەن ۋاقتى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 121 - يىلغا توغرا كېلىدۇ. بۇ باياندىن شۇ دەۋردە بۇ بەگلىكنىڭ باشقا بەگلىكلەر بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان قۇدرەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. لېكىن يۇمۇلاققۇم قەدىمىي شەھىرىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى، ئاھالىلارنىڭ كۆچۈشى، ئاخىر تاشلىنىپ قېلىش جەريانىنى نەزەردە تۇت-

قاندا، جاڭ چيەن 扜鰛 گە نائىپ ئەلچى ئەۋەتكەن دەۋرلەردە بۇ شەھەر ھېلىھەم مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئاھالىسى ئازلاپ، بەگلىكنىڭ 扜鰛 بەگلىكىگە قاراشلىق شەھەر ياكى مۇستەقىل بولسىمۇ، ئىنتايىن زەئىپلىشىپ، باشقا بەگلىكلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك تەسىرى قالمىغان ھالەتتە بولۇشى مۇمكىن. تارىخىي ماتېرىياللاردىكى 扜鰛 بەگلىكىنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندىمۇ، 扜鰛 بەگلىكىنىڭ يومۇلاققۇم قەدىمىي شەھىرى ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدە شەھەر - راباتلارنى بەرپا قىلىپ ياشىغان ئاھالىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دەريا سۈيىنىڭ تارتىلىپ كېتىشى ياكى ئېقىن ئۆزگەرتىشى سەۋەبلىك يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق ئاپىتى تۈپەيلى، ياشاپ كېلىۋاتقان شەھەر - راباتلارنى تاشلاپ، باشقا رايونلارغا كۆچكەن. قەدىمىي شەھەرلەردە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاھالە ئاساسلىقى دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بولۇپ، چارۋىچىلار يەنىلا يايلاقلارنى ئاساس قىلىپ كۆچمەن ياكى يېرىم كۆچمەن ھالەتتە شۇ شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىن ئېتىدىغان دەريا - ئېقىنلارنى بويلاپ ياشىغان. كېيىنكى دەۋرلەردە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈپ، يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق ئىگىلىكتىكى مەھەللە - كەنتلەرنى بەرپا قىلغان. قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدىن كۆچكەن ئاھالە ئەلۋەتتە ئۆز قەۋمىدىن بولغان كىشىلەر يېڭىدىن بەرپا قىلغان، سۈيى مول كەنتلەرگە كۆچۈپ بېرىپ، شۇ يەرنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ، يېڭى شەھەرلەرنى بەرپا قىلغان. يومۇلاققۇم قەدىمىي شەھەر خارابىسى بىلەن دەندان ئۆيلۈك، ئۆزۈنتات قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى كېرىيە دەرياسىنىڭ قەدىمقى دەۋردىكى غەربىي تارمىقى بويىغا جايلاشقان بولغاچقا، ئارخېئولوگلار دەندان ئۆيلۈك خارابىسى يومۇلاق قۇملۇقلار كۆچۈپ كېلىپ بەرپا قىلغان شەھەر بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىماقتا.

«يومۇلاققۇم» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ياسالغان ئىسىم بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيەلىك شەكلىگە ئاساسەن قويغان نام. «يومۇلاق (دۈگىلەك)+ قۇم» دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن ياسالغان. بۇ نام ھەرگىزمۇ بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ ئەسلى نامى ئەمەس. دېمەك، يومۇلاققۇم قەدىمىي شەھىرى گەرچە كېرىيەلىكلەرنىڭ ئەجداتلىرى بەرپا قىلغان شەھەر بولسىمۇ، لېكىن ئەسلىي نامىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، دىنىي ئېتىقادى، تىل - يېزىقى قاتارلىقلارنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ھازىرغىچە سىر بولۇپ كەلمەكتە.

### 2. قارادۆڭ قەدىمىي شەھىرى

بۇ خارابە كېرىيە ناھىيەسى دەريا بويى يېزىسىغا جايلاشقان. ناھىيە مەركىزى بىلەن تۈز سىزىق ئارىلىقى 187 كىلومېتىر. خوتەن بىلەن تۈز سىزىق ئارىلىقى 240 كىلومېتىر، يومۇلاققۇم قەدىمىي شەھەر خارابىسى بىلەن تۈز سىزىق ئارىلىقى 44.4 كىلومېتىر، ماجانلىق قەدىمىي ئىزى بىلەن تۈز سىزىق ئارىلىقى 11.2 كىلومېتىر، دەندان ئۆيلۈك بىلەن تۈز سىزىق ئارىلىقى 109 كىلومېتىر. كېرىيە دەرياسى قەدىمىي ئېقىنىنىڭ شەرقىي تارمىقى بويىغا جايلاشقان. خەن، جىن سۇلالىسى دەۋرلىرىگە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 - يىلدىن مىلادىيە 420 - يىللار) تەۋە خارابە بولۇپ، 1896 - يىلى شىۋېتسىيەلىك سۋېن ھېدىن تۇنجى قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، 1901 - يىلى قېزىش ئېلىپ بارغان. 1991 -، 1993 - ۋە 1994 - يىللىرى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە ئىلمىي تەتقىقات مەركىزى 315 - گۇرۇپپىسىدىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ خارابىدە سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بارغان. خارابىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تۆت خىل ئاساسىي تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇلار: ئادەتتىكى قۇرۇلۇش، بۇددا ئىبادەتخانىسى، دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىزلار ۋە

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساقلانغان يەرلەردىن ئىبارەت بولۇپ، جەمئىي 63 ئورۇنغا تارقالغان. قەلئە چاسا شەكىلدىرەك بولۇپ، خارابىلىكنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان؛ بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن ئىككىسى بولۇپ، ئۇلار قەلئەنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىغا جايلاشقان، تەكشى يۈزى 回 خېتى شەكلىدە. سۇغىرىش ئۆستەڭلىرى خارابىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا. ئادەتتىكى تۇرالغۇ ۋە قورۇ - جاي ئىزلىرى پۈتۈنلەي خارابە ئىچىگە تارقالغان. قۇرۇلۇشلار ياغاچ، قومۇچ، يۇلغۇننى ئاساسىي ماتېرىيال قىلغان. بۇ خارابىلىكتىن مىس، تاش، تۆمۈر، ئەينەك بۇيۇملار، تاش يارغۇنچاق، سۇرمەل، بەش جۇلۇق يارماق ھەمدە تاش ۋە ئەينەك مارجان قاتارلىق تېپىلمىلار تېپىلغان. بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىن تام رەسىملىرىنىڭ پارچىلىرى تېپىلغان. خارابە پۈتۈنلەي قۇملىشىپ كەتكەن بولۇپ، يۇقىرىقى ئەترەت بۇ شەھەردە ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە تېپىلمىلار ئۈستىدىكى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق، قارا دۆڭ شەھرىنىڭ ئىنسانلار ئەڭ ئاخىرقى پائالىيەت ئېلىپ بارغان دەۋرى مىلادىيە 3-، 4- ئەسىرلەر دەپ قارالماقتا. ئارخېئولوگلار قارا دۆڭ قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى يۇمۇلاق قۇملارقلار كۆچۈپ بەرپا قىلغان شەھەر بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. خارابىلىكنىڭ جەنۇبىدىن تەخمىنەن 11 كىلومېتىر يىراقلىقتا ماجانلىق قەدىمىي ئىزى بار بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەر بۇ ئىزنى قارا دۆڭ خارابىسى بىلەن بىر دەۋردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەپ قارىماقتا.

«قارا دۆڭ» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ياسالغان ئىسىم بولۇپ، «قارا+ دۆڭ» ئىككى سۆزدىن ياسالغان. بۇ خارابىلىك ئەتراپىنى يولغۇنلۇق قۇم دۆڭلىرى ئوراپ تۇرىدۇ، يەرگە چۈشۈپ چىرىگەن يۇلغۇن چىمەنلىرى تۇپراقنىڭ رەڭگىنى قارامتۇل ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغاچقا، يەرلىكلەر شۇنداق دەپ ئاتىغان.

### 3. دەندان ئۆيلۈك خارابىسى

بۇ خارابە ھازىرقى چىرا ناھىيەسى دامكۇ، گۇلاخما يېزىلىرىنىڭ شىمالىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، چىرا بوستانلىقى بىلەن تۈز سىزىق ئارىلىقى 90 كىلومېتىر، خوتەن بىلەن تۈز سىزىق ئارىلىقى 130 كىلومېتىر، قارادۆڭ قەدىمىي شەھەر خارابىسى بىلەن تۈز سىزىق ئارىلىقى 109 كىلومېتىر، كىروران قەدىمىي شەھەر خارابىسى بىلەن تۈز سىزىق ئارىلىقى 824 كىلومېتىر. كېرىيە دەرياسى قەدىمىي غەربىي غول تارمىقى بويىغا جايلاشقان. بۇ خارابىلىكتە ئاۋرېل ستەيىن بىر نەچچە قېتىم قېزىش ئېلىپ بارغان. 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى جۇڭگو ۋە ياپونىيە قاتارلىق چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى بىر نەچچە قېتىم ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بارغان. 1997 - يىلدىكى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ئېچىلىپ قالغان ئىزلار جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلىقى تەخمىنەن 12 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرىگە تارقالغان. خارابىنىڭ سەل جەنۇبىدىكى تەخمىنەن ئىككى كۋادرات كىلومېتىر دائىرە ئىچىدە قەدىمىي ئىزدىن توققۇزى بار. ياغاچ تۈۋرۈكلۈك قومۇش تاملىق تۇرالغۇ ئۆيلەر، 回 خېتى شەكىللىك بۇددا ئىبادەتخانىسى، چىتلاق، قۇرۇپ كەتكەن ئۈجمىلىك قاتارلىقلارنى ناھايىتى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئاۋرېل ستەيىن بۇ خارابىنى قېزىپ، نۇرغۇن بۇددا تام رەسىملىرى، ياغاچ تاختايغا سىزىلغان رەسىملەر، خەنزۇ يېزىقىدىكى ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسلار ھۆججەتلىرىدىن 15 پارچە، ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرى قاتارلىقلارغا ئېرىشكەن. ئۇ ئېرىشكەن ھۆججەت - ۋەسىقىلەرنىڭ مەزمۇنىدىن بۇ خارابە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ ئالتە شەھىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى، قورغان سانغۇنىنىڭ ياڭ جىنچىڭ ئىكەنلىكى، ئالتە شەھەرنىڭ بېگى «ئاماچىۋسا» ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. ياغاچ تاختايغا سىزىلغان رەسىملەردە يىپەكنىڭ ئۇدۇنغا تارقىلىپ كىرىشى ۋە چاشقان پادىشاھى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر تەسۋىرلەنگەن.

بۇ خارابىلىكتىن تېپىلغان تېپىلمىلارنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، ئارخېئولوگلار بۇ شەھەر خەن دەۋرىدىن تاڭ دەۋرىگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇغان، دەپ قارىماقتا. بىر قىسىم ئارخېئولوگلار بۇ قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لايقى قورغىنىنىڭ ئەسلىي ئورنى دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر ئۇمىي بەگلىكىنىڭ ئورنى دەپ قارايدۇ.

دەندان ئۆيلۈك «دەندان+ ئۆيلۈك» ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن ئىسىم بولۇپ، «دەندان» پارس تىلىدا چىش دېگەن مەنىدە. خوتەن ساك تىلىدا «داندا» سۆزى چىش مەنىسىدە. سانسكرت تىلىدا «پىل چىشى» دېگەن مەنىدە. «ئۆيلۈك» هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى. لېكىن بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار «دەندان ئۆيلۈك» سۆزىنى سانسكرىتچە «Dantaloka» (Danta پىل چىشى، akol ئائىلە دېگەن مەنىدە) دېگەن سۆزدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ. يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار پىراكىت تىلىدىكى «danta» سۆزىدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ. ئۇلار «يىڭى تاڭ نامە» دىكى «达德力城» سۆزى «دەندان ئۆيلۈك» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ. لېكىن «دەندان» سۆزىنىڭ مەنىسى يەر نامىغا ماس كەلمەيدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ رايوندا پىل ياشىيالمايدۇ، بۇ رايوندىن پىل چىشى تېپىلغانلىقى توغرىسىدا هېچقانداق مەلۇمات يوق، هەم پىل چىشى چىقىشىمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ. بىراھمى يېزىقىدىكى هۆججەت - ۋەسىقىلەردە، چەرچەننىڭ قەدىمقى نامى «Calmadana» دەپ ئۇچرايدۇ. خوتەننىڭ قەدىمقى نامى «kustana, khotana, khodana» دەپ ئۇچرايدۇ. كىرورانىنىڭ قەدىمقى نامى kroraina دەپ ئۇچرايدۇ. «乌秅» نامى uddiyana دەپ ئۇچرايدۇ. دىققەت قىلىدىغان بولساق، بۇ يەرناملىرىنىڭ ئاخىرى بىردەك «ana, yana» بىلەن تۈزۈلگەن. بۇ خىل ئەھۋال بۇ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «anay ,ana»لار شەھەر، ئايماق ياكى بەگلىك دېگەن مەنانى بىرىدىغاندەك قىلىپ تۇرىدۇ. «خوتەن ساك تىلى لوغىتى»دە يانا (–y ā na) سۆزىگە «① پوتا، ② رايون، بەلباغ» دەپ تەبىر بېرىلگەن. بۇ خىل يەر ناملىرى ياساش ئادىتى ساك تىلىدىن قالغان ئادەت بولسا كېرەك. چۈنكى ساكلار كۆچۈپ بېرىپ دۆلەت قۇرغان رايونلاردا «ئىندىيانا»، «سوغدىيانا» دېگەندەك تارىخى يەر ناملىرى ئۇچرايدۇ. شۇ بويىچە قارىغاندا، «دەندان» سۆزى «دەندانا» ياكى «دەندىيانا» بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە قىسقىراپ «دەندان» بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ قىياسىم توغرا بولسا، «دەندانا» بۇ شەھەرنىڭ ئەسلى نامى بولۇپ، «ئۆيلۈك» سۆزىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشىدا مېنىڭ قىياسىم مۇنداق ئىككى خىل: ① كېيىنكى دەۋرلەردە يەرلىك كىشىلەر بۇ خارابىلىكتە ساقلىنىپ قالغان ئۆيلەرنى كۆرۈپ، «دەندانا شەھرىنىڭ ئۆيلىرى» دېگەن مەنىدە شۇنداق ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن؛ ② «ئىلەك» سۆزىدىن فونىتىلىك ئۆزگۈرۈش ياساپ شۇنداق ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. خوتەن شىۋىسىدە كەلكۈن پەسلىدە كەلكۈن سۈيى كېلىدىغان، باشقا پەسلىدە سېزىندى سۇلار يىغىلىپ ئاقىدىغان كىچىك ئېقىنلار «ئىلەك» دەپ ئاتىلىدۇ. كېرىيە ناھىيىسىدە «قۇرۇغ ئىلەك» (قۇرۇق ئىلەك)، «سېسىغلەك» (سېسىق ئىلەك) دېگەن ئېقىن ناملىرى بار. كېرىيە دەرياسىنىڭ ئېقىن ئۆزگەرتىشى بىلەن قەدىمكى كېرىيە دەرياسىنىڭ بۇ شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئېقىنىدا سۇ ئۈزۈلگەندىن كېيىن، دەريا قىنىدا سىزىندى سۇ يىغىلىپ ئاقىدىغان ئىلەك هاسىل قىلغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. چۈنكى سېسىغلەكمۇ كېرىيە دەرياسى قەدىمىي تارماق ئېقىنىنىڭ ئىزى. شۇنداق بولغاندا، بۇ سۆز «دەندانا ئىلەك» بولۇپ، كېيىنچە ئېغىز تىلىدا «دەندان ئۆيلۈك» بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن)

# سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن ئىككى قېتىم كۆرۈشۈش

تاھىر تاشباييېۋ

1990 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، گۇرۇپپىمىز ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا مۇناسىۋەتلىك ئارخىپ ـ ماتېرىياللارنى توپلاش ئۈچۈن 7 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئاخىرقى مەنزىلىمىز بېيجىڭ شەھىرىگە يېتىپ باردۇق. مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەينى ۋاقىتتا چۆچەك شەھىرىگە «پالىنىپ» بېرىپ (1937 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشكەنت شەھىرىدىكى ئوقۇشىنى پۈتكۈزۈپ كەلگەندىن كېيىن) بىر مەزگىل خىزمەت قىلغان ھەم كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ ئىشلىگەن سەيپىدىن ئەزىزىنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەسلىكنى ئويلىدىم.

7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ سىمۇوللۇق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرى بولغان خەلق سارىيى يېنىدا تەسىس قىلىنغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىشخانىسىنىڭ ئالاقىلىشىش ئورنىغا بېرىپ، ئالاقە رەسمىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ، سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇيۇمنى بىلدۈردۈم. ئالاقىلىشىش ئورنىدىكى خىزمەتچىلەر قىزغىنلىق بىلەن ئالاقە قەغىزىمنى ئېلىپ قېلىپ، مېنىڭ بېيجىڭدىكى ئادرېسىمنى، ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرۇمنى يېزىۋېلىپ، خەۋەر كۈتۈشۈمنى، ئۆزلىرىنىڭ كۆرۈشۈش ۋاقتىنى ئالاقىلىشىپ بېكىتكەندىن كېيىن ماڭا ئۇقتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپ مېنى ئۇزاتتى. بۇرۇن بېيجىڭغا بىر قانچە قېتىم كېلىپ، كۆرۈشكە تېگىشلىك ئورۇنلارنى كۆرگەنىدىم. باشقا بارىدىغان، كۆرىدىغان يەرلەرمۇ يوقتەك تۇيۇلاتتى. ئەتىسى، يەنى يەكشەنبە كۈنى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا تۇرىدىغان تونۇشۇم ئەخسەن رەمزى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىش ئۈچۈن، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا باردىم. ئەخسەن ئەر ـ ئايال ئىككىلىسى ئۆيدە ئىكەن. مېنى ناھايىتى خۇشال كۈتۈۋالدى. مەن بۇ قېتىم بېيجىڭغا كېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى پاراڭ قىلىپ ئولتۇرۇپ، سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن كۆرۈشۈپ كېتىش ئۈچۈن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىشخانىسىنىڭ ئالاقىلىشىش ئورنىغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويغانلىقىمنى، بېيجىڭدىكى باشقا ئىشلىرىمنى بېجىرگەچ خەۋەر كۈتىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

ئەخسەن رەمزىنىڭ ئايالى مايرا مۇھەممەتجانىۋا مېنىڭ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ: «سىز ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى كۈتسىڭىز بەك ساقلاپ قالارسىزمۇ، ئادەتتە كۆرۈشۈشكە كەلگەنلەر ئۆزلىرى بىۋاسىتە تېلېفون بېرىپ ئالاقىلىشىپ، مۇۋاپىق ۋاقىتتا كېلىشىپ كۆرۈشۈپ كېتىدۇ. مەن سەيپىدىن ئەزىزدىنىڭ قىزى ئارزۇگۈل بىلەن دوست بولغاچقا دائىم بېرىپ تۇرىمەن، تېخى ئالدىمىزدىكى يەكشەنبە كۈنى بېرىپ بىر كۈن شۇ ئۆيدە بولۇپ كەلدىم، سىز ئىشنى تېز پۈتكۈزىمەن دېسىڭىز بىۋاسىتە ئۆيىگە تېلېفون بېرىڭ. مەن ئالاقىلىشىش تېلېفونىنى سىزگە بېرەي، تېلېفوننى ئادەتتە ئايىم ئاپپاي ئالىدۇ. سىز ئەھۋالىڭىزنى ئېيتسىڭىز ئۆزى مۇۋاپىق ۋاقىتنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ئىشخانىسىنىڭ رەسمىيەتلىرى جىق. ئۇلار سىزگە خەۋەر قىلىپ بولغۇچە ئۇزاق ساقلاپ

قېلىشىڭىز مۇمكىن» دېدى.

مەن ئاسماندىن ئىزدىگىنىمنىڭ ئالدىمدىن تېپىلغىنىغا خۇشال بولدۇم، مېھمانخانىغا (شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى) غا قايتىپ كېلىپ ئەتىسى ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن ئاشقاندا، مايرا مۇھەممەتجانىۋا بەرگەن نومۇرغا تېلېفون بەردىم. تېلېفون ئۇلاندى، قارشى تەرەپ دەرمەھەل تېلېفوننى قوبۇل قىلدى، ئاۋازىدىنلا تونۇدۇمكى دەرۋەقە ئايىم ئاپپاي ئىدى. شۇڭا مەن ئۇدۇللىسىغا:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئايىم ئاپپاي ياخشىمۇسىز، — دېدىم

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! سىز كىم؟

— مېنىڭ ئىسمىم تاھىر، فامىلەم تاشبايېف، چۆچەكتىن كېلىشىم. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدا ئىشلەيتتىم، بۇ قېتىم كاماندىروپكىغا چىقىش پۇرسىتىدە بېيجىڭغا كېلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن سىزلەرگە بىر سالام بېرىپ، چۆچەكنىڭ تارىخىغا ئائىت ئىشلاردا سۆھبەتلەشسەم دېگەن ئىدىم. سەيپىدىن ئاكام ۋاقىت چىقىرالارمىكىن، بىلمىدىم. سىزلەرگە تەۋەككۇل قىلىپ تېلېفون بېرىشىم ئىدى. قاچانلىقتا مۇمكىن بولاركىن؟ — دېدىم. ئايىم ئاپپاي تەمكىنلىك بىلەن:

— كەلگىنىڭىز ياخشى بوپتۇ، قارشى ئالىمىز، ئەتە سائەت ئۈچتىن كېيىن كەلسىڭىز بولىدۇ، — دېدى.

تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ سەكرەپ كەتكىلى تاسلا قالدىم. ئىچىمدە مايرا مۇھەممەتجانىۋاغا رەھمەت ئېيتتىم. ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟

يۈگۈرگەندەك پەسكە چۈشۈپ، كىچىك ماشىنا ئەترىتىگە بېرىپ، ئەتە چۈشتىن كېيىن مېنى سائەت ئۈچكە ئۈلگۈرتۈپ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويىدىغان بىر ماشىنا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويساڭلار دەپ ئۆتۈندۈم. كىچىك ماشىنا ئەترىتىدىكى خىزمەتچى ۋە باشقۇرغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر ياشلار ئىكەن. «بولىدۇ، 15 يۈەن پۇلنى كاسسىرغا تاپشۇرۇپ تالوننى بېرىڭ، بىز ئەتە دېگەن ۋاقتىڭىزدا سەيپىدىن ئاكىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىمىز» — دېدى. مەن كاسسىرغا 15 يۈەن پۇل تاپشۇرۇپ، تالوننى كەستۇرۇپ، كىچىك ماشىنا ئەترىتىنىڭ باشلىقىغا بەردىم. ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە مەنىلىك قارىۋېتىپ، «سىز ئەپەندىمنى ئۆز كەسپىڭىز بىلەن ئىزدىمەكچىغۇ دەيمەن. سەيپىدىن ئاكا ناھايىتى ئاددىي - ساددا، پاراڭچى ئادەم، ئەمما سىزنى يېڭى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ، دېيەلمەيمەن. سىزدىن بۇرۇنمۇ كۆپ ئادەملەر ئىزدەپ بارغان. ئۇلارغا «ئۆمۈر داستانى» دا ھەممىنى يازدىم. شۇنىڭدىن پايدىلانساڭلار بولىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىپ قايتۇرغان. سىزمۇ كۆرۈشۈپ بېقىڭ، ئۆزى چۆچەكتە تۇرغان، ئايىم ئاپپاي چۆچەكلىك، پاراڭلار كېلىشىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دېدى.

ئەترەت باشلىقىنىڭ سۆزى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. مەن سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى»نى بىر نەچچە قېتىم ئوقۇپ چىققانىدىم. كىتابتىكى «چۆچەكتە ئۆتكەن ئالتە يىل» دېگەن قىسمىدىن ماتېرىياللارنى كۆچۈرۈۋالغانىدىم. مېنىمۇ باشقىلارغا دېگەن جاۋابىنى بېرىپ يولغا سېلىپ قويارمۇ؟ مەن كىتابتىن ئەگىپ ئۆتۈپ، كىتابتا دېيىلمىگەن، ئەمما سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئەستىقلىشى ئارقىلىق تارىخىي چىنلىقى كامال تاپىدىغان مەسىلىلەردىن ئۆز كۆڭلۈمدە سوراق بولۇپ كېلىۋاتقان ئەمما ھازىرغىچە قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن مەسىلىلەردىن بىر نەچچىنى قەغەزگە يازدىم. مەن بۇ مەسىلىلەرنى 1986 — 1987 - يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولغان، ئىلگىرى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ

سابىق نازىرى، سودا ـ سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن، ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىللە ئوقۇغان ھەمدە چۆچەكتە بىللە ئىشلىگەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بىللە قاتناشقان پېشقەدەم ئىنقىلابچى ئابلىمىت ھاجىيېف ئاكىنىڭ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى تارباغاتاي»، «تارباغاتاي مائارىپىنىڭ 40 يىلى»، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە ئىشلىرى» قاتارلىق مەزمۇندىكى ئەسلىمىلىرىنى رەتلەپ بەرگەن ۋاقتىمدا سورىسام «سەيپىدىن ئەزىزىدىن ئېنىقلاپ باقساق بولىدۇ»، «سەيپىدىن ئەزىزى تەپسىلاتىنى ياخشى بىلىدۇ»، «پۇرسەت بولسا، سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن سۆھبەتلەشسىڭىز بولىدۇ» دېگەنىدى. مەن شۇ سوئاللارنى خاتىرەمگە تىزىپ يۈرەتتىم. ئۇ خاتىرەمنى يېنىمدىن ئايرىمايتتىم.

مەن ئاشۇ خاتىرىنى ئېلىپ، باشتىن ـ ئاخىر بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۆزۈم سەيپىدىن ئەزىزىدىن سوراپ ئېنىقلىسام بولىدۇ دېگەن مەسىلىلەرنى قايتا رەتلىسەم 11 مەسىلە بولدى. بۇ مەسىلىلەرنىڭ كۆپى «ئۆمۈر داستانى» دا بايان قىلىنمىغان ياكى تولۇق بايان قىلىنمىغان مەسىلىلەر ئىدى. سائەتكە قارىسام كېچە 12 دىن ئېشىپتۇ، ئۇيقۇم كەلمەيتتى، زورلىنىپ ئۇخلىغان بولدۇم. ئەتىسى ئەتىگەن كىچىك ماشىنا ئەترىتىنىڭ باشلىقىنى ئىزدەپ بېرىپ يادىغا يەنە بىر قېتىم سېلىپ قويدۇم.

— سىز خاتىرجەم ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ. مەن ياتىقىڭىزغا تېلېفون بەرگەندە چۈشسىڭىز بولىدۇ، — دېدى.

سائەت 2 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە تېلېفون جىرىڭلىدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپلا پەسكە قاراپ يۈگۈردۈم، چىقسام كىچىك ماشىنا ئەترىتىنىڭ باشلىقى داگىداسىنى قولىقىدا تۇتۇپ تۇرۇپتىكەن:

— سىز تېلېفوننى ئالمايلا يۈگرەپ چۈشۈپسىزغۇ، ھازىر يەنە بىر ئاز بالدۇر. مەن سىزنى چۈشلۈك ئارام ئالغان بولسا تۇرۇپ يۈزلىرىنى يۇيۇۋالسۇن دەپتىمەن. يەنە 10 مىنۇتتىن كېيىن ماڭساقمۇ ئۈلگۈرىمىز، مەن ئۆزۈم ئېلىپ باراي، خاتىرجەم بولۇڭ! — دېدى.

بىز شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئورنىدىن چىقىپ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئېگىز تۆمۈر مۇنارىسىدىن ئەگىپ ئۆتۈپلا 10 مىنۇتقا قالماي مەنزىلگە يېتىپ باردۇق.

بىرىنچى دەرۋازىدا توسۇپ كىم بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىمىزنى سورىدى. بىز سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. پوس تېلېفون بېرىپ بولۇپ، بىزنىڭ كىرىشىمىزگە رۇخسەت قىلدى. 2 ـ ، 3 ـ دەرۋازىلاردا ئوخشاش ئىش تەكرارلاندى. ئاندىن ماشىنا ئىككى قەۋەتلىك بىر داچىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىشىغا ئىچكىرىدىن بىر ھەربىي يۈگۈرگەندەك چىقىپ، مېنى باشلاپ ماڭدى. مەن كەينىمگە بۇرۇلۇپ شوپۇرغا رەھمەت دېگۈچە شوپۇر ماشىنىسىنى ئايلاندۇرۇپ، ماڭا «غەلىبە» مەنىسىدىكى قول ئىشارىسىنى قىلىپ كېتىپ قالدى.

مەن ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، ھېلىقى ھەربىينىڭ كەينىدىن ماڭدىم، ئۇ ئالدى بىلەن داچىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىشىمگە ئىشارە قىلىپ سول تەرەپتىكى ئوچۇق تۇرغان ئىشىكنى كۆرسەتتى. مەن ئىچكىرىگە كىردىم. قارىسام سەيپىدىن ئەزىزى دەم ئېلىش كىيىمى بىلەن كىتاب ئىشكابىنىڭ يېنىدا بىر كىتابنى ئاختۇرۇپ تۇرۇپتىكەن.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دەپ سالام بەردىم. سەيپىدىن ئەزىزى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دەپ مېنىڭ سالىمىمنى قوبۇل قىلدى ـ يۇ، ئەمما كىتاب ئىشكابىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ — سىلەرنىڭ ماڭا ئەۋەتكەن «تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» نى مۇشۇ كىتاب ئىشكابىغا قويغاندەك قىلاتتىم، — دەپ

يەنە ئاختۇرغىلى تۇردى. مەن دەرھاللا:

— ئاۋارە بولۇپ ئىزدىمىسىلە، بىزنىڭ پارتكىمىز ئۇ چوڭ ئىشلار خاتىرىسى توغرىسىدا بولمايدۇ، ئۇنى كېيىن كۆرسەكمۇ بولىدۇ، — دېدىم.

ھېلىقى ھەربىي مېنى باشلاپ كىرگەن ئۆي سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ كۇتۇپخانىسى بولۇپ، 50 — 60 كىۋادراتمېتىرلىق بۇ ئۆينىڭ ئۈچ تېمىنى ياقىلىتىپ كىرىشمە كىتاب ئىشكابى تىزىقلىق ئىدى. ئوتتۇرىدىكى بوشلۇققا بىر بىليارت تاختىسى قويۇلغان بولۇپ، تاشلىرى كۆرۈنمەيتتى، ئىككى بىليارت تايىقى تاختىنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويۇلغانىدى. ئىشىكتىن كىرگەندە سول قول تەرەپتىكى تامغا چوڭ جۇڭگو خەرىتىسى بىلەن دۇنيا خەرىتىسى چاپلانغان ئىدى. تامنى ياقىلىتىپ كىرىسلو قويۇلۇپ كىرىسلونىڭ ئالدىغا بىر چاي ئۈستىلى جايلاشتۇرۇلغانىدى. چاي ئۈستىلىنىڭ ئۈستىدە ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمىگۇدەك چوڭلۇقتا بىر گلوبۇس تۇراتتى.

سەيپىدىن ئەزىزى كىتاب ئىشكابىنى ئاختۇرۇشتىن توختاپ، مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، تۆر تەرەپتىكى ئۆزۈن كىرىسلودا ئولتۇرۇشۇمنى بۇيرۇپ، ئۆزى چاي ئۈستىلىنىڭ بېشىدىكى بىر كىشىلىك كىرىسلوغا ئولتۇردى. مېنى باشلاپ كىرگەن ھەربىي سەيپىدىن ئەزىزى ئىككىمىزنىڭ ئالدىغا ئىككى ئىستاكان قايناقسۇ قۇيۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنى خېلى ئازادە ھېس قىلىپ قالغانىدىم.

سەيپىدىن ئەزىزى ئالدى بىلەن سۆز باشلىدى:

— سىلەرنىڭ «چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» («ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارباغاتايدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» نى بىز 1989 - يىلى تارباغاتاي ئارخىپ ئىدارىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىگە تەئەللۇق ئارخىپ ماتېرىياللار ۋە بىر قانچە قېتىملىق پىشقەدەم كادىرلار سۆھبەت يىغىنى ۋە باشقا يازما، ئەسلىمە ئارخىپ ماتېرىياللارغا ئاساسەن تۈزۈپ چىقىپ «پىكىر ئېلىش نۇسخىسى» سۈپىتىدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە كىشىلەرگە تارقىتىپ بەرگەنىدۇق) ياخشى يېزىلىپتۇ. كۆرۈپ چىقتىم، بەزى جايلىرىدا بەك ئۇششاقلاپ كەتكەندەك قىلىسىلەر، شۇنى كۆرسەتمەكچىدىم. سىز باشقا مەزمۇندا پاراڭ قىلايلى دەيسىزغۇ، قېنى ئاڭلاپ باقاي! نېمە توغرىسىدا پاراڭ سېلىشساق بولىدۇ؟

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىبىر مەسىلە يېزىلغان قەغەزنى سەيپىدىن ئەزىزگە سۇندۇم، سەيپىدىن ئەزىزى مېنىڭ ئولتۇرۇپ سۆزلىشىمگە ئىجازەت بېرىپ، ئۆزى قەغەزدىكى خەتلەرگە كۆز يۈگۈرتۇشكە باشلىدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئىشىك ئاستا ئېچىلغاندىن كېيىن قولىدا بامبۇك چىۋىقلىرىدىن توقۇلغان چىرايلىق سېۋەتتە شاپتۇل ۋە تۇرلۇك مېۋە كۆتۈرۈپ ئايىم ئاپپاي كىرىپ كەلدى. ئايىم ئاپپاي تۇتۇق چۆچەك ئورتاق تىلىنىڭ تەلەپپۇزىدا:

— يۇرتىمىز چۆچەكتىن كەلگەن مېھمان بىلەن كۆرۈشۈشۈمگە رۇخسەتمىكىن، سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى بۆلۈپ تاشلىمىغاندىمەن؟! — دەپ سۆزلىگىنىچە كېلىپ سېۋەتنى چاي ئۈستىلىگە قويدى. ئاندىن: خۇش - ئامان كەپقالدىڭىز، چۆچەكتىكىلەرنىڭ ھەممىسى سالامەت تۇرغاندۇ، بىزمۇ ئۇزاق بولدى ئۇ ياقلارغا ئۆتەلمىدۇق، — دەپ مېنىڭ تولۇق جاۋابىمنى كۈتمەستىنلا چىقىپ كېتىشكە ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. مەن دەرھال بۇ ئاپپاي ئەمدى چىقىپ كەتسە يەنە قايتىپ كىرمىگۇدەك، چۈنكى بىزنىڭ سۆھبىتىمىزنى بۆلگۈسى كەلمىدى بولغاي، ئەگەر قوشۇلسا بىر سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرۇۋالاي دېگەن خىيال بىلەن:

— ئايىم ئاپپاي، مالال قىلمىسام سەيپىدىن ئاكام ئۈچىمىز بىر خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈۋالساق بولامدۇ؟ دېيىشىمگە دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ، «بولىدۇ، بولىدۇ، ئۇنىڭ نېمە مالالچىلىقى بولاتتى. مەن ئاۋۇ بالىنى چاقىراي» دەپ چىقىپ كېتىپ، مېنى باشلاپ كىرگەن ھەربىينى باشلاپ كىردى. مەن ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئاپپاراتنى ھەربىيگە بەردىم. ئايىم ئاپپاي كېلىپ مېنىڭ يېنىمغىلا ئولتۇردى. مەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ خاتىرە ئېلىۋاتقان قىياپەتكە كىردىم، كونۇپكا بېسىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر تارىخىي خاتىرە قېلىپ قالدى. رەسىم تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئايىم ئاپپاي باشقىچە كۆرۈنۈشتە چۈشەيلى دېمىدى، مەنمۇ باشقىچە كۆرۈنۈشتە چۈشۈش ياكى ساقلىق ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم تارتىپ قويۇش تەلىپىنى بېرىشكە پېتىنالمىدىم. ئايىم ئاپپاي: «سۆھبىتىڭلار كۆڭۈللۈك بولسۇن، مەن سىلەرگە مالال قىلماي» دەپ چىقىپ كەتتى.

بىزنىڭ سۆھبىتىمىز شۇنداق راۋان ھەم كۆڭۈللۈك بولدى. مېنىڭ ئىككى كۈندىن بۇيان تۈزگەن سۆھبەت تىزىسىم بىر تەرەپتە قايرىلىپ قېلىپ، سەيپىدىن ئاكام ئۆزى سوئال قويۇپ ئۆزى جاۋاب بېرىپ سۆزلىدى. سۆز ئارىسىدا «شۇنداق ئەمەسمۇ» دەپ ماڭا تەستىقلىتاتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بىر ۋاقىتتا سەيپىدىن ئاكىنىڭ:

— تاماكا چەكمىدىڭىزغۇ، تاماكا چېكىمۋېلىڭ، دېگەن سۆزى مېنى ئەسلىمگە كەلتۈردى. مەن تاماكا چېكىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدىم. مېنىڭ تاماكا چېكىدىغانلىقىمنى كىيىۋالغان دىچۇلياڭدىن تىكىلگەن كۆڭلەكتىن بىلىپ قالغانىدى. چۈنكى ئادەتتە تاماكا بىلەن چاقماقنى دىچۇلياڭ كۆڭلەكنىڭ مەيدە يانچۇقىغا سېلىپ قوياتتىم. دىچۇلياڭ كۆڭلەكنىڭ يانچۇقىدىكى نەرسە ئوچۇقلا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، تاماكا چېكىدىغانلىقىمنى، يانچۇقۇمدا تاماكىنىڭ بارلىقىنى نامايەن قىلىپ تۇراتتى. شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ بىخەستىلىكىمدىن ناھايىتى خىجىل بولدۇم. خىجىللىقتا:

— سىزنىڭ ئالدىڭىزدا، ھەم بۇ ئۆينىڭ ئىچىدە تاماكا چەكسەم ئەدەبسىزلىك بولىدۇ دېدىم.

— ھېچقىسى يوق، مەنمۇ بىر ئۆمۈر تاماكا چەككەن ئادەم، تاماكىنى تاشلىغىنىمغا ئالتە يىل بولدى، ھازىر چەكمەيمەن، ئەمما تاماكا چېكىدىغان ئادەمنىڭ خۇمارىنىڭ قانداق تۇتىدىغانلىقىنى بىلىمەن. — دېدى. مەن ئەمدى يالتىيىشقا ئامالىم بولماي:

— ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ چېكىپ كىرەي — دەپتىمەن. سەيپىدىن ئەزىزىمۇ مېنىڭ مۇشۇ سۆزۈمنى كۈتۈپ تۇرغاندەك:

— يۈرۈڭ، تالاغا چىقىپلا پاراڭلىشايلى، ئۆيدە قامىلىپ ئولتۇرىۋەرگىچە، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ سۆھبەت ئورنىمىز تالادىكى يېشىللىق سەيناغا قۇرۇلغان سايىۋەن ئاستىغا تەييارلانغان دۈگىلەك ئۈستەلگە يۆتكەلدى. پارىڭىمىز ئاۋۋالقىدەكلا قىزىق كېتىۋاتىدۇ. مەن مۆھتەرەم رەھبىرىمىزنىڭ سۆزىنى بۆلمەسلىك شەرتى ئاستىدا ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۆزۈم قىزىققان نۇقتىلارغا سوئال قوياتتىم ياكى ئېنىقلىۋېلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەرنى قىستۇرۇپ سوراپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمايتتىم. ئۆز ئۆيىمىزدە، چۆچەكتە سۆزلىشىۋاتقاندەكلا سۆھبىتىمىز راۋان داۋاملاشماقتا ئىدى.

ئايىم ئاپپاي يېشىللىقلار ئارىسىدا قىز نەۋرىسىنى ئوينىتىپ يۈرەتتى. بەزىدە خىزمەتچىلەرمۇ ياكى قوغدىغۇچىلىرىمۇ ئىشقىلىپ ھەربىيلەرمۇ كېلىپ نەۋرە قىزىنى ئوينىتاتتى. ئۇلار بىزدىن سەل يىراقتا بولغاچقا بىزنىڭ سۆھبىتىمىزگە ھېچقانداق دەخلى قىلمىدى. بەزىدە توپلىرى دومىلاپ بىز ئولتۇرغان يەرگە كېلىپ قالسا، مەن ئېلىپ قايتۇرۇپ ئېتىپ بېرەتتىم. ئارىلىقتا ئايىم ئاپپاي بىزگە چاي قۇيۇپ قويۇش ئۈچۈن بىر قېتىم يېنىمىزغا كەلگەندە، مەن يەنە:

— ئايىم ئاپپاي تالا كۆرۈنۈشىدىن بىر خاتىرە قالدۇرساق بولامدۇ؟ — دەپ سورىدىم. ئايىم ئاپپاي:

— بولىدۇ، تاھىرجان، نېمىشقا بولمايدىكەن، — دېدى. بىز سايىۋەن ئاستىدا يەنە بىر خاتىرە قالدۇردۇق.

سۆھبەت ئارىلىقىدا بەزىدە ئايىم ئاپپاي كېلىپ سۆھبىتىمىزنى ئاڭلايتتى. بەزىدە سۆھبىتىمىزگە ئارىلىشىپمۇ قوياتتى. بىر قېتىم ئايىم ئاپپاي كېلىپ ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭدىن:

— سىزدىن بىر ئىشنى سورىسام، ئەينى ۋاقىتتا مەھمۇد قەشقەرى دېگەن نام خەلق ئالەمگە تېخى تونۇشلۇق بولمىغان ۋاقىتتا، چۆچەكتە «مەھمۇدىيە» نامىدا مەكتەپ ئېچىش كىمنىڭ خىيالىغا كەلگەندۇ، قانداق ئارقا كۆرۈنۈشى باردۇ؟ — دەپ سورىدىم. ئايىم ئاپپاي ئويلىنىپ تۇرمايلا:

— «مەھمۇدىيە»نىڭ تۇنجى ئوقۇغۇچىلىرى بىز بولىمىز، بىزدىن بۇرۇن چۆچەكتە ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى يوق ئىدى. ئۇيغۇر قىزلىرى «ئۆمەرىيە» دە ياكى «گۈلەندەمىيە» دە تاتارچە ئوقۇيتتى. 1932 - يىلى بىز تۇنجى بولۇپ بۇلاق كوچىسىدا ئېچىلغان «مەھمۇدىيە قىزلار مەكتىپى» گە كىرىپ ئوقۇدۇق. مەكتەپ مۇدىرى ماھىيە ئىسھاقىيە ئىدى. ماھىيە ئاپپاي نىياز ئىسھاقنىڭ چوڭ قىزى ئىدى. نىياز ئىسھاقنى 1938 - يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تۇتۇپ كېتىپ، شۇ پېتى قايتىپ كەلمىگەن. كېيىن ئاڭلىساق ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. مەكتەپنىڭ نامى قانداقچە «مەھمۇدىيە» دەپ ئاتالدى. بۇنى مەن تەتقىق قىلماپتىمەن، سەيپىدىن ئاكامۇ شۇ مەكتەپكە دەرس بەرگەن. بىلىشى مۇمكىن، — دېدى. مېنىڭ كۈتكۈنۈممۇ ئاخىرقى جاۋابنى سەيپىدىن ئەزىزىدىن ئاڭلاش ئىدى. سەيپىدىن ئاكام بىردەم جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— بۇ گەپنى خېلى يىراقتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. چۆچەك ئۆزى كىچىك ھەم خىلۋەت شەھەر بولغىنى بىلەن چېگرادىكى مۇھىم بىر ئۆتكەل. بۇ خىلۋەت شەھەرنىڭ ئاھالىسى ھەرقايسى قوۋملاردىن تەشكىل تاپقان، ھەر جاي - ھەر جايدىن كېلىپ توپلاشقان بولغاچقا، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىشقا بەك مايىل كېلىدۇ. بولۇپمۇ «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» دىن كېيىن ۋە شۇ دەۋردە باشلانغان جەدىدچە ئوقۇتۇش ھەرىكىتى چۆچەكتە بىخ ئۇرۇپ تېز تەرەققىي قىلغان، بولۇپمۇ رۇسىيەنىڭ موسكۋا، پېتىربۇرگ، قازان قاتارلىق يېڭى مەدەنىيەت تېزرەك تەرەققىي قىلغان جايلارغا بېرىپ كېلىدىغان سودىگەرلەر، سەيياھلار چۆچەك ئارقىلىق بېرىپ - كېلىپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا ئىلغار ئىدىيەدىكى كىشىلەرنىڭمۇ كۆپرەك باش قوشۇپ قالىدىغان جايلىرىنىڭ بىرى ئىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنىپ، تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەندە مەمتىلى ئەپەندىم قاتارلىق شىنجاڭلىق بىر قىسىم ياشلار ئىستانبۇلدا بىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانىدى. مىڭ يىلغا يېقىن كۆمۈلۈپ ياتقان بۇ گۆھەر ئابىدە ئالەم ئەھلىنى تاڭ قالدۇرغاندا، مەمتىلى ئەپەندىگە ئوخشاش ئوت يۈرەك ياشلارنى ھاياجانلاندۇرماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. مەمتىلى ئەپەندى بىرىنچى قېتىم 1931 - يىلى چۆچەكتە بىر مەزگىل تۇرۇپ كەتكەنلىكى ئېنىق. ئۇ چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەسلەكداشلىرى بولغان نىياز ئىسھاقى بىلەن بۇ توغرىسىدا سۆزلەشمەي قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى ۋاقىتتا نىياز ئىسھاق چۆچەكتىكى «تۇران مەكتىپى» نىڭ قارىمىقىدىكى نەشر ئەفكارى قولايلىقىدىن (ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇ مەكتەپ قارىمىقىدا بىر مەتبەئە شىركىتى قۇرۇلۇپ، چۆچەكتىكى مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكىنى تاش مەتبەئە — ‹لىتىرافىيە› بىلەن بېسىپ بېرەتتى) پايدىلىنىپ ئىچكى جەھەتتە «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىنى چىقىرىشقا باشلىغان. شۇڭلاشقا مەھمۇد قەشقەرىگە ئوخشاش ئۇلۇغ مۆتىۋەر ئالىمنىڭ نامىدا مەكتەپ قۇرۇش سۆزى بولمىدى دېيىشكە ئاساسىمىز يوق. چۈنكى 1932 -

يىلى «مەھمۇدىيە» نامىدا بىر ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى ئېچىپ، ئۇنىڭغا چوڭ قىزىنى مۇدىر قىلىپ تەيىنلەش مۇشۇ كىشىلەرنىڭ پىلانى، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭ خەلقىگە مەھمۇد قەشقەرىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئابىدىسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تەشۋىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان دېيىشكە بولىدۇ، ــ دېدى. مەن بۇ چۈشەندۈرۈشنى ئاڭلاپ ئاغزىم ئېچىلىپ قاراپلا قاپتىمەن. ئەينى ۋاقىتتا خاتىرە ئالمىغانلىقىمنى ئوقۇرمەنلەرگە ئالدىن دەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. مەن بىزنىڭ سۆھبىتىمىزنىڭ بىمالال بولۇشىنى كۆزلەپ خاتىرە قالدۇرماسلىقنى ئويلىغانىدىم. چۈنكى بۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپلىگەن پېشقەدەملەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە خاتىرىنى چىقارساقلا ئۇلارنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالاتتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى شۇ دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئادەملەر چۈشىنەلەيدۇ. مەن ئەينى ۋاقىتتا خاتىرە قالدۇرمىغان بىلەن ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىم كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ چاغلار مېنىڭ تازا قىران چاغلىرىم ئىدى.

پاراڭ ئارىسىدا ئايىم ئاپپاي يەنە نەۋرىسىنى كۆتۈرۈپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى. مەن كىچىك بالىنى كۆرسەم كۆتۈرۈپ قويۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادىتىم بويىچە ئايىم ئاپپاينىڭ قولىدىن نەۋرىسىنى ئالسام تارتىنماستىنلا قۇچۇقۇمغا چىقتى. مەن نەۋرىسىنى (ئىككى ياش ئەتراپىدا بولسا كېرەك) كۆتۈرۈپ دۈگۈلەك ئۈستەل ئەتراپىدا ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرەتتىم. سەيپىدىن ئەزىزى خۇددى مېھرىبان ئاتىلاردەك ناھايىتى قىزىقىش ۋە چوڭقۇر مېھرى بىلەن كۆزلىرىنى تىكىپ ماڭا قاراپ بويىنىنى بۇراپ بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن «تاھىرجان، بۇ يىل قانچە ياشقا كىردىڭ؟» دەپ سورىدى. مەنمۇ پەرۋاسىزلا «38 ياشقا كىردىم» دېدىم.

سەيپىدىن ئەزىزى «قارىمامدىغان، سېنىڭ يېشىڭ مېنىڭ يېشىمنىڭ دەل يېرىمى ئىكەن، مانا مەن بۇ يىل 76 ياشقا كىردىم. سەندىن بىر ھەسسە ۋاقىت ئارتۇق ياشاپتىمەن ئەمەسمۇ» دەپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. بىزنىڭ سۆھبىتىمىز ئەسلىدىكى تېمىدىن خېلىلا ھالقىپ كەتكەن ئىدى. شۇ ئەسنادا ئايىم ئاپپاي سۆز قىستۇرۇپ «تاھىر سىز يەنىلا شۇ چۆچەكتە ئىشلەۋېرەمسىز. چوڭ شەھەرلەرگە كېلىپ ئىشلەشنى ئويلاشمىدىڭىزمۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. بۇ سوئال ماڭا بەك تۇيۇقسىز بولغانلىقتىنمۇ ياكى ئەينى ۋاقىتتىكى خىزمەت توغرىسىدىكى كۆتۈشۈم شۇنداق بولغاچقىمۇ ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، سەممىيلىك بىلەن «بۇرۇن ئۈرۈمچىگە ئالمىشىپ كېلىشنى ئويلايدىغان، ئەمما پۇرسەت بولمىدى. ھازىر ‹ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارباغاتايدىكى تارىخى› ناملىق كىتابنى يېزىپ چىقىش ئىشىنى رەسمىي پىلانغا كىرگۈزمەكچىمىز. ئەگەر مۇشۇ پىلان تەستىقلىنىپ قالسا، مۇشۇ كىتابنى يېزىش ئىشىغا قاتناشسام دەيمەن» دەپ جاۋاب بەردىم. سەيپىدىن ئاكا بىلەن ئايىم ئاپپاي بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويدى ـ يۇ، ئەمما گەپ قىلمىدى.

ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى ھەرقايسى ۋىلايەتلەر ئايرىم ـ ئايرىم يېزىش ئاساسىدا بىرلەشتۈرۈپ، بىر پۈتۈن «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى» قىلىپ يېزىش پىلانلانغانىدى. 1992 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدىكى پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى ئىشىغا مەسئۇل رەھبەرنىڭ خەت ئارقىلىق ئۇقتۇرۇشى بىلەن ۋىلايەتلەر ئايرىم يېزىشنى توختىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى كۈچ تەشكىللەپ بىر تۇتاش يېزىشقا ئۆزگەرتكەندىن كېيىن بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئوتتۇرا يولدا توختاپ قالدى. ئەينى ۋاقىتتا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارباغاتايدىكى تارىخى» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىقىش ئىستىكى يۇقىرىقى جاۋابنى بېرىشىمگە سەۋەب بولغان دەپ ئويلايمەن.

پارىڭىمىز ئۈزۈلۈپ قالمىدى. سەيپىدىن ئاكا ماڭا سوئال قويۇپ جاۋاب ئالاتتى، مېنىڭ سورىغان

مەسىلىلىرىمگە ئاساسەن دېگۈدەك ئەتراپلىق جاۋاب بېرەتتى. كۈن غەربكە ئەگىپ، ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بارغانلىقىنى ئەسكەرتىشكە باشلىدى. ئەمدى مەن بۇ كىشىنى ھاردۇرۇپ قويىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپ، قايتىپ كېتەي دېسەم سەيپىدىن ئاكا «نېمە، قايتامسىز؟ چۆچەكلىكلەر ئۇنداق قىلمايدۇ، چۆچەك مېنىڭ ئىككىنچى يۇرتۇم، ناھايىتى چوڭقۇر ئىشتىياقىم چۈشكەن جاي. ئادەملىرىمۇ مەدەنىيەتلىك، چىقىشقاق، ھەر تەرەپتىن توپلاشقان خەلق بولغاچقىمۇ ياكى ئىجتىمائىي مەۋقەنىڭ تەسىرىمۇ، ھېچكىمنى چەتكە قېقىش دېگەن يوق، ھەرقاچان ئىشىكى ئوچۇق، داستىخىنى يېيىقلىق خەلق. ئادەمنى ئارتۇق گەپ قىلدۇرماي جىم ئولتۇر، ئاپپىيىڭنىڭ قولىدىن بىر تەم تېتىپ كەتكىن» دېمەسمۇ. «ماقۇل» دېمەكتىن باشقا چارە قالمىدى.

مەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ «سەيپىدىن ئاكا، مەن بىر ئىشنى ئېنىقلىۋالسام دەيمەن. 1946 — 1947 - يىللىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھاۋالە قىلىشى بىلەن چۆچەكتە تۇرۇۋاتقان ۋىلايەتلىك دىنىي نازارەتنىڭ نازىرى ئىسمائىل داموللانىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەنلىكى ئەخمەتجان قاسىمى بىر نەچچە قېتىم چۆچەككە خىزمەت تەكشۈرۈشكە كەلگەندە، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشىنى سۈيلىگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر «خەلق ئاۋازى»، «خەلقچى» قاتارلىق گېزىتلاردە بېرىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. بىر قانچە قېتىم سىزمۇ چۆچەككە بىللە بارغان ھەم ئىسمائىل داموللامنىڭ ئۆيىدە بولغانلىقىڭىزمۇ گېزىتتە خەۋەر قىلىنغان ئىكەن. مۇشۇ ئىشنىڭ ئېنىقىنى بىر بىلىپ باقسام، — دەپ سورىدىم.

بۇ ئىشنى ئەسلى غۇلجىدىكى داموللاملارغا ئىشلىتىشكىمۇ بولاتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بۇ ئىشقا قىزىقىپ كىرىشىدىغان ئادەم چىقمىدى. ئىسمائىل داموللامنىڭ ئەرەب - پارس تىللىرىغا بولغان تەتقىقاتى چوڭقۇر بولۇپ، ئەينى دەۋردە كىشىلەرنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدىكى سەۋىيەسىنى كۆرسۈتۈپ يۈرگەنلىكىنى بىلەتتۇق. ئەينى ۋاقىتتا ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ئىشنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەشنى ۋە شۇ ئارقىلىق مىللەت روھىنى ئۇرغۇتۇپ، يېڭىچە مائارىپ ئىشلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشنىڭ بىر ئاساسى قىلىشنى تەشەببۇس قىلغانلىقتىن، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان مەن بۇنى كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە توغرا كەلدى. شۇڭا خىزمەت تەكشۈرۈش قولايلىقى بىلەن چۆچەككە بىر نەچچە قېتىم بېرىپ بۇ ئىشنى ئىسمائىل داموللامغا تاپشۇردۇم. بۇ ئەلۋەتتە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە بولغانلىقتىن، گېزىتلەردە شۇ كىشىنىڭ نامى بويىچە ئاتىلىشى كېرەك. بۇنىڭ بىر تەرەپتىن تەشۋىقاتقا پايدىسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئوبرازىنى كىشىلەر قەلبىدە تىكلەش ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا ئوخشاش ئۆچمەس ئابىدىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرۈشكە پايدىلىق ئىدى.

ئېسىڭىزدە بولسۇن، تاھىر ئۇكام، بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئەجدادلىرى تىكلەپ كەتكەن ئابىدىلەر بىلەن كارى بولمىغان، ئۇ ئابىدىلەرنى قەدىرلىمىگەن ۋاقتى شۇ مىللەتنىڭ چۈشكۈنلەشكەن، كەلگۈسىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ۋاقتى. مىللەت روھىنى ئۇرغۇتىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك تەشۋىقات قورالى شۇ مىللەتنىڭ تارىختىكى قەھرىمانلىرى بىلەن رېئال تۇرمۇشتا ئەتراپىمىزدا ھەر كۈنى ۋۇجۇدقا چىقىپ تۇرغان ئاۋانگىراتلىرىنىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىش ۋە دەۋرگە مۇناسىپ قەھرىمانلارنى يېتىلدۈرۈش. مانا بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شۇ كىشىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئىشلەنگەن بىر ئاز ئىشلار ئىدى. ئىشنى باشلىشىمىز ئوبدان بولغان بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا روياپقا چىقمىغاچقا، «ئۆمۈر داستانى» دا مۇشۇنداق ئىشنىڭ بولغانلىقىنىلا يېزىپ قويدۇم، خالاس. بۇ ئىشلارمۇ ئاخىرى روياپقا چىقتى.

بىر كۈن ۋاقىت ئىچىدە مەن بىر دۆلەت رەھبىرى بىلەن ئەمەس بەلكى مېھرىبان ئاتام بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندەك ھېس قىلدىم. كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى «تاھىر، بەس بولدى، ۋاقىت كەچ بولدى، قايتىپ كەت دېسە، يەنە بىر يېرى «ياق تاھىر بۇ بىر تېپىلماس پۇرسەت، سورايدىغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى سورىۋال، بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى بىلىۋال» دەيتتى.

كەچ كىرىپ، قاراڭغۇ چۈشتى. ئايىم ئاپپاي بىزنى ئۈچىنچى قېتىم تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلغاندا ئورنىمىزدىن قوزغۇلۇپ ئۆيگە قاراپ ماڭدۇق. تاماق ئۈستىدە پاراڭنى ۋاقىتلىق توختىتىپ تاماق يېگەن بولساقمۇ، تاماق قاچىلىرى يىغىشتۇرۇلمايلا سۆھبەتكە كىرىشىپ كەتتۇق. ئاخىر ئايىم ئاپپاي چىدىمىدى:

— سەيپىدىن، سىز بۈگۈن ھەددىڭىزدىن ئېشىپ كەتتىڭىز، سىز دەم ئالمىغىلى قانچە سائەت بولدى، ئەمدى دەم ئېلىش ۋاقتىڭىز توشتى، دېگەندە ئىلاجسىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، بىر ـ بىرىمىزنى يېتىلەپ كارىدورغا چىقتۇق، سەيپىدىن ئاكام ئىككىنچى قەۋەتتە ياتىدىكەن. ئاشخانا بىلەن بىناغا چىقىدىغان پەلەمپەي ئارىلىقىدا تۇرۇپ يەنە سۆزىمىز تۈگىمىدى، ئاخىر ئايىم ئاپپاي ماڭا كۈچ قىلدى: تاھىر سىز ئەمدى قايتىپ كېتىڭ، ماشىنا چاقىرىپ قويدۇم، ياتىقىڭىزغا ئاپىرىپ قويىدۇ، سىز كەتمىسىڭىز سەيپىدىننى مەن سۆزدىن توختىتالمايدىكەنمەن، — دېدى. دېگەندەك ماڭا بىر ماشىنا تەييار قىلىپ قويغانىكەن، ماشىنا بىلەن شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئورنىغا قايتىپ كەلدىم. بۇ چاغدا سائەت كېچە 11 غا 15 مىنۇت قاپتۇ. بىرەر سائەت پاراڭلىشالىسام كۇپايە دەپ بېرىپ سەككىز سائەتتىن ئارتۇق پاراڭلىشىپتىمەن.

شۇ كۈنى ئېلىپ بېرىلغان سەككىز سائەتلىك سۆھبەتتە كونا سوئاللارغا نىسبەتەن جاۋاب تاپقان بولدۇم دېسەممۇ نۇرغۇنلىغان يېڭى سوئاللار يېڭى تۈگۈنلەر روھىي دۇنيايىمنى چىرمىۋېلىپ ئارام بەرمىدى.

سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن ئىككىچى قېتىم كۆرۈشۈشۈم 1992 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كەچ، قۇربان ھېيتنىڭ 4 ـ كۈنى، مەن ئايالىم سائادەتنىڭ قان تومۇر ياللۇغى كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن بېيجىڭغا يېتىپ بارغاندا بولدى. بېيجىڭغا بارغان كۈنى يەنە ئادىتىمىز بويىچە بېيجىڭدىكى شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇق. كەچلىك تاماقتا چوڭ ئاشخانىغا بارايلى دەپ ماڭساق ئىش باشقۇرۇش ئورنىدىكى كىشىلەر بىزگە:

— بۈگۈن چوڭ ئاشخانا تىجارەت قىلمىدى، كەچتە قۇربان ھېيتنى تەبرىكلەپ كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزمەكچى، سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن ئايىم ئاپپاي كېلىدۇ دەپ ئاڭلىدۇق، — دېدى.

بىز سىرتتىكى كىچىك ئاشخانىلاردىن ئاز ـ تولا تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن كۆڭلۈم كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە كىرىپ كۆرۈپ بېقىشقا تارتىپلا تۇردى. خىزمەتچىلەردىن:

— بىز كىرسەك بولامدۇ؟ — دەپ سورىسام:

— بولىدۇ. بۇ كاماندىروپكىغا چىقىپ قۇربان ھېيتتا يۇرتىغا قايتالمىغانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ھېسابلىنىدۇ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز بەش ياشلاردىكى كىچىك قىزىمىز سەييارەنى ئېلىپ كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە كىردۇق. بىز كىرسەك ئوتتۇرىدا ئادەملەر ئۇسسۇل ئويناۋېتىپتىكەن. قارىسام ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئۆزۈم سەيپىدىن ئاكامنىڭ ئۆيىدە كۆتۈرۈپ ئويناتقان قىز ئوتتۇرىغا چۈشۈپ كۆپچىلىك ئارىسىدا ئۇسسۇل ئويناۋېتىپتۇ. بىر قاراپلا تونۇۋالدىم. ئۇنىڭ ئوماق چىرايى، يوغان قارا كۆزلىرى كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. ئۇسسۇل تۈگىگەندىن كېيىن تانسا ئويناش باشلاندى. سەيپىدىن ئاكام بىلەن ئايىم ئاپپاي تۆردىكى قا-

تارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپتۇ. زالغا ئادەملەر لىق تولغانىدى. قانداق قىلىپ بېرىپ سالام بېرىپ
كۆرۈشۈشنى ئويلاپ تۇرسام ئايىم ئاپپاي بىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ تانسا ئوينىدى. مېنىڭ ئو-
يۇمغىمۇ دەرھال: «مەنمۇ ئايىم ئاپپاينى تانسا ئويناشقا تارتىشقا بارسام، سەيپىدىن ئاكام بىلەن كۆ-
رۈشۈپ سالام بېرەمەنغۇ» دېگەن خىيال كېچىپ، بىر پەدە تانسىنىڭ ئاياغلىشىشىنى كۈتتۈم، ئىك-
كىنچى پەدە تانسىغا ساز چېلىنىشىغىلا ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇدۇل سەيپىدىن ئاكام بىلەن ئايىم ئاپ-
پاي ئولتۇرغان تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئىچىمدە: «مەندىن بۇرۇن يېنىدا ئولتۇرغان بىرى ئايىم ئاپ-
پاينى تانسىغا تارتىپ چىقىپ كەتسە قانداق قىلارمەن، ھېچقىسى يوق شۇ سەۋەبتىن سەيپىدىن ئا-
كامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، سالام بېرىپ كۆرۈشۋالىمەن، ئۇمۇ مەقسىتىمنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى»
دەپ ئويلاپ كېتىۋاتىمەن. ھالبۇكى ھېچكىم مەن بىلەن تالاشمىدى. بېرىپ ئالدى بىلەن سەيپىدىن
ئاكامغا سالام بەردىم:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! سەيپىدىن ئاكا، ياخشىمۇسىز، قۇربان ھېيتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! ھوي، سىز تاھىر تاشبايېفقۇ، قاچان كەلدىڭىز؟

— مەن بۈگۈن چۈشتىن كېيىن پويىزدىن چۈشتۇم.

بۇ چاغدا تانسا باشلىنىپ تاسىغا چۈشكۈچىلەر ماڭا كېلىپ ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. مەن «كېلىش-
تىكى مەقسىتىمگە يەتتىم، ئەمدى ئايىم ئاپپاينى تانسىغا تەكىپ قىلىپ، تانسا ئوينىغىچە سەيپىدىن
ئاكىنىڭ ئەھۋالىنى سوراي» دېگەن خىيال بىلەن ئايىم ئاپپاينى تانسىغا تارتتىم. ئايىم ئاپپاي
ئىككىلەنمەيلا تانسىغا چىقتى. بىز تانسا ئوينىغاچ ئەھۋاللاشتۇق:

— تاھىر ئۇكام، يەنە كېلىپ قاپسىزغۇ؟

— رىزقى ھەيدەپ يەنە كېلىشكە سەۋەب چىقىپ قالدى. ئايالىم كېسەل بولۇپ قېلىپ، داۋال-
تىشقا ئېلىپ كەلگەنىدىم. سىزنىڭ نەۋرىڭىزگە ئوخشاش بىر قىزىم بار، ئۈچىمىز كەلدۇق. نەۋرى-
ڭىز چوڭ بولۇپ قاپتۇ، بايا ئوينىغان ئۇسسۇلىنى كۆرۈپ، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىكى قۇچاقتا كۆ-
تۈرۈپ ئوينىغان چاغلىرىمنى ئەسلەپ قالدىم. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا سەيپىدىن ئاكا بىر نەچچە كىشى-
نىڭ ھەمراھلىقىدا تالاغا قاراپ ماڭدى. مەن ئايىم ئاپپايدىن:

— سەيپىدىن ئاكام قايتتىمۇ، — دەپ سورىدىم.

— ياق، ھازىر قايتمايدۇ، 3 - قەۋەتتە بىر دەم ئېلىش ئۆيى بار، شۇ يەردە دەم ئالماقچى، ئەگەر
كۆرۈشمەن دېسىڭىز ھازىر چىقىپ كۆرۈشسىڭىز بولىدۇ، — دېدى.

ساز تۈگىدى. ئايىم ئاپپاينى ئورنىغا ئاپىرىپ قويۇپ، «مەن سەيپىدىن ئاكام بىلەن كۆرۈشۈپ
كېلەي» دېدىم. ئايىم ئاپپاي:

— ماقۇل، ھازىر 3 - قەۋەتتە دەم ئېلىۋاتىدۇ، ھە راست، تاھىر، ئايالىڭىز، قىزىڭىزنى ئېلىپ
ئۆيگە بېرىڭلار، — دېدى. مەن «رەھمەت» دەپ، 3 - قەۋەتكە چىقىشقا ئالدىرىدىم.

3 - قەۋەتتىكى دەم ئېلىش ئۆيى كىچىكرەك يىغىن زالىغا ئوخشاپ كېتىدىغان كۆرۈنۈش، دەم
ئېلىش ئۆيى ئىكەن. مەن چىققاندا ئىچى ئادەمگە توشۇپ كېتىپتۇ. زالنى ئايلاندۇرۇپ قويغان كى-
رىسلودا بوش ئورۇن يوق ئىدى. ئىشىك تەرەپتە بىر ئادەم تىك تۇرىدۇ. مەن ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن
قىستىلىپ ئالدىغا ئۆتتۈم ھەم:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دەپ قايتا سالام بەردىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، تاھىر تاشبايېف، كېلىڭ، كېلىڭ، مانا بۇ كىشى بىزنىڭ چۆچەكلىك
بولىدۇ، تەزكىرىچى، كېلىڭ تاھىر، مۇنۇ يەرگە ئولتۇرۇڭ، — دەپ ئۆزى ئولتۇرغان ئىككى كىشى-

لىك كىرىسلو ئازادىراق ئىكەن، مېنى چاقىرىپ بىقىنىغا ئولتۇرغۇزدى.

«كېيىن كەلگەن تۆرگە چىقار» دېگەندەك ھېچكىمگە قارىماي ھەم تارتىنماستىنلا يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. مېنىڭ كىرىشىم بىلەن باشقا كىشىلەر جىم بولدى. پاراڭ يەنىلا سەيپىدىن ئاكام ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا بولدى:

— قاچان كەلدىڭىز؟

— بۈگۈن پويىزدىن چۈشتۈم.

— چۆچەكتىكىلەرنىڭ ھەممىسى سالامەت تۇرۇۋاتقاندۇ؟

— رەھمەت، خۇداغا شۈكۈر، ھەممىسى سالامەت، مەن بۈگۈن سىزنى بۇ يەردە ئۇچرىتىمەن دەپ ئويلىماپتىمەن سەيپىدىن ئاكا، ئۆزىڭىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟

— رەھمەت ئۇكام، مانا مۇشۇنداق تۇرۇۋاتىمىز، بەزىدە كېسەل، بەزىدە ساق.

— سىز كېسەل بولماي ساق تۇرۇڭ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈڭ، چۆچەك خەلقى سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىزنى تىلەيدۇ، سىزنى سېغىنىدۇ.

— رەھمەت، مەنمۇ چۆچەكنى ھەم چۆچەك خەلقىنى سېغىنىمەن، ئۇ مېنىڭ ئىككىنچى يۇرتۇم ئەمەسمۇ! كۆپ بولدى چۆچەككە بارالمىدىم، ئالدىراش بولدۇق.

— ئەمدى بارسىڭىز بولىدۇ، قولۇمىز كۆكسىمىزدە.

— ھازىر قېرىپ قالدىم ئۇكام، ماشىنىغا چىدىمايمەن.

— ھازىر يېڭى ئايرودرۇم سېلىۋاتىمىز، شۇ ئايرودرۇم پۈتكەندە ئۆزۈم ئالغىلى كېلىمەن.

— شۇ كۈننى نېسىپ قىلسۇن.

دەل شۇ ۋاقىتتا ئىشىك ئېچىلىپ ئايىم ئاپپاي كىرىپ:

— يۇرۇڭ سەيپىدىن كېتىمىز، ماشىنا ساقلاپ قالدى، — دېدى. سەيپىدىن ئاكامۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، دەرھال تۇرۇپ يۆلەپ ماڭدىم، ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىققاندا خىزمەتچىلىرى مېنىڭ قولۇمدىن ئېلىپ، يۆلەپ ماشىنىغا چىقىرىپ ئېلىپ كەتتى. كەينىدىن قول باغلاپ قاراپ قالدىم.

ئەتىسى ئايالىمغا «سەيپىدىن ئاكامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يوقلاپ كېلەيلى» دېسەم، بىر تەرەپتىن سالامەتلىكىنىڭ يار بەرمەيدىغانلىقىنى، ئىككىنچىدىن خىجىل بولىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئۇنىمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قايتا كۆرۈشۈشكە پۇرسەت بولمىدى.

سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى مەن كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ ئاڭلىدىم.

2003 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سەھەر سائەت 3 تە مەن «خوتەن شەھىرى تەزكىرىسى»نى باھالاش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا بىز ئولتۇرغان ئاپتوبۇس تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتىدىغان قۇملۇق تاشيولىنىڭ 267 كىلومېتىر بۆلىكىگە بارغاندا بىر كۆمۈر باسقان ماشىنىنىڭ كەينىدىن ئۇسۇپ، بىر ئادەم ئۆلدى، مەن ئېغىر يارىدار بولدۇم، ئەسلى ئايروپىلاندا ماڭسام بولاتتى، چۆچەكتىن ئۈرۈمچىگە ئايروپىلاندا كەلگەنىدىم، قۇملۇق تاشيولىنى مېڭىپ كۆرمىگەچكە، شۇ پۇرسەتتە دۇنيادىكى بۇ ئەڭ چوڭ كۆچمە قۇملۇقتىن بىر كېسىپ ئۆتۈپ باقمامدىمەن، دېگەن ئىستەك بىلەن ئاپتوبۇس بىلەن يولغا چىققانىدىم. كېيىن گېزىت خەۋىرىگە قارىسام سەيپىدىن ئەزىزى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سائەت 12 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ۋاپات بولدى دېيىلىپتۇ. مەن بۇ خەۋەرنى بىر ھەپتىدىن كېيىن ھوشۇمغا كەلگەندە ئاندىن گېزىتتىن كۆردۈم. دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشالمىغان بولسامۇ كارىۋاتتا يېتىپ، «ئەلۋىدا! مۆتىۋەر رەھبىرىمىز، مېھرىبان ئاكىمىز، ئەل-

ۋىدا!» دېدىم تورۇسقا تىكىلىپ يېتىپ.

مانا ھازىر ئون يىل ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ سەيپىدىن ئاكامنىڭ مېھىر - شەپقەتكە تولغان كۆزلىرى، تەمكىن مىجەزى، مۇلايىم تەلەپپۇزى، چۆچەككە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدۋار روھى، ئەۋلادلارغا بولغان كۆڭۈل بۆلۈشى، رومانتىك ۋە كۈرەشچان ھاياتى، ئادەتتىكى ئادەملەردىن يۇقىرى بولغان ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى، كەمتەر مۇئامىلىسى، ھېلىھەم كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئەلۋىدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوغلانى!

2012 - يىلى 20 - ئۆكتەبىر، چۆچەك

**(ئاپتور: تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىدارىسىدا)**
**(تەھرىرلىگۈچى: يالقۇن روزى)**

# ۋاڭ مېڭ ئەپەندى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىندى

مەركىزىي تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، مەشھۇر يازغۇچى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق مىنىستىرى ۋاڭ مېڭ ئەپەندى شىنجاڭدا كۆپ يىل ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات ئىشلىرىدا ئۆزگىچە قاراشلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. مۇشۇ سەۋەبلىك ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە « ۋاڭ مېڭ ئەپەندىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىش توغرىسىدا ئىلتىماس» يوللىغان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ئىلتىماسنى تەستىقلىدى. 2013 - يىل 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ چۈنشيەن ئالىي مېھمانخانىدا ۋاڭ مېڭ ئەپەندىگە تەكلىپنامە تارقاتتى ھەمدە ۋاڭ مېڭ ئەپەندىنىڭ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىگە رەھمەت ئېيتتى.

# شىڭ شىسەيىنىڭ قېيىنئاتىسى چيۇ زۇڭجۇن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش سىرى

ما جيۇڭ

1949 ـ يىلى، گومىنداڭنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىپ قالغان پەيتتە، غەربىي شىمالدىكى قەدىمىي شەھەر لەنجۇۋدا، پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالغان، شىنجاڭ مىلىتارىسى شىڭ شىسەيىنىڭ قېيىنئاتىسى چيۇ زۇڭجۇن ئائىلىسىدىكى 11 ئادەمنى ئۆيىدە ئۆلتۈرۈۋېتىشتەك قانلىق دېلو يۈز بەردى.

**دېلو چيۇ زۇڭجۇننىڭ تۇرالغۇسىدا يۈز بەردى**

1949 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئەتىگەندە، چيۇ ئائىلىسىنىڭ ئاشپىزى ليۇ خەيچىڭ، چيۇ ئائىلىسىگە كەلگەندە، دەرۋازىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى، مۇھاپىزەتچى چى يۈتيەننىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، چاقىرىپ ئىزدىگەن بولسىمۇ ھېچ يەردىن تاپالمىدى. ئۇ يەنە ھۇجرىلارنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنىڭ يوچۇقلىرىدىن، ئىس ـ تۈتەك چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئوت كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ دەرھال ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە خەۋەر قىلدى. ئوت ئۆچۈرۈلۈپ، ئىس ـ تۈتەكلەر بېسىققاندىن كېيىن، ئاندىن ھۇجرىلاردىكى ئۆي سايمانلىرىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىنى، كېيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆي سايمانلىرىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇلغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۆي ئىچىدىن ئۆتكۈر بېنزىن پۇرىقىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆيلەرنىڭ دېرىزە ـ ئىشىكلىرىنى پىچەتلەپ، ئۆي بىلەن سىرتنىڭ ھاۋاسىنىڭ ئايرىلىشىپ كېتىشىدىن ساقلاندى. نەق مەيداننى يىغىشتۇرغاندا تۇيۇقسىز بىرسىنىڭ قورقۇپ ۋارقىرىغانلىقى ئاڭلاندى، ئەسلىدە ئۇ قالايمىقان نەرسىلەر ئىچىدىن قانغا مىلەنگەن بىر نەچچە جەسەتنى كۆرۈپ قالغانىدى. روشەنكى قاتىل ئادەم ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، جىنايى پاكىتنى يوقۇتۇۋېتىش ئۈچۈن ئوت قويۇۋەتكەن ئىدى.

**نەق مەيداننى تەكشۈرۈش**

لەنجۇۋ ساقچى ئىدارىسىنىڭ قانۇن دوختۇرى قاتارلىق تېخنىك خادىملارنىڭ نەق مەيداننى تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، چيۇ زۇڭجۇن، چيۇ دوڭشېن (چيۇ زۇڭجۇننىڭ جىيەنى)، فېي بوپىڭ (چيۇ دوڭشېننىڭ ئايالى) ۋە چيۇ دوڭشېننىڭ ئىككى ئوغلى، بىر قىزى (چيۇ گۇاڭخۇا، چيۇ گۇاڭرۇي، چيۇ گۇاڭلى) ھەم چيۇ دوڭشېننىڭ يېقىن ئاغىنىسى چېن زۇڭشى، شوپۇرى بى ديەنجۇن، قوغدىغۇچىسى خې دېيۇەن، خې دېفا ئاكا ـ ئۇكا ھەم سۇ توشۇغۇچى گو شىفا قاتارلىق جەمئىي ئون بىر جەسەت يىغىشتۇرۇلدى.

چيۇ زوڭجۇننىڭ تۇرالغۇسى لەنجۇۋ شەھىرى سول شەرقىي يولىدىكى 69 ـ قورۇ بولۇپ، ئالدى ھويلا ۋە ئارقى ھويلا دەپ ئىككى قورۇغا بۆلۈنەتتى. ئالدى ھويلا دەرۋازىۋەن ئۆيى، ماشىنا توختىتىش ئۆيى ۋە گۈللۈككە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھويلىنى بىر تىپىك چاسا شەكىللىك قورۇ دېيىشكە بولاتتى. چيۇ ئائىلىسى گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى، شۇنداقلا بۇ قورۇ تاملىرى ئېگىز بولغانلىقتىن، ئۇلار بىلەن قوشنىلىرىنىڭ ھېچقانداق بېرىش ـ كېلىش ئالاقىسى يوق ئىدـ

دى. قورۇنىڭ بىر بۆلۈڭىغا بەش دانە بۆرە ئىتى باغلاغلىق بولغاچقا، بۇ يەرنى تىنچ دېگىلى بولاتتى، دېلو يۈز بەرگەندە، بۇ ئىتلار هاۋشىمىغاچقا، هېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك ئىدى. يەنە دېرىزە، ئىشىكلەرنى، قورۇ تېمىنى تەكشۈرگەندە هېچقانداق ئىز بايقالمىدى. روشەنكى بۇنى «ئىچكى لېنىيە» نىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن يۈز بەرگەن دېلو دېيىشكە بولاتتى، شۇڭا بۇ ئىچكى لېنىيە مۇشۇ هويلىنىڭ مۇهاپىزەتچىسى چىڭ يۈتيەن دەپ گۇمان قىلىندى. بىراق دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۇ سىرلىق هالدا يوقالغان ئىدى.

چيۇ ئائىلىسىنىڭ مالىيەسىنى تەكشۈرگەندە، چيۇ ئائىلىسىنىڭ هېسابات دەپتىرىگە چوكا ئالتۇن، كېسەك ئالتۇن، بوكەن تېرىسى، هەر خىل سائەتلەر، رەختلەر، خۇرۇم ماللار، قەدىمىي ئاسارەتىقىلەر، كۈمۈش تەڭگە، ئالتۇن تەڭگە ۋە زىننەت بۇيۇملارنىڭ نەگە كەتكەنلىكى ئېنىق بولمىدى. شۇڭا بۇ مال - مۈلۈكنى دەپ ئادەم ئۆلتۈرگەن بىر مەيدان قاتىللىق ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ كۆپلىكى، ۋاستىسىنىڭ قەبىھلىكى، يەنى چيۇ ئائىلىسىنىڭ بەش ياشلىق قىزى چېۇ گۇاڭلىمۇ، ئۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغىنىغا قارىغاندا، بۇنى چيۇ ئائىلىسىغا قاتتىق ئۆچمەنلىكى بار كىشىلەر قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئېنقىلاش جەريانىدا 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شىڭ شىسەينىڭ چيۇ زۇڭجۇڭگە يازغان تۆۋەندىكى خېتى تېپىلدى:

*قېينئاتام جۇۋېڭ (چيۇ زۇڭجۇڭنىڭ تەلپۈز قىلىنىشى) جانابلىرىغا:*

*لەنجۇۋنىڭ مۇهىتى بارغانسېرى مۇرەككەپ بولغانلىقتىن، لەنجۇۋغا كېلىشۋاتقانلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، جانابلىرىنىڭ چۇڭچىڭغا كېلىشلىرى مۇۋاپىقمىكىن دەپ قارايمەن. باشقا بارلىق ئىشلارنى پېڭ باشقارما باشلىقىغا تاپشۇرۇپ قويسىڭىز بولىدۇ.*

*كۈيئوغلىڭىز شېڭ شىسەيدىن*
*5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى*

ئېنىقلاش جەريانىدا يەنە قانلىق دېلو يۈز بېرىشتىن نەچچە كۈن ئىلگىرى، شېڭ شىسەي يوللىغان تۆۋەندىكى تېلېگراممىمۇ تېپىلدى:

*كوممۇنىستلار بىلەن قىساس ئالىدىغانلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ئارقىمىزدىن تەيۋەنگە كېلىڭلار.*

شېڭ شىسەينىڭ خېتىدىن هەم تېلېگراممىسىدىن ئۇنىڭ چيۇ ئائىلىسىنى لەنجۇۋدىن جىددىي ئايرىلىشقا ئالدىراتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنى: بىرىنچىدىن، پېڭ دېخۇەي رەهبەرلىك قىلغان ئازادلىق ئارمىيە چوڭ قوشۇنى شەهەرگە قىستاپ كېلىپ، لەنجۇۋنى ئازاد قىلىش قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغانلىقى؛ ئىككىنچىدىن، خۇددى شېڭ شىسەي ئېيتقاندەك قىساس ئالىدىغانلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشىدىن ساقلىنىش، شۇنداقلا قىساس ئالىدىغانلار ئاساسلىقى «شىنجاڭدىن لەنجۇۋغا كەلگەنلەر» دىن بولىدۇ دەپ قارىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## دېلونىڭ ئاقا كۆرۈنۈشى

شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭنىڭ مىلىتارىسى ئىكەنلىكىنى ھەممىمىزگە ئايان. ئۇ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئالداپ ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن، ساختا ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئوتتۇرىغا قويغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، مىللىي بىرلىك سەپ سىياسىتىنى قوبۇل قىلىپ، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن بولۇش، پاك بولۇش، تىنچ بولۇش، قۇرۇلۇش قىلىش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش» نى كۆتۈرۈپ چىققان. ئۇ 1942 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ساختا قىياپىتى چۆرۈپ تاشلاپ، سىياسىي پۇرسەتپەرەسلىك ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، كوممۇنىستلار بىلەن ئىنقىلابىي ئاممىنى كەڭ كۆلەمدە قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرگەن. كوممۇنىستلاردىن چېن تيەنچۇ، ماۋ زېمىنلارنى دەھشەتلىك قىيناپ ئۆلتۈرۈپ، شىنجاڭدا تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويغان. ئۇ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان نەچچە يىل جەرياندا، 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تۈرمىگە سولاپ ئۆلتۈرۋەتكەن. ئۇ بىر تەرەپتىن قەغەز پۇل تارقىتىپ قاقتى ـ سوقتى قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كۆپ مىقتاردا پۇل، دۇنيا توپلىغان. ئۇنىڭ شىنجاڭدىن قانچىلىك بايلىقنى شىلىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇ شىلىپ ئالغان بىر قىسىم بايلىقىغا، ئامېرىكا تەرەپتىن 2 مىليون ئامېرىكا دوللىرى سېتىۋالغان. شۇڭا ئۇ شىنجاڭدىن ئايرىلغاندا، كىشىلەر توغرۇلۇق: «شېڭ شىسەي، پاك ـ ديانەتلىكنى سۆزلىگەن بىلەن، بايلىقىنى سەكسەن ماشىنىدا توشۇپ بولالمىغان. ئۈچ ئايروپىلان ھېساب ئەمەس، ئىككى مىڭ تۆگە كەينىدە ماڭغان.» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تەسۋىرلەپ قوشاق ئېيتىشقان.

چيۇ ئائىلىسىدىكى ئاتا ـ بالا، شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، شېڭ شىسەينىڭ يامانلىقىغا يانتاياق بولدى. چيۇ ئائىلىسى بىلەن شېڭ شىسەي شەرقىي شىماللىق بولۇپ، شېڭ شىسەينىڭ ئىلگىرىكى خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، چيۇ زۇڭجۈن قىزى چيۇ يۇفاڭنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان. چيۇ زۇڭجۈن «دانىشمەن كۇيئوغلى» غا تايىنىپ، ئۆزئارا ھەمنەپەس بولۇشۇپ، ئىلىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلدارى بولۇپ، ئوندىن ئارتۇق ناھىيەنى باشقۇرۇپ، بۇ يەردىكى 13 مىللەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. كېيىن ئېلى گارنىزون قوماندانى بولغان. ئۇ ۋەزىپە ئۆتۇگەن ۋاقىتتا، كۆپلىگەن خادىملارنى قولغا ئالغان ۋە ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن، شۇ يەردىكى ھەر قايسى مىللەت بايلىرىنى قولغا ئېلىپ، مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان. چيۇ دىڭشېن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندا، تۈرمۇشتا چىرىكلىشىپ، پاھىشىۋازلىق قىلىپ، قىمار ئويناپ، شېڭ شىسەينىڭ ئەسكى ئىشلىرىنىڭ ئاكتىپ قول چوماقچىسى بولۇپ، شىنجاڭ خەلقىگە قان قەرزگە بوغۇلغان. شۇنداق بولغاچقا، چيۇ ئائىلىسىدە قانلىق دېلو يۈز بەرگەنلىك خەۋىرى شىنجاڭغا يېتىپ كېلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، داقا ـ دۇمباق چېلىپ تەنتەنە قىلىشقان.

شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىن يۆتكىۋېتىلىشى بىلەن چيۇ ئائىلىسى ئۆزىنىڭ يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلىپ، شىنجاڭدىن ئايرىلىش قىيىنغا توختاپ، شىلىپ ئىگىلىۋالغان ئۆي، يەر ـ مۈلۈكلىرىنى سېتىپ، ئېلىپ كېتىشكە بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى لەنجۇۋغا ئېلىپ كەتكەن. گەرچە چيۇ ئاتا ـ بالا پۇلنى بۇزۇپ چېچىپ، ئەيشى ـ ئىشرەتكە بېرىلگەن بولسىمۇ، ئىنتايىن بېخىل، ئاچ كۆز ئىدى. مەسىلەن، تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان يېقىن دوستلىرى، ھەم ئىلگىرى شىنجاڭدا قول ئاستىدا ئىشلەپ، پاناھسىز قالغانلار ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغاندا، چيۇ ئاتا ـ بالا ئۇلارغا ياردەم بەرمەيلا قالماي، ئەكسىچە مۇتەھەملىك قىلىپ ئەيىبلىگەن ھەم كايىغان. شۇڭا بۇ ئادەملەر ئىچىدە، چيۇ ئاتا ـ بالىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە نارازى بولمايدىغانلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى.

## دېلو تەھلىلى

دېلونى تەھلىل قىلىپ، يىپ ئۇچىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، لەنجۇ ساقچى باش ئىدارىسى، ئىدارە باشلىقى گو جۇاڭ مەسئۇللىقىدىكى «دېلو پاش قىلىش كومىتېتى» نى قۇردى، ھەم دەسلەپكى قەدەمدە ئىشلارنى تۆۋەندىكىچە ئورۇنلاشتۇردى:

1. مۇھاپىزەتچى چى يۈتيەننى تېپىپ، دېلونىڭ يۈز بېرىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش. تەھلىلگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل پەرەز قىلىندى. بىرىنچى، ئۇ قاتىل بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ «ئىچكى لىنىيە» بولۇپ، دېلونى سادىر قىلغاندىن كېيىن قېچىپ كەتكەن ياكى يوشۇرۇنغان بولۇشى، يەنى بىرلىشىپ قاتىللىق قىلغان بولۇشىمۇ مومكىن. ئىككىنچى، دېلو يۈز بەرگەندە ئۆلتۈرۈلۈپ جەسىدى ئېلىپ كېتىلىپ، يىپ ئۇچىنى يوقىتىۋەتكەنلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن.

2. چيۇ ئائىلىسىنىڭ يېقىن دوستلىرىنى، خىزمەتداشلىرىنى، قوشنىلىرى ھەم يېقىندىن لەنجۇغا كەلگەن خادىملارنى تەكشۈرۈپ، يىپ ئۇچىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش.

3. لەنجۇ شەھىرىدىكى مېھمانخانىلار، چايخانىلار، پاھىشىخانىلار، ئالتۇن دوكانلىرى، گۆرەخانىلار، ئاسارئەتىقە دۇكانلىرى قاتارلىقلارنى قاتتىق نازارەت قىلىش. پوچتىخانا، قاتناش تارماقلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈش ھەم لەنجۇ شەھىرىدىن ئۆتىدىغان ئۆتكەللەرنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، قاتىللار بىلەن زاڭ ماللارنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

دېلو يۈز بېرىپ نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، چيۇ زۇڭجۈننىڭ ئىككىنچى قىزى چيۇ مېيىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئېرى ۋاڭ جياڭسا نىڭشيادىن لەنجۇ يېتىپ كەلدى. شىڭ شىسەيمۇ تەيبېيدىن خەت ئەۋەتتى، ۋاڭ جياڭسامۇ گومىنداڭ غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ما بۇفاڭغا يۈز تۇرانە ئىلتىماس سۇندى. ئۇزاق مۇددەت غەربىي شىمالنى بېسىپ ياتقان «يەرلىك پادىشاھ» ما بۇفاڭ قول ئاستىدىكىلەر ئارقىلىق لەنجۇ ساقچى باش ئىدارىسىغا «قىسقا مۇددەت ئىچىدە دېلونى پاش قىلىش» بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ساقچى باش ئىدارىسى 200 دىن ئارتۇق دېلو بېجىرگۈچىنى، دېلونى پاش قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يىپ ئۇچى ئىزدەشكە جىددىي كىرىشىپ كەتتى. ئەينى ۋاقىتتا لەنجۇدىكى چىڭباڭ ئاتامانلىرىدىن جاڭ يوشيەن، ياڭ بويى، خوڭ باڭ ئاتىمانلىرىدىن ۋۇ لەنخېڭ، مىن چۇجۇ قاتارلىقلارمۇ دېلو پاش قىلىش خىزمىتى ئۇچۇن ئۇيان ـ بۇيان چېپىشتى. يەنە پۈتۈن شەھەرنىڭ ھەر قايسى ساھەلەرگە تارقىلىپ كەتكەن ئاخبارات تەكشۈرگۈچى خادىملار، پۈتۈن شەھەرگە تور يايدى.

بىراق قاتتىق تەكشۈرگەن بولسىمۇ، دېلو پاش قىلىنماي يېرىم ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپ، ئازراقمۇ ئىلگىرىلەش بولمىدى. ئەينى ۋاقىتتا «مىنگو گېزىتى»، «غەربىي شىمال گېزىتى»، «لەنجۇ گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەر، چيۇ ئائىلىسىدىكى دېلو يۈز بېرىش، دېلونى رازۋېتكا قىلىپ پاش قىلىشتىكى ئەھۋاللارنى بىرمۇ ـ بىر خەۋەر قىلىپ تۇردى. جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىكىلەرمۇ، چيۇ ئائىلىسىدىكى ئاتا ـ بالا ئۇۋالچىلىقلارنى كۆپ قىلغانلىقتىن، ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولسا كېرەك، بۇ جىنايەتكە چۈشلۇق جازا دېيىشتى. ساقچىلار «ئىچكى لىنىيە»چى كانىۋاينىڭ نەگە يوقالغانلىقىنى بىلەلمىگەنلىكتىن، ھەم نەق مەيدان بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، شۇنداقلا چيۇ دېلوسىدا ئۆچمەنلىك بىلەن مال ـ دۇنيانى ئىگىلىۋېلىشنى مەقسەت قىلىش ئېھتىماللىقى يېقىن، دېلو سادىر قىلغانلار ئېلىپ كېتىلگەن ھارام مالنى ئالدىرىماي بۆلۈۋېلىشى مۇمكىن، شۇڭا بۇ دېلونى پاش قىلىشقا مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى دەپ قارىدى. ئەمما گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى گو چىچياۋ جەمئىيەت ئا-

مانلىقى نۇقتىسىدىن ئويلىنىپ، دېلونى چوقۇم تېزلىكتە پاش قىلىش كېرەك دەپ قارىدى.

**يىپ ئۇچى**

دېلو پاش قىلىش كومىتېتى دەل نېمە قىلىشنى بىلەلمەيۋاتقاندا، تۇيۇقسىز بىر ئادەم ساقچى ئىدارىسى رازۋېتكا ئەترىتىنىڭ باشلىقى فەن زوڭشياڭغا، ئەنگۇەنشىزى ئەتراپىدا بىر ئادەمنىڭ بۆكەن مۈڭگۈزى سېتىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا باھاسىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. فەن زوڭشياڭ دەرھال ئادەم باشلاپ بېرىپ، بۆكەن مۈڭگۈزىنى ساتقۇچىنى تۇتۇپ سوراق قىلغاندا، لياڭ تيەنخې ئىسىملىك بۇ ئادەم، بۆكەن مۈڭگۈزىنى ياغاچچى دوستى جاڭ جەنشېڭ سېتىشقا ھاۋالە قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ مياۋزى لىجياۋەندىكى 13 ـ نومۇرلۇق قورۇدا تۇرىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلدى.

جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ دېلو پاش قىلىش خادىملىرى بۇنى ئاڭلاپلا، دېلونىڭ چۈم پەردىسىنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن خۇشال بولۇشتى. لياڭ تيەنخېنىڭ يول باشلىشى بىلەن، فەن زوڭشياڭ دەرھال جاڭ جەنشېڭنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. جاڭ جەنشېڭ خۇددى بۇ ئىشنى ئالدىن پەرەز قىلغاندەكلا، دەرھال چىرايى ئۆڭۈپ جىددىيلىشىپ كەتتى، ئەمما چاندۇرماسلىققا تىرىشتى.

رازۋېتكا ئەترىتىنىڭ خادىملىرى جاڭ جەنشېڭنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن بىلەيزۈك قاتارلىق بۇيۇملارنى تاپقاندا، جاڭ جەنشېڭنىڭ چىرايى سارغىيىپ، پۇت ـ قولىدا جان قالماي تىللىرى كالۋالىشىپ كەتتى. ئەڭ ئاخىرى ئۇ 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاخشىمى شىنجاڭدا بىرلىكتە ياغاچچىلىق قىلغان ئاغىنىسى ليۇ يۇشەننىڭ ئۇنى چاقىرىپ، بىر مۇھىم ئىشقا ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنگەنلىكىنى، ئۇلار بىلەن يەنە باشقا نەچچە نەپەر ئادەمنىڭ بىر قارا ماشىنىغا چۈشۈپ، سول تاش يولدىكى بىر قورۇنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەنلىكىنى، ليۇ يۇشەننىڭ دەرۋازا ئالدىدا قاراپ تۇرغانلىقىنى، ئۇلار بۇ قورۇدىن چىققاندا، ئۇنىڭغا ساقچىلار ئاختۇرۇپ تېپىۋالغان نەرسىلەرنى بەرگەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇ ئىشنى ھەرگىز ئاشكارىلاپ قويماسلىقنى تاپىلىغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتى دېلو سادىر قىلغان ليۇ يۇشەن، چېن يوڭچۈن، سۈن لىشۇن، گۇەن زىجاڭ، ۋاڭ شياڭرېن قاتارلىق جىنايەتچىلەرنى تېزلىكتە قولغا چۈشۈردى. قولغا چۈشكەن جىنايەتچىلەر يەنە ليۇ زىلى، ليۇ جوڭشيەن، دوڭ پۈەن، شياڭ دېروڭ، چى يۇتيەن قاتارلىق ئالتە ئادەمنىڭ قاتناشقانلىقىنى ھەم دېلونىڭ باشلامچىسى جياڭ دېيۇنىڭ شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتتىكى ئاتلىق دىۋىزىيەنىڭ كوماندىرى ئىكەنلىكىنىمۇ ئىقرار قىلدى.

**باش جىنايەتچىنى تۇتۇش**

فەن زوڭشياڭ قولغا چۈشكەن جىنايەتچىلەرنىڭ ئىقرارى بويىچە، غەلبە يېڭى كەنتى 7 ـ نومۇردىكى جياڭ دېيۇنىڭ قەسرىنى ئاختۇرغاندا، جياڭ دېيۇ ئاللىقاچان ئۆيىنى قۇرۇقداپ قويغان ئىدى. ئەمما ئۇلار تامنىڭ تۈۋىدىكى ئەخلەتتىن، بىر پارچە كونۋېرتنى تاپتى، كونۋېرتقا «جونى گارنىزون قوماندانلىق ئىشتابى» دېگەن ئادرېس يېزىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى گو چىچياۋ جونى ناھىيەلىك گارنىزون قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى ياڭ فۇشىڭغا، دەرھال جياڭ دېيۇنى تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ياڭ فۇشىڭ چاقماق تېزلىكىدە جياڭ دېيۇنى تۇتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ناھىيە بازىرىدىكى بىر مانتىخانىدا ھاراق ئىچىۋاتقان جىنايەتچى ليۇ زىلىنى قولغا چۈشۈردى. جياڭ دېيۇ بىلەن ليۇ زىلىنى سوراق قىلىش ئارقىلىق، ليۇ زىلى ھارام ماللارنى يوشۇرۇپ قويغان ئورۇننى ئىقرار قىلدى. جياڭ دېيۇنىڭ ئايالىنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن بىر تال كاھىشنى قومۇرۇش بىلەنلا ئون نەچچە تال زىقچە ئالتۇن، ئىككى

تال بۆكەن مۇڭگۈزى، 4 دانە ئالماس، ھەم ھەر خىل رەختلەر كولاپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە روسىيەدە ياسالغان ئۈستىدە قان ئىزى بار خەنجەرمۇ بار ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا يەنە، دېلو سادىر قىلىشقا قاتناشقان ليۇ جوڭشيەن، شياڭ دېروڭ، توڭ پۇەن، چى يۈتيەندىن ئىبارەت تۆت نەپەر جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈردى. جىنيەتچىلەرنى سوراق قىلىش ۋە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق چيۇ ئائىلىسى قانلىق دېلوسىنىڭ بىر قىساس ئېلىش قانلىق دېلوسى ئىكەنلىكى ئاشكارىلاندى. دېلو سادىر قىلغان ھەر قايسى جىنايەتچىلەر شېڭ شىسەي، چيۇ ئاتا ـ بالىلار شىنجاڭدا ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى، يېقىن دوستلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس قىساس ئوتى ساقلىنىپ، ئاخىر بۇ دېلونى سادىر قىلغان ئىدى.

**شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىماس**

ۋەقەنىڭ سەۋەبىنى، يەنىلا چيۇ ئائىلىسىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى چى يۈتيەندىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. چى يۈتيەن 40 ياشتىن ئاشقان شەرقىي شىماللىق بولۇپ، ئۇ شىنجاڭغا كەلگەندە، چيۇ زۇڭجۈننىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ۋە ياردەمچىسى بولغان، ئۇ دائىم چيۇ زۇڭجۈنگە خام ئەپيۇن سېتىۋېلىش، ئەپيۇن چەككەندە غاڭزىسىغا ئوت يېقىپ بېرىشتەك ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزىمۇ ئەپيۇنغا خۇمار بولۇپ قالغان. بىراق پۇلى بولمىغانلىقتىن ئەپيۇن سېتىۋالالماي، دائىم چيۇ ئاتا ـ بالىدىن ئەپيۇن سورىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قاتتىق تىل ـ ھاقارىتىگە ئۇچرىغان، ئۇ بۇنىڭدىن ئاغرىنىپ دائىم جياڭ دېيۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ دەرد تۆككەن. شۇنداقلا جياڭ دېيۇمۇ چيۇ جەمەتىدىكى ئاتا ـ بالىغا بۇرۇنلا ئۆچمەنلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەم ئازادلىق ئارمىيە تېزلىكتە لەنجۇۋنى ئازاد قىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، چيۇ ئائىلىسىدىكىلەر چوقۇم تەيۋەنگە قېچىپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا ئۆچ ئېلىشقا چامىمىز يەتمەيدۇ دەپ ئويلىغان. شۇنىڭ بىلەن جياڭ دېيۇ شىنجاڭدا تۇرغان ۋاقىتىدىكى ياخشى دوستلىرى ليو زىلى، ليۇ يۇشەن، ۋاڭ شياگرېن قاتارلىقلارنى توپلىغان. ليۇ زىلى ئەسلىدە دىخۇ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ لېيتىنانتى بولغانىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى غۇلجا ناھىيەدە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان مەزگىلدە، شېڭ شىسەي ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى تۆت ئادەمگە يوقۇلاڭ جىنايەتلەرنى ئارتىپ ئۆلتۈرۋەتكەن ھەم ۋاڭ شياگرېن شىنجاڭدا چيۇ دىڭشېنىڭ رۇسچە تەرجىمانى بولغاندا، قاتتىق ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇلار جياڭ دېيۇنىڭ ئۆيىدە بۇ ئىشنى ئاسانلا پۈتتۈشكەن. كېيىن ئۇلار نۇرغۇن ئادەم بىلەن ئالاقىلىشىپ، شۇنداقلا جوڭشەن چايخانىسىدا چيۇ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، كېيىنكى ئاپەتتىن ساقلىنىشتەك بىر قېتىملىق مەخپىي سۇيىقەستىنى پىلانلىغان. 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئىشنى باشلاشنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتكەن.

**دېلو يۈز بەرگەن كۈنى ئاخشىمى**

5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدە، دېلو سادىر قىلىشقا قاتنىشىدىغانلار جياڭ دېيۇنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ. ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئاڭلىغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ يەرگە ليۇ زىلى، ليۇ يۇشەن، ۋاڭ شياگرېن، توڭ پۇەن، سۇن لىشۇن، چېن يوڭچۈن، گۇەن زىجاڭ، ليۇ جوڭشيەن قاتارلىقلار توپلانغان ئىدى. شياڭ دېروڭ بىلەن ئالاقىلىشالمىغانلىقتىن ئۇ يىغىلىشقا كېلەلمىگەن. شۇڭا ليۇ يۇشەن ياغاچچى جاڭ جەنشېڭنى ۋاقىتلىق دەرۋازىغا قاراپ بېرىشكە ئۇنىتقان. ئاخشىمى سائەت 9 ئەتراپىدا، ئۇلار قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ سول تاش يولدىكى 69 ـ نومۇرلوق چيۇ ئائىلىسىنىڭ تۇرالغۇسىغا يېتىپ كەلگەن، چى يۈتيەن ۋەقەدىن ئىلگىرى بۆرە ئىتلارنىڭ ئېغىزىنى چەمبەرلىۋەتكەن. ليۇ جوڭشيەن دەرۋازىغا كېلىپ بەلگە بەرگەندىن كېيىن، چى يۈتيەن

دەرۋازىنى يوغان ئېچىۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر توپ ئادەم يوپۇرۇلۇپلا قوروغا كىرگەن. ئۇلار ئال-دى بىلەن قوغدۇغۇچى خې دېيۈەن، خې دېفا ئاكا ـ ئۇكىنى، ھەم سۇ توشۇغۇچى گو شىفانىڭ ئېغ-زىغا لاتتا تىقىپ، چىڭ باغلىۋەتكەن، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە مەسئۇل بولغان ليۇ زىلى، ۋاڭ شياڭرېن بىلەن توك بۇەن قوللىرىغا پالتا ئېلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرىۋەتكەن. سۇن لىشۇن، ليۇ جۇڭشيەن چيۇ زۇڭجۇننىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىگە قاراشقا مەسئۇل بولغان. ليۇ زىلى قاتارلىق ئۈچ ئادەم چيۇ زۇڭجۇن بىلەن بىر ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان چيۇ گۇاڭخۇا، چيۇ گۇاڭرۇي، چيۇ گۇاڭلىنى پالتا ـ پىچاق بىلەن ئۆلتۈرگەن. چيۇ دىڭشېن ئەر ـ ئايالنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى ساقلاشقا مەسئۇل ليۇ يۇشيەن بىلەن چېن يوڭچۇن ئىشىكنىڭ قۇلۇپلاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى ئاخشىمى، كىنو كۆرگىلى بارىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئىشىكنى تېپىپ ئېچىپ ئۆيگە كىرىپ ئۇلارنى ساقلىغان. كەچ سائەت 11 بولغاندا، دەرۋازىنىڭ سىرتىدا ماشىنىنىڭ زىۋېت بەرگەن ئاۋازى ئاڭلانغان. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى دەرۋازىنىڭ ئىككى ياقىسىغا يوشۇرۇنۇپ، ماشىنا كىرىپ توخ-تىشى ھامانلا، ماشىنىنى قورشىۋالغان ھەم چيۇ دىڭشېن، فېي بوپىڭنى، ھەم چيۇ دىڭشېننىڭ قد-ماردا ھەمرا بولىدىغان دوستى چېن زۇڭشىنى ماشىنىنىڭ ئىچىدىن تارتىپ چىقارغان. شوپۇر بى ديەنجۇن قارشىلىق كۆرسەتكەندە، ليۇ زىلى ئۇنىڭ كېكىرتىكىنى سىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، سۇن لى-شۇن ئۇنىڭ ئۆلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر پىچاق سالغان. چيۇ دىڭشېننىڭ ئاغزىغا لاتا تىقىپ شەرقىي ھۇجرىغا ئېلىپ كىرگەن، پېي بوپىڭنى چى يۇتەننىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ باغلىۋېتىپ، ليۇ زىلى پالتا بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، چيۇ دىڭشېن ھۇجرىغا ئېلىپ كىرىلگەندىن كېيىن، قورققىنىدىن غال ـ غال تىترەپ گاراڭ بولۇپ قالغان. ئەمما بىر دەمدىلا ئېسىنى تېپىپ، نەچچە پۇل بەرسە ئۆلتۈرمەيدىغانلىقىنى سورىغان ھەم قولىدىكى سائەت بىلەن ئالتۇن ئۈزۈكىنى چىقىرىپ ليۇ يۇشەنگە خاتىرە ئۈچۈن بەرگەن. ئاخىر ئۇ چيۇ دىڭشېننىڭ ئۈزىدىن بىر قوشۇق قېنىنى تە-لەشتەك ھالىتىدىن ھۇزۇرلانغاچ ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشكە ماقۇل بولغان، ئىككى سا-ئەتتەك سۆزلىشىش ئارقىلىق چيۇ دىڭشېن بايلىقلىرىنىڭ يوشۇرۇنغان ئورنىنى ئېيتىپ بەرگەن. ئۇلار بايلىقلارنى ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن چيۇ دىڭشېننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئەڭ ئاخىر جەسەتلەرنى ھەر قايسى ئۆيلەرگە ئېلىپ كىرىپ، ئۈستىگە بېنزىن چېچىپ ئوت قويىۋەتكەن. ئۇلار ئىشلىرىنى تۈگەتكەندە ئەتىگەن سائەت تۆت بولغان بولۇپ، تاڭ يورۇپ، جىددىي ھالەت بىكار قىلىنغان ۋاقىتقا توغرا كەلگەن، ئۇلار قارا ماشىنىغا چىقىپ نەق مەيداندىن ئايرىلغان.

### شىنجاڭنىڭ غەمخورلۇقى

چيۇ ئائىلىسىنىڭ دېلوسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، شىڭ شىسەي بىلەن چيۇ ئاتا ـ بالىنىڭ زى-يانكەشلىكىگە ئۇچرىغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بۇ دېلوغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. دېلو سادىر قىلىنغان جىنايەتچىلەر قولغا چۈشكەندىن كېيىن، ئۇلار 63 كىشىدىن تەركىب تاپقان «شىنجاڭ ھەر قايسى ساھەدىكىلەرنىڭ قەھرىمانلاردىن ھال سوراش ئۆمىكى» نى تەشكىللىدى، ئۇلارغا ئۆي-غۈرلاردىن ئەيسا يۈسۈپ باشلامچىلىق قىلىپ لەنجۇغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار نۇرغۇنلىغان ھال سوراش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كەلگەن بولغاچقا، ئالدى بىلەن ساقچى باش ئىدارىسىنىڭ سولاقخانى-سىغا بېرىپ «قەھرىمانلار»دىن ھال سوراپ ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ چيۇ ئائىلىسىدى-كىلەرنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىك جەريانىنى يېزىپ چىقىشنى سورىدى ھەم ئۇنى ھەر قايسى تىللارغا تەرجىمە قىلىپ شىنجاڭ خەلقىگە ئۇقتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھۆ-كۈمەتنىڭ ئۇلارنى قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

چيۇ ئائىلىسى دېلوسىغا ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپ 14 كۈندىن كېيىن، يەنى 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قىزىل بايراق بەيتاشەن تېغىغا قادىلىپ، لەنجۇۋ ئازاد بولدى. لەنجۇۋ شەھىرى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدى. چيۇ ئائىلىسى دېلوسىنى ھۆكۈمەت قايتىدىن تەكشۈردى ھەم دېلو سادىر قىلىشقا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇپ بېرىپ، كەڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ساداسىنى قاندۇردى.

(ئاپتور: گەنسۇ ئۆلكىسى لەنجۇۋ يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىن)
(مەمەت قېيىيۇم تەرجىمىسى)

## ۋاڭ مېڭ ئەپەندىنىڭ « دۇنياۋىلىشىش ۋە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى» تېمىسىدىكى مەخسۇس دوكلات يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

2013 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇرغان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) ئويۇشتۇرغان ۋاڭ مېڭ ئەپەندىنىڭ « دۇنياۋىلىشىش بىلەن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى» تېمىسىدىكى مەخسۇس دوكلات يىغىنى ئۈرۈمچى كوئىنلون مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى خۇ ۋېي دوكلات يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى دوكلات يىغىنىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى، ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلىرى، تەتقىقاتچىلىرى شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ مېڭ ئەپەندى شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ بىر گەۋدە ئاساسىدىكى كۆپ مەنبەلىكلىكى، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭ مەدەنىيىتىدىكى ئورنى ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى بىلەن ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق تەرەپلەردىن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدا قىممەتلىك پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ۋاڭ مېڭ ئەپەندىنىڭ دوكلاتى ئالدىن كۆرەرلىك ۋە ئۆزگىچە پاساھەتكە ئىگە بولۇپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. بۇ دوكلات ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى باشلامچى قىلىپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ جەۋھەرلىرىنى قېزىپ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، دۇنيادىكى مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىجادىي قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت بىلەن زاماننىڭ تەرەققىيات تەلىپىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ زور تەرەققىياتى ۋە زور گۈللىنىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئۇزاققىچە ئامان - ئېسەن بولىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# شېڭ شىتۇڭ خانىمنىڭ ھاياتى

**لو شاۋۋېن**

ئارزۇگۈل بىلال تەرجىمىسى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئەن جىجيېنىڭ قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىسى ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە يۇ شيۇسوڭغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ ئۇنى ئەتىۋارلايدۇ، ئۇنىڭ يۇ ئائىلىسىدىن چىقىپ كېتىشىگە كۆزى قىيماي، يۇ شيۇسوڭنىڭ ئۆيلەنمىگەن ئىنىسى يۇ شيۇزاڭغا ياتلىق قىلىشنى توغرا كۆرۈپ، «سىز تېخى ياش، ئەمدىلا 30 دىن ئاشتىڭىز، يۇ شيۇسوڭ قۇربان بولغانىكەن، قايتا تىرىلىپ كەلمەيدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا، يەڭگىسىنى قېيىنئىنىسى ئالىدىغان ئادەت بار. بىزنىڭ يۇرتىمۇ شۇنداق. يۇ شيۇسوڭنىڭ تۆتىنچى ئىنىسى يۇ شيۇزاڭ تېخى ئۆيلەنمىگەن، يېشىڭلارمۇ ماس كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشنى ئويلىشىپ باقسىڭىز. مۇبادا رىزىقىڭلار قوشۇلۇپ قالسا، يۇ شيۇسوڭ بولمىغان تەقدىردىمۇ بىز يەنىلا بىر ئائىلە كىشىلىرى بولالايمىز» دەيدۇ.

ئەن جىجيې بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بوۋاي ـ مومايىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە سەمىمىيىتىدىن تەسىرلىنىدۇ. يەنە كېلىپ يۇ شيۇزاڭنىڭ چىرايى ئاكىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى، ئىلگىرى خۇجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن بولۇپ ناھايىتى ئوقۇمۇشلۇق ئىدى، قىزىقىشىمۇ ئوخشاش ئىدى. شۇڭا ئۇ يۇ شيۇزاڭنىڭ چوقۇم ئۆزى بىلەن بىر نىيەتتە يۇ شيۇسوڭنىڭ سىرىنى ئېنىقلاپ چىقىدىغىنىغا ئىشىنەتتى. 1950 ـ يىلى ئەن جىجيې يۇ شيۇزاڭ بىلەن توي قىلىدۇ ھەمدە پەرزەنتلىك بولۇپ قالسا، چوقۇم بىر بالىنى يۇ شيۇسوڭغا ۋارىسلىق قىلدۇرۇشنى پۈتۈشىدۇ.

ئەن جىجيې بىلەن يۇ شيۇزاڭ توي قىلغاندا يۇ شيۇزاڭ شاڭخەيدە خىزمەت قىلىۋاتقانىدى. ئەن جىجيېمۇ تۇرمۇشتا مۇستەقىل ياشاش ئۈچۈن شاڭخەيدە بىر مەدەنىيەت كۇرسى ئاچقانىدى. ئۇ چاغدا يېڭى ھاكىمىيەت ئەمدىلا قۇرۇلۇپ جەمئىيەت تەرتىپى رەتكە سېلىنىپ تازىلىنىۋاتاتتى. يۇ شيۇسوڭنىڭ سالاھىيىتى ۋە تارىخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلمىغانىدى. شۇڭا ئالاقىدار تارماقلار ئەن جىجيېنىڭ چەت ئەل بىلەن مۇناسىۋىتى بار بىر ئايال كىشى تۇرۇپ ياشانغان ئانىسى ۋە ئاجىز جىيەنى بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇقتا قېلىشى غەلىتە، ئۇ چوقۇم سوقۇنغان ئىشپىيون بولسا كېرەك گۇمانلىنىدۇ. گەرچە ئەن جىجيې 1930 ـ يىللاردىلا سىياسىي پوزىتسىيەسىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئاكىسى شېڭ شىسەي بىلەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا يەنىلا ئەكسىلئىنقىلابچى شېڭ شىسەينىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئاھالىلار كومىتېتى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى پات ـ پات كېلىپ ئۇنى پاراكەندە قىلىپ، ھەر كۈنى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ پائالىيىتى ۋە ئۇچراشقان ئادەملىرىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى دوكلات قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. دېمەك، ئۇ نۇقتىلىق ئاھالىلەر تىزىملىكىگە يەنى ئېچكى جەھەتتە كونترول قىلىنىدىغان ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ئىدى. سىياسىي ھەرىكەت يەنى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشتىن كېيىن ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش، ئوڭچىللارغا ھەرد-

كەتلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە يەنە بەزىلەر ئەكسىلئىنقىلابچى شېڭ شىسەي ئەن جىجيېنىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستىگە يوشۇرۇنغان دەپ ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلىغاچقا، ئۆيى ئاختۇرۇلۇپ، تىرىپىرەن قىلىنىدۇ. ئۇ خىزمىتىدىنمۇ، تۇرمۇش مەنبىيىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ. بىر مەزگىل ئۆيدىكى نەرسە - كېرەكلەرنى رەنگە قويۇپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1958 - يىلىدىن ئىلگىرى ئەن جىجيې مەن دېگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قۇرغۇچىسىنىڭ ئايالى، چوقۇم ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇش كەچۈرەلەيمەن، دەپ ئويلىغان ئىدى. لېكىن ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ قالماستىن روھى جەھەتتىمۇ ئازاب چېكىپ، غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنىپ، ئاچارچىلىق ئىچىدە تىرىشىپ - تىرمىشىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىمۇ مۇسادىرە قىلىنىپ، ئەھۋالى تېخىمۇ قىيىنلىشىدۇ. سىياسىي مەسىلىسى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. باشقىلارغا دەپ بېرىشچە، شۇ چاغدا ئۇ بىر كۈننى بىر يىلدەك، گويا زىمىستاندا قالغان ئادەمدەك بەك تەستە ئۆتكۈزگەن ئىكەن. ھەتتا جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇلماقچىمۇ بولغان ئىكەن.

مانا مۇشۇنداق ئۆزىنى بىر مۇستەھكەم ماركسىزمچى بىلەن بىر يولدىكى يولداش دەۋالغان ئاجىز ئايالغا قاتتىق قوللۇق قىلماقچى بولغاندا، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى تېخىمۇ كۆپ ئىسپات تېپىشنى ئورۇنلۇق كۆرۈپ قالغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار لياۋنىڭ، شىنجاڭ، چۇڭچىڭ، نەنجىڭ، جېجياڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئەن جىجيېنىڭ تارىخىنى تەكشۈرگەن. ئويلىمىغان يەردىن ئەن جىجيېدىن گۇمانلانغان ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانلار كۆرسەتكەن پاكىتنىڭ ئەكسىچە، تەكشۈرۈش ماتېرىيالى ئەن جىجيېنىڭ ھەقىقەتەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولغان يۈ شيۇسوڭنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى، ئىدىيەدە ئىلغار، ئۇقۇغۇچى دەۋرىدىلا كوممۇنىستىك پارتىيەگە قارشى تۇرۇپ جياڭ جيېشىنى ھىمايە قىلىدىغان مىللەتارىست ئاكىسى شېڭ شىسەي بىلەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. نەتىجىدە ئەن جىجيې تۇرۇشلۇق جايدىكى ساقچىخانا ئەن جىجيېگە ئۆزرە قويۇپ سولانغىنىغا 21 كۈن بولغان ئەن جىجيېنى دەرھال قويۇپ بېرىدۇ. ئەن جىجيې ئۆزىنىڭ سولانغانلىقى ۋە تەكشۈرۈلگەنلىكىنى بالاقازا دەپ بىلگەن ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ ھەقىقى تارىخىنىڭ ئېنىقلانغانلىقى ئۇنىڭغا ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ ھەم خۇشال بولىدۇ ھەم ئازابلىنىدۇ. ئىشلارنىڭ بۇ قەدەر ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىشىدىن يا يىغلاشنى يا كۈلۈشنى بىلەلمەي قالىدۇ.

ئەن جىجيې قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ۋە تارىخى ئېنىقلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھال ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا باشلايدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى ئۇنىڭ خەلق ئىشلىرى تارمىقىغا بېرىپ ئىنقىلابىي قۇربان يۈ شيۇسوڭنى تىزىملىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشىگە ياردەملىشىدۇ. ئەمما يۈ شيۇسوڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنىڭ تەپسىلى ئەھۋالى يەنىلا ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئەن جىجيې يۈ شيۇسوڭغا بولغان مۇھەببىتى، پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى ساقلاش مەسئۇلىيىتى يۈزىسىدىن ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، چوقۇم ئۆزىنىڭ سالاھىيىتى ۋە پايدىلىق شارائىتى، كۈچىدىن پايدىلىنىپ، يۈ شيۇسوڭنىڭ ئىنقىلابىي ھاياتىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا قايتا بەل باغلايدۇ. ئۇ ھېلىھەم يۈ شيۇسوڭنىڭ ماركسىزمچى ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭدا ھېچ قانداق مەسىلىنىڭ يوقلۇقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى، چۈنكى ئۇ شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان يىللاردا بىر توپلاڭ سۈيىقەستىگە قاتناشقان دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ تۆمەنلەپ ئۇۋال دىلو پەيدا قىلغان شېڭ شىسەيمۇ ئۇنى گۇناھسىز دەپ قاراپ سۈرۈشتۈرمىگەن

ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە گەرچە بەزى ساۋاقداشلىرى بىلەن ئازارلىشىپ قالغان، بەزىلەر ئۇنى تىروتىسكىچى ھەم تىروتىسكىچىلار ئۈچۈن «جياڭجې ساۋاقداشلار جەمئىيىتى» نى قۇرغۇچىلارنىڭ رەھبىرى دېگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەسىلىلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى تەكشۈرۈپ ئاللىبۇرۇن ئىنكار قىلغان ئىدى. دېمەك، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قۇربان بولۇشى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى خىزمىتىدىكى سەۋەنلىك ئىدى. شۇڭا، قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ھەقىقى ئەھۋالنى ئېنىقلاش سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى ۋە جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ تارىخى ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر ئىش ئىدى.

يۇ شيۇسوڭنىڭ ھاياتىنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا، ساپ ۋىژدانى بىلەن ياشىغان ھايات ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئىنقىلابىي ئىش - ئىزلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئەن جىجيې بىلەن يۇ شيۇزاڭ تۇرمۇشى ھېلىھەم قىيىن ئەھۋالدا، يۇ شيۇسوڭ بىلەن تونۇشىدىغان، بىللە خىزمەت قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئاز - تولا بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ۋە خىزمەت ئورنىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن سۈرۈشتۈرۈپ، تەشكىلىنىڭ تەكشۈرۈشىنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەنە شۇ كىشىلەرگە بىۋاسىتە خەت يېزىپ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگىچە بېرىپ ئۇلارنى يۇ شيۇسوڭنىڭ مەلۇم بىر مەزگىلدىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا گۇۋاھلىق بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئەن جىجيې بىلەن يۇ شيۇزاڭ تاپىنى تېشىلگىدەك يول مېڭىپ نۇرغۇن پىشقەدەم يولداش، پىشقەدەم رەھبەرلەرنى ئىزدەپ بارىدۇ. «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەندەك، ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 1930 - يىللىرى يۇ شيۇسوڭ بىلەن شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسىدا بىللە ئىشلىگەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ئۆتەۋاتقان بورھان شەھىدىنى، 1920 - يىللىرى يۇ شيۇسوڭ بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان، 1935 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتى تەرىپىدىن شىنجاڭغا بىللە ئەۋەتىلگەن، 1956 - يىلى ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى كۇتۇم مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان جاۋشى (شىنجاڭدىكى مەخپىي ئىسمى ۋاڭ باۋچيەن)نى، يەنە يۇ شيۇسوڭ بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار كومىتېتى تەرىپىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن جاڭ يىفەن (شىنجاڭدىكى مەخپىي ئىسمى ۋەن شيەنتىڭ)، ۋۇ دېمىڭ (مەخپىي ئىسمى جياڭ زېمىن) قاتارلىقلارنى تاپىدۇ. جاڭ يىفەن ئىلگىرى شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشۋىقات باشلىقى بولغان، كېيىن يۇ شيۇسوڭ بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يالاپ ئېلىپ كېتىلگەن. بىر مەزگىل سولاپ قويۇلغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن. كېيىن ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ھەم توغقان يوقلاپ ۋەتەنگىمۇ كەلگەن. ۋۇ دېمىڭ شىنجاڭدا شىنجاڭ ئاپتوموبىل ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، 1941 - يىلى يەنئەنگە قايتىپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ سودا مەسلىھەتچىسى، 5 -، 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان. ئەن جىجيې بىلەن يۇ شيۇزاڭنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە 1962 - يىلى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ئاخىر ئەن جىجيې ۋە يۇ ئائىلىسىگە رەئىس ماۋ زېدوڭنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان «ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى شەرەپ تاختىسى» نى بېرىدۇ. لېكىن يۇ شيۇسوڭنىڭ ئىنقىلابىي ئىش - ئىزلىرىنى ئالاقىدار تارماقلار تولۇقلىمايدۇ ۋە تەشۋىق قىلمايدۇ. بۇ بەزىلەر يۇ شيۇسوڭغا كىيگۈزگەن تىروتىسكىچى دېگەن بەتنامىنىڭ تەل - تۆكۈس ئېنىقلانمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇ سەۋەبتىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ئەن جىجيې يەنە نۇرغۇن كەمسىتىشكە، نادان توپىلاڭچىلارنىڭ

ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق بوزەك قىلىشقا ۋە كۈرەش قىلىشقا ئۇچرايدۇ.

پاكىت ـ ئىسپاتسىزلا تىروتسكىچى دەپ قارىلانغان گومىندارنىڭ ئايالى بولۇش سۈپىتىدە ئەن جىجيې نۇرغۇن جەبرى ـ جاپا تارتقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۇنىڭ بىر ئىلغار ياش ئىكەنلىكىنى، جۇڭگو كومپارتىيەسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان يۇ شيۇسوڭ بىلەن بىر نىيەت بىر غايىدىكى ئاشىق ـ مەشۇق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ چەكسىز ھېسداشلىقىغا ئېرىشىدۇ. شۇنداقلا ئەن جىجيې يۇ شيۇسوڭ بىلەن بىرقېتىممۇ دىدارلىشىپ باقمىغان، ھېچقانداق ئالاقىسىمۇ يوق، ئەمما بىر ئۆمۈر جۇڭگو كومپارتىيەسى تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان لو جېڭجىڭ ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ يۇ شيۇسوڭنىڭ ئىشى بىلەن يېزىدا 15 يىل ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. لو جېڭجىڭ 1953 ـ يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ «جۇڭگو ياشلار گېزىتى»غا تەقسىم بولغان، كېيىن ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى تارىخ تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ ياشلار ئىتتىپاقى تارىخى خىزمەت گۇرۇپپىسىغا يۆتكەپ كېلىنگەن. بۇ چاغدا خۇ ياۋباڭ ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئىدى. بۇ مەزگىلدە لو جېڭجىڭ تەكشۈرۈش ۋە ماتېرىيال توپلاش ئارقىلىق جۇڭگو ياشلىرىنىڭ ھەرىكەت تارىخىغا ئائىت 4 مىليون 600 نەچچە مىڭ خەتلىك ئېچكى ماتېرىيالنى يېزىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا تارقىتىپ بەرگەن. ھەمدە 1957 ـ يىلى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلىشتا، ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئالدىنقى 7 نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى توغرىسىدا بىر پارچە ماقالە يازغان ھەم شۇ ماتېرىيال ۋە ماقالىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلغانلىق ئەھۋالى ۋە بىرىنچى شۇجىسى يۇ شيۇسوڭنىڭ ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇرغان. ئويلىمىغان يەردىن بۇ ماتېرىيال ۋە ماقالە كاڭ شېڭ قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن شۇمبۇيا دەپ قارىلىپ، تىروتسكىچىنى تەشۋىق قىلغان دېگەن باھانە بىلەن لو جېڭجىڭنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يېزىغا چۈشۈرگەن. تاكى «تۆت كىشىلىك گورۇھ» ئاغدۇرۇلشىنىڭ ھارپىسىدا ئەمگەك بىلەن 15 يىل ئۆزگەرتىلگەن لو جېڭجىڭ ئاندىن ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى تەتقىقات ئىشخانىسىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن.

تىروتسكىچى دېگەن نېمە؟ يۇ شيۇسوڭ زادى تىروتسكىچىمۇ؟ لو جېڭجىڭ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ تېخىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ھەقىقى ئەھۋالنى ئېنىقلاپ چىقماقچى بولغان. ئۇ ئالدى بىلەن جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى پارتىيە تارىخى فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى خۇ خۇادىن مەسلىھەت سورايدۇ. خۇ خۇا پروفېسسور ئۇنىڭغا ئاتالمىش تىروتسكىچىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىستالىننىڭ تىروتسكىچىلارنى باستۇرغان ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىدۇ، يەنە ئۇنىڭغا زىيارەت قىلىشقا بولىدىغان بەزى پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئىسىملىكىنى دەپ بېرىدۇ. ئۇ يۇ شيۇسوڭ ياخشى يولداش، ۋاڭ مىڭ، كاڭ شېڭنىڭ قارا چاپلىشى بىلەن تىروتسكىچى دەپ قارىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدا قۇربان بولغان دەيدۇ. كېيىن لو جېڭجىڭ يۇ شيۇسوڭنىڭ ئايالى ئەن جىجيېنىڭ ھېلىھەم ھايات ئىكەنلىكى ۋە شاڭخەيدە تۇرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى زىيارەت قىلىشنى ئويلايدۇ. 1980 ـ يىلى لو جېڭجىڭ شاڭخەي شەھىرى چوياڭ كوچىسىدىكى ئەن جىجيېنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئىشىكىنى چېكىدۇ. بىرى ھەققانىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان، بىرى مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ئۈچۈن چەكسىز ئازاب چەككەن ئىككى ئايال يۈز كۆرۈشىدۇ. ئەن جىجيې كۆز ياش قىلىپ تۇرۇپ لو جېڭجىڭگە يۇ شيۇسوڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئۆزى بىلىدىغان ئەھۋاللىرىنى جۈملىدىن ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشقان، بىللىشكەن ۋە ياخشى كۆرۈشكەن ئەھۋالنى قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىدۇ. لو جېڭجىڭ بىر ئاخباراتچى بولۇش مىجەزى بىلەن يۇ شيۇسوڭنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمەت

ئىستىلى ۋە تۇرمۇشىنىڭ ھەربىر تەپسىلاتىنى سوراپ خاتىرىلەيدۇ ۋە ئۇنى ئالغۇغا ئالىدۇ. ئۇ يەنە ئەن جىجيېگە: «ئىشەنچىلىك خەۋەرلەردىن قارىغاندا، يۇ شيۇسوڭغا ۋاڭ مىڭ بىلەن كاڭ شېڭ تىروتسكىچى دەپ تۆھمەت قىلغاچقا سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان» دەيدۇ. ئىككى ئايالنىڭ بۇ قېتىمقى سەممىي، ئوچۇق - يورۇق سۆھبەتلىشىشى كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلارنىڭ سىر يوشۇرۇشمايدىغان يېقىن دوستلاردىن، جان - جىگەر يولداشلاردىن بولۇپ قېلىشىغا ئاساس بولۇپ قالغان ئىدى.

لو جيېجىڭ ئەن جىجيې دېگەن ئەھۋاللار، بىرقانچە پېشقەدەم يولداشلار تەمىنلىگەن ماتېرىيال شۇنداقلا ئارخىپ ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن، نۇرغۇن پېشقەدەملەرنىڭ قوللىشى بىلەن، يۇ شيۇسوڭنىڭ ئەھۋالىنى يېزىپ ئۆزى زىيارەت قىلغان بەزى پېشقەدەم يولداشلارنىڭ تەكلىپى بىلەن بىللە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا سۇنۇپ، يۇ شيۇسوڭ ھايات چېغىدا ئۇچرىغان تۆھمەتلەرنى ئاغدۇرۇپ، ئۇنى ئاقلاشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە «يۇ شيۇسوڭ پارتىيەمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ياشلار خىزمىتى خادىمى» ۋە «يۇ شيۇسوڭنىڭ پارتىيە تارىخى ۋە ياشلار ئىتتىپاقى تارىخىدىكى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك» دېگەن ئىككى پارچە ماقالىنى يېزىپ، ئالدىنقىسىنى 1981 - يىلى 7 - ئايدا نەشر قىلىنغان ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىچكى ژۇرنىلىدا، كېيىنكىسىنى 1982 - يىلى 5 - ئايدا نەشر قىلىنغان پارتىيە تارىخى ماتېرىيالىدا ئېلان قىلىدۇ. بۇ ئىككى ماقالىدە ئەن جىجيې تەمىنلىگەن نۇرغۇن ماتېرىياللار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخىدىكى ئابىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە جاراڭلىق سادا ئىدى.

يۇ شيۇسوڭنى ئاقلاش ساداسى ئالدى بىلەن پارتىيە، ياشلار ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئىچكى ماتېرىياللىرىدا پەيدا بولىدۇ. كېيىن ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى ياش - ئۆسمۈرلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇڭ پېڭجاڭنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئالاقىلىشىشى ۋە كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە 1982 - يىلى 5 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى خۇ چياۋمۇنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، يۇ شيۇسوڭنىڭ پارتىيە ۋە ياشلار ئىتتىپاقىدىكى ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ ھەمدە «خەلق گېزىتى» ۋە «ياشلار گېزىتى»دە يولداش يۇ شيۇسوڭنىڭ ئىنقىلابىي تۆھپىسى ئاشكارا ئېلان قىلىنىپ، ۋاڭ مىڭ، كاڭ شېڭلار ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلغان تىروتسكىچى دېگەن قالپاق تەلتۆكۈس ئېلىپ تاشلىنىدۇ. دەل لوجيېجىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا يۇ شيۇسوڭنى ئاقلاش توغرىسىدا دوكلات سۇنغان چاغدا، شياڭخەي شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى ئەن جىجيېنى شياڭخەي شەھىرى خوڭچياۋ رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا ۋە شياڭخەي شەھەرلىك تارىخ ۋە مەدەنىيەت سارىيىنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئەن جىجيېنىڭ تۇرمۇشى تۈپتىن ياخشىلىنىدۇ.

ئىستالىن دەۋرىدە ئىستالىندىن ئىبارەت بۇ قانخور گىروزىيەلىك نۇرغۇن سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئالىي دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىنى بىگۇناھ ئۆلتۈرگەن بولۇپ، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسىنىڭ 20 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن كەينى - كەينىدىن ئاقلانغان. ئەن جىجيې يۇ شيۇسوڭنى ئىستالىن تەرىپىدىن بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن دەپ قارىغاچقا يۇ شيۇسوڭ دۆلەت ئىچىدە ئاقلانغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىنكاس بولمىغانلىقى ئۇنى بىئارام قىلىدۇ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دېيىشىپ ئۇلاردىن يۇ شيۇسوڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ تەپسىلى ئەھۋالى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا بەل باغلايدۇ. 1988 - يىلى ئەن جىجيې جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات

بۆلۈمگە ئىنكاس قىلىپ پارتىيە ھۆكۈمەتنىڭ سوۋېت كومپارتىيەسى ۋە ھۆكۈمىتىدىن يۇ شيۇسوڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قۇربان بولغانلىق ئەھۋالى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشنى تەلەپ قىلىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. تەشكىلات بۆلۈمى ۋە تاشقى ئالاقە خىزمىتى بۆلۈمى مۇزاكىرە قىلىپ، ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھازىر چەت ئەلنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلگۈدەك ھالى يوق، كېيىن بىر نېمە دەيلى دەپ بۇ ئىشنى توختىتىپ قويىدۇ. 1991 ـ يىلىغا كەلگەندە ئەن جىجيې تاقەت قىلىپ تۇرالماي بىۋاستە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىغا ئالاقە ئەۋەتىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىشنى تەلتۆكۈس تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى باش كونسۇلخانىسىنىڭ كاتىپى كوزلوۋ ناھايىتى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئەن جىجيېگە جاۋاب خەت يېزىپ: قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت بىخەتەرلىكى كومىتېتىنىڭ ئېنىقلىشىچە يۇ شيۇسوڭنىڭ 1938 ـ يىلى تىروتىسكىچى دەپ ئەيىبلىنىپ قولغا ئېلىنغانلىقى، 1939 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوت مەھكىمىسى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، شۇ كۈنى موسكۋادا ئېتىلغانلىقى، جەسىتى موسكۋا دون دەرياسى قەبرىستانلىقىدا كۆيدۈرۈلگەنلىكى، ھازىر قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت بىخەتەرلىكى كومىتېتى بۇ دېلونى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئاقلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەن جىجيې خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن قاتتىق ھەسرەت چېكىپ كۆز ياشلىرىنى توختىتالمايدۇ.

جاھاندىكى ئىشلارنى ئەسلىمۇ قىياس قىلماق تەس ئىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىدەك دۆلەتتە تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. ئىككى ئاي ئۆتمەيلا يەنى 1991 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زۇڭتوڭى گورباچيېف ئىستىپا بەرگەنلىكىنى جاكارلايدۇ، 26 ـ كۈنى ئالىي سوۋېت قارار ماقۇللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىكار قىلىدۇ. دېمەك، دۇنيادا سوۋېت ئىتتىپاقى دېگەن دۆلەت يوق بولىدۇ. بۇلار ئەن جىجيېنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. لېكىن ئۇ يەنە كونىلارنىڭ سۇ كەتسە تاش قالىدۇ دېگەن گېپى بار، قانداقلا بولمىسۇن چەت ئەلدە يۇ شيۇسوڭنى ئاقلاش ئىشىغا ھامان ئىگە تاپقىلى بولىدۇ، شۇنىسى سەل كەينىگە سوزۇلۇپ كېتىدىغان بولدى، ــ دەپ ئويلايدۇ ـ دە كۆڭلى ئەمىن تاپىدۇ.

1993 ـ يىلى شىنجاڭ پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى ۋە خەلق ئىشلىرى نازارىتى يۇ شيۇسوڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى، يەنە كېلىپ شىنجاڭدا قولغا ئېلىنىپ قۇربان بولغان دەپ ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقىنى بولغان ئەن جىجيې بىلەن يۇ شيۇزاڭنى شىنجاڭنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. 1995 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئىشخانىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 104 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئىشخانىسى ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. يۇ شيۇسوڭ ئىلگىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاساسى بولغان شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ۋە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغان ئىدى، ئەن جىجيې بولسا شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاساسى بولغان قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاساسى بولغان شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى، شۇڭا ئۇ بۇ ئىككى قېتىملىق زىيارەت تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. شىنجاڭدىن يۇ شيۇسوڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا قۇربان بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئېلىش ئىمكانىيىتى چوڭ ئىدى. ئۇ شىنجاڭغا كېلىپلا شىنجاڭدىكى تونۇشلىرى، دوستلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ دېرىكىنى قىلىدۇ. بۇ ئىش شۇ چاغدىكى

1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئىشخانا مۇدىرى جاڭ جىجيەن ۋە ئايال كادىرلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى گويىڭخۇانىڭ كۈچلۈك ھېسداشلىقى، كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ چاغدا جاڭ جىجيەننىڭ جىيەنى دەل قازاقىستاندا ئوقۇۋاتاتتى. ئەن جىجيې دەرھال قازاقىستان دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا ۋە جۇڭگونىڭ قازاقىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا خەت يېزىپ ئۇلاردىن يۇ شىيۇسوڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. بۇ خەتنى 1995 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جاڭ جىجيەننىڭ جىيەنى قازاقىستانغا ئالغاچ كېتىدۇ. 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەن جىجيې دۆلىتىمىزنىڭ قازاقىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى چېن دىنىڭ جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. خەتتە باش ئەلچى چېن دى ئۆزىنىڭ قازاقىستان دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا نوتا تاپشۇرغانلىقى ھەمدە قازاقىستان ئالىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆتەۋاتقان بىر دوستىغا يۇ شىيۇسوڭ دېلوسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ بېرىشنى تاپىلىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. 1996 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەن جىجيې چېن دى باش ئەلچىنىڭ ئىككىنچى پارچە خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ، خەتتە قازاقىستاندا يۇ شىيۇسوڭنىڭ ئارخىپىنى تاپالمىغانلىقى، بۇ ئارخىپنىڭ تۈركمەنىستان ھەربىي رايونىنىڭ (ھازىرقى ئۆزبېكىستان) ئارخىپ ئىسكىلاتىدا ساقلانغانلىقى، قازاقىستان تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ سۈرۈشتۈرۈش ھەققىدە ئالاقە ئەۋەتكەنلىكى يېزىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئەن جىجيې دۆلىتىمىزنىڭ ئۆزبېكىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىگە خەت يازىدۇ. ئاي ئاخىرىدا چېن دى باش ئەلچىنىڭ ئۈچىنچى پارچە خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. خەتتە ئۇ يۇ شىيۇسوڭنىڭ ئارخىپىنىڭ ئۆزبېكىستاندىمۇ تېپىلمىغانلىقىنى، بۇ دېلونى موسكۋانىڭ بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى، رۇسىيە فېدراتسىيەسى باش تەپتىش مەھكىمىسىنى ئىزدىگەندە نەتىجە چىقىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىپ ئەن جىجيېنىڭ بۇ ئىشنى دۆلىتىمىزنىڭ رۇسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئارقىلىق ھەل قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭمۇ دۆلىتىمىزنىڭ رۇسىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لى فېڭلىن بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىگىنىنى ئېيتقان ئىدى. ئەن جىجيې بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن دەرھال لى فېڭلىن باش ئەلچىگە خەت يازىدۇ. 1996 ـ يىلى 6 ـ ئايدا دۆلىتىمىزنىڭ ئۆزبېكىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى گۇەن خېڭگۇاڭمۇ ئەن جىجيېگە خەت يېزىپ ئۆزبېكىستاندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشچە ئەينى چاغدا گېرمانىيە فاشىستلىرى تاجاۋۇز ئۇرۇشى قوزغاپ، ئاۋستىرىيەنى ئىگىلىۋېلىپ چېخقا ھۇجۇم قىلىۋاتقاچقا يۇ شىيۇسوڭنىڭ ئارخىپىنىڭ ئۆزبېكىستانغا يەتكۈزۈپ بېرىلمىگەنلىكىنى، بۇنى رۇسىيە باش تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەن جىجيې بۇنىڭغا ئاساسەن يۇ شىيۇسوڭ دېلوسىنى رۇسىيەدىن ئىزدىسەم بولىدىكەن دەپ بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1996 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۇ بۇ ئىشلارنى بالدۇرراق تۈگىتىش ئۈچۈن يۇ شىيۇسوڭنىڭ ئۆگەي ئوغلى (ئەن جىجيې بىلەن يۇ شىيۇزاڭدىن تۇغۇلغان) يۇ مىنىنى ئېلىپ موسكۋاغا بارىدۇ. ھەمدە يۇ شىيۇسوڭنىڭ كۈلىنى تېپىپ، ۋەتەنگە قايتۇرۇپ كېلىپ دەپنە قىلماقچى بولىدۇ. ئۇلار موسكۋاغا بارغاندىن كېيىن لى فېڭلىن باش ئەلچى ئۇلارنى قىزغىن كۈتىۋالىدۇ ھەمدە ماشىنا بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى موسكۋانىڭ شەرقىي جەنۇبىغا يىراق بولمىغان دون دەرياسى كۆل دەپنىخانىغا ئاپىرىدۇ. ئۇلار قەبرىستانلىققا بارغاندا، ئالدى بىلەن قەبرە ئالدىغا قويۇلغان «بۇ يەرگە 1930 ـ يىلدىن 1942 ـ يىلغىچە سىياسىي زىيانكەشلىككە ئۇچۇرغانلىقتىن ئازابلانغان ۋە ئېتىلىپ كەتكەن قۇربانلارنىڭ جەسىتى كۆمۈلگەن. قۇربانلار مەڭگۈ ھايات» دەپ خەت ئويۇلغان بىر خاتىرە تاشنى كۆرىدۇ. قەبرىستان باشقۇرغۇچىسىنىڭ دېيىشىچە، ئىستالىن دەۋرىدىكى سىياسىي جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى كوللېكتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن بىر چوڭ

ئازگالغا قويۇپ كۆمۈلگەن. شۇڭا جەسەت كۆلىنىڭ ئېگىسىنى بىلمەك تەس ئىدى. ئەن جىجيې قاتارلىقلار ئامالسىز كوللېكتىپ قەبرىگە گۈل چەمبىرەك تەغدىم قىلىپ، چەكسىز نەپرەت ۋە ھەسرەت ئىلكىدە قەبرىستانلىقتىن قايتىدۇ. كېيىن يەنە يۇ شيۇسوڭ ئوقۇغان ۋە خىزمەت قىلغان شەرق ئۇنىۋېرسىتېتى، جوڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە لېنىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كونا ئورنىغا بېرىپ زىيارەت قىلىپ ۋە تەزىيە بىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن دۆلەتكە قايتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ روسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا، روسىيە ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار تەپتىش مەھكىمىسى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن يۇ شيۇسوڭ دېلوسىنى تېزلا تەكشۈرۈپ تاماملايدۇ. ئەن جىجيې قاتارلىقلار موسكۋادىن قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي يەنى 1996 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، ئەن جىجيې دۆلىتىمىزنىڭ روسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى لى شياڭجيېنىڭ خېتىنى ۋە روسىيە ھەربىي ئىشلار تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ يۇ شيۇسوڭنى ئاقلاش توغرىسىدىكى گۇۋاھنامىسى ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ئەن جىجيې بۇ ئاقلاش گۇۋاھنامىسى ۋە ھۆججەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ يۇ شيۇسوڭنىڭ رەسىمى ئالدىغا تىزىپ تۇرۇپ «يۇ شيۇسوڭ سىزنىڭ ناھەق دېلورىڭىز دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاخىر تەلتۆكۈس ئاغدۇرۇلۇپ ئاقلاندىڭىز. سىز ئالىيجاناب پەزىلىتىڭىز بىلەن ياشىغانتىڭىز، بۈگۈن سىزگە شۇ ئالىيجاناب پەزىلەت قايتۇرۇپ بېرىلدى، پاكلىقىڭىز قايتۇرۇپ بېرىلدى، ئەمدى خاتىرجەم يېتىڭ» دەيدۇ. بۇ ئەينى چاغدىكى ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ياش گۈزەل ئايالنىڭ شۇنداقلا بۈگۈنكى كۈندىكى چاچلىرى ئاقارغان موماينىڭ ناھەق ئۆلۈپ كەتكىنىگە يېرىم ئەسىردىن ئاشقان ئۇ ئالەمدىكى قارا كۆزگە بەرگەن تەسەللىيسى ئىدى. گەرچە شۇ ئەسنادا ئەن جىجيېنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلۈپ تۇرسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ چىرايىدا غەلىبە تەبەسسۇمى، قانائەت تەبەسسۇمى جىلۋە قىلاتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەن جىجيېنىڭ پۈتۈن خىيالى روسىيەدىكى دون دەرياسى قەبرىستانلىقىدا يۇ شيۇسوڭ ئۈچۈن ئۆچمەس بىر خاتىرە تاش تۇرغۇزۇشتا بولىدۇ.

1999 ـ يىلى يۇ شيۇسوڭنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا 100 يىل بولغان ئىدى. جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئىچىدىكى بەزى مۇھىم تارىخىي رېئاللىقنى تېخىمۇ تەپسىلىي ئېنىقلاش ۋە دۆلەت ئىچىدىكى تارىخىي ماتېرىيال بايلىقىنى بېيىتىش ئۈچۈن 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى ئۆمەك تەشكىللەپ روسىيەگە بېرىپ يۇ شيۇسوڭغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلىماقچى بولىدۇ. يۇ مىنمۇ شۇ ئۆمەكتە ئىدى. ئەمما بۇ چاغدا ئەن جىجيېنىڭ سالامەتلىكى ئۇنىڭ سەپەرگە چىقىشىغا يار بەرمەيتتى. شۇڭا يۇ مىن روسىيەگە مېڭىش ئالدىدا ئەن جىجيې ئۇنىڭغا چوقۇم يۇ شيۇسوڭ ئۈچۈن ياخشى قەبرە تېشى تۇرغۇزۇشنى قايتا ـ قايتا تاپىلايدۇ.

يۇ مىن يەنە بىر قېتىم قەبرىستانلىققا كېلىپ قەبرە باشقۇرغۇچىغا قەبرە تېشى تۇرغۇزۇش ئىشىنى دەيدۇ. دەسلەپتە قەبرىستان باشقۇرغۇچى تۈرلۈك سەۋەب كۆرسىتىپ قوشۇلمايدۇ، كېيىن خەت ئىسكىلاتىدا خەنزۇچە خەت يوق دەپ يۇ مىننىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى يۇ مىننىڭ خەتتاتلىقتىن خەۋىرى بولغاچقا كېچىچە بىرقانچە خەنزۇچە خەتنى ئويۇپ چىقىدۇ، نەتىجىدە يۇ شيۇسوڭنىڭ قەبرە تېشى ئاخىر دون دەرياسى قەبرىستانلىقىغا تىكلىنىدۇ.

يۇ شيۇسوڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا ئەمدىلا 40 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا توپتوغرا 11 يىل ئوقۇغان ۋە خىزمەت قىلغان ئىدى. 1991 ـ يىلى روسىيە ئالىي سوۋېتى قارار ماقۇللاپ 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈننى «سىياسىي زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قازا قىلغانلار خاتىرە كۈنى» قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن، موسكۋا دون دەرياسى قەبرىس-

تانلىقىدىكى قازاغا ئۇچرىغانلارنىڭ قەبرە تېشى كۆندىن ـ كۈنگە كۆپەيگەن ئىدى. قازاغا ئۇچرى-
غانلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن قارىغاندا ھەممىسى دېگۈدەك رۇسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى
چاغلىرىدىكى ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش
قىلغان زىيالىيلارنىڭ سەردارلىرى ئىدى، يۇ شيۇسوڭنىڭ قەبرە تېشىمۇ شۇ قەبرە تاشلىرىنىڭ بىرى
ئىدى.

ھازىر ئەگەر ئەن جىجيېنىڭ يۇ شيۇسوڭ ئۈچۈن دون دەرياسى قەبرىستانلىقىغا تىكلىگەن قەبرە
تېشىنى كۆرمەكچى بولساق، ئەن جىجيېنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا قۇلاق سالماي بولمايدۇ.

موسكۋاغا بارغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن موسكۋا قىزىل مەيدانىغا تۇتاش لۇبيانكا مەيداندىن
ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەيدان سوۋېت ئىتتىپاقى زامانىدا دزېرژىنسكى مەيدانى دەپ ئاتالغان.
دزېرژىنسكى سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدىكى ئاتاقلىق «چېكا» يەنى رۇسىيە ئەكسىلئىنقىلابچىلار
ۋە ئىشنى ئاقساتقۇچىلارنى تازىلاش پەۋقۇلئاددە كومىتېتىنىڭ تۇنجى رەھبىرى بولۇپ، «دۆلەت ئىد-
چى ۋە سىرتىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق سۇيىقەستلىرى» گە زەربە بېرىش-
تە زور تۆھپە ياراتقان. يەنە كېلىپ «چېكا» نىڭ باش ئىشتاپ بىناسى مۇشۇ مەيداندا بولغاچقا سو-
ۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدە ئۇ دزېرژىنسكىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ھەمدە مەيداننىڭ مەركىزىگە
دزېرژىنسكىنىڭ ھەيۋەتلىك پۈتۈن ھەيكىلى تۇرغۇزۇلغان. ھازىر بۇ ھەيكەل ئاللىبۇرۇن ئۆرۈۋېتىل-
گەن، مەيداننىڭ نامىمۇ چار پادىشاھ دەۋرىدىكى لۇبيانكا مەيدانى دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئى-
دى.ئۆرۈۋېتىلگەن دزېرژىنسكى ھەيكىلىنىڭ ئورنىغا «چوڭ تازىلاش» مەزگىلىدە رۇسىيەنىڭ شىما-
لىي قىسمىدىكى سولوۋېتس رايونىغا قۇرۇلغان تۇنجى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىدىن ئېلىپ
كېلىنگەن بىر يوغان خاتىرە تاش قويۇلغان. ھەمدە ئۇنىڭغا «بۇ تاشنى خاتىرىلەش جەمئىيىتى سو-
لوۋېتس ئالاھىدە لاگېرىدىن ئېلىپ كېلىپ، ھاكىم مۇتلەقلىق تۈزۈمىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرى-
غان تۈمەنلىگەن قۇربانلار ئۈچۈن تۇرغۇزدى. 1990 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىنى قاماپ قو-
يۇلغان سىياسىي مەھبۇسلار خاتىرە كۈنى قىلىش ئۈچۈن تۇرغۇزدى» دېگەن خەت ئويۇلغان ئىدى.
بۇ بۈيۈك خاتىرە تاشنىڭ يېنىغا يەنە بىر چۈشەنچە بېرىش تېشى قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا رۇسچە،
ئىنگلىزچە يېزىقتا «تېررورلۇق دەۋرىدە موسكۋادا ئۆيدۈرۈلغان سىياسىي جىنايەت بىلەن 40 نەچچە
مىڭ ئادەم قىرىلغان. 1921 ـ يىلدىن 1926 ـ يىلغىچە قىرىلىپ كەتكەنلەر ئوزىسكى دوختۇرخا-
نىسى (ھازىرقى 233 ـ دوختۇرخانا) قەبرىستانلىقىغا كۆمۈلگەن. 1926 ـ يىلدىن 1935 ـ يىلى-
غىچە قىرىلغانلار موسكۋانىڭ ئەتراپىدىكى 17 ـ ئەسىردىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن ۋاگاكوف قەب-
رىستانلىقىغا كۆمۈلگەن. 1934 ـ يىلدىن باشلاپ 1950 ـ يىلغىچە قىرىلغانلار موسكۋا دون دەر-
ياسى كۆل دەپىنخانىدا كۆيدۈرۈلۈپ كۆمۈلگەن. 1937 ـ يىلدىن باشلاپ موسكۋانىڭ يېقىن ئەترا-
پىدىكى بودوۋ ۋە «كوممۇنا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئەتراپى، ئىچكى ئىشلار
خەلق كومىتېتىنىڭ ئىككى تەجرىبە مەيدانى دەپنە ئورنى قىلىنغان.

تېخىمۇ تەپسىلى ئۇچۇرنى خاتىرىلەش جەمئىيىتىدىن ئالسىڭىز بولىدۇ.

ئالاقىلىشىش ئورنى: موسكۋا كىچىك كالىت كوچىسى 12 ـ نومۇر» دەپ يېزىلغان.

لوبيانكا مەيداندىن ئۆتۈپ، جەنۇبتىن شەرققە سەللا ماڭغاندىن كېيىن دون دەرياسى قەبرىستان-
لىقىغا بارىمىز. خۇش پۇراق گۈللەر ئارىسىدا سانجاق ـ سانجاق قەبرە تېشى كۆزگە چېلىقىدۇ، بىر
چوڭ كوللېكتىپ قەبرە تېشى ئاستىدا ئەن جىجيې بىلەن ئىككى ئوغلىنىڭ يۇ شيۇسوڭ ئۈچۈن
تىكلىگەن قەبرە تېشىنى كۆرگىلى بولىدۇ. قەبرە تاشقا تۆۋەندىكىدەك خەتلەر ئويۇلغان ئىدى:

## «ئىنقىلابىي قۇربان يۇ شىيۇسوڭ
## HAPNMAHOB
## 1899~1939

### ئەن جىجيې ۋە يۇمىن، يۇ يەنلى»

ئەينى چاغدىكى شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان قاقاس قەبرىستانلىق باشقۇرغۇچى ۋە قەبرە ئىگىلىرى تەرىپىدىن بۈگۈنكىدەك قارىغايلار ئورىغان، گۈل - گىياھلار ئېچىلغان چىمەنزارلىققا ئايلاندۇرۇلغان ئىدى.

ئەن جىجيې بىر ئۆمۈر چېپىپ يۈرۈپ يۇ شىيۇسوڭغا ئالاقىدار نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىدۇ. 1962 - يىلى دۆلەت خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى يۇ شىيۇسوڭنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تونۇغانىدى. ئۇ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ يۇ شىيۇسوڭنىڭ يۇرتى جېجياڭنىڭ جۇجى شەھىرى سىۋۇ بازىرى شىسۇن كەنتىنىڭ شەرقىدىكى تېكتون دەرەخلىكى تېغىغا قۇربان يۇ شىيۇسوڭ قەبرىگاھىنى ياساشقا ماسلىشىدۇ ۋە ياردەمدە بولىدۇ، ئۇ بىۋاسىتە بېيجىڭگە بېرىپ 1936 - يىلى شىنجاڭدا يۇ شىيۇسوڭنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسى غەربىي يۆنىلىش 4 - ئارمىيە باش ئەترىتى شىنجاڭغا كىرگەندە تونۇشۇپ قالغان ھازىرقى دۆلەت رەئىسى لى شيەننيەنگە بېغىشلىما يازدۇرىدۇ. لى شيەننيەن ئىككىلەنمەي تۇرۇپ «ئىنقىلابىي قۇربان يۇ شىيۇسوڭ مەڭگۈ ھايات» دېگەن يالتىراپ تۇرغان بىر قانچە چوڭ خەتنى يېزىپ بېرىدۇ. خۇ ياۋباڭمۇ شاڭخەيدە ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى، ئۇمۇ سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ 1 - قارارلىق شۇجىسى يۇ شىيۇسوڭ قەبرىستانلىقىنىڭ دەرۋازا بېشىغا «ئىنقىلابىي قۇربان يۇ شىيۇسوڭ قەبرىستانلىقى» دېگەن كۆركەم خەتلەرنى يېزىپ بېرىدۇ.

2001 - يىلى خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن مەرىپەت خاتىرە باغچىسى دەپ نام بېرىلگەن شاڭخەي فۇشىيۇيەن باغچىسىغا يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن 500 دىن ئارتۇق مەشھۇر كىشىنىڭ بەدىئىي قەبرە ئويما خاتىرە تېشى قويۇلغان ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو ياشلار ئىتتىپاقى قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولغان يۇ شىيۇسوڭنىڭ چەت ئەلدە قۇربان بولغىنىغا 62 يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھى شاڭخەيدە پاناھلانغۇدەك ماكان تاپالمىغان ئىدى. شۇڭا فۇشىيۇيۈەننىڭ رەھبەرلىرى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شاڭخەي شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئەن جىجيې بىلەن كۆپ قېتىم ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭ ئاكتىپ ماسلىشىشى ۋە ھەمكارلىشىشى بىلەن، چىڭپۇدىكى فۇشىيۇيۈەندە يۇ شىيۇسوڭ ئۈچۈن ھەيكەل تۇرغۇزۇشنى قارار قىلىدۇ. 2002 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قۇرۇلغانلىقىغا 82 يىل بولغان پەيتتە، ياشلار ئىتتىپاقى شاڭخەي شەھەرلىك كومىتېتى مەركىزىي گۈزەل سەنئەت ئىنىستىتۇتىنى تەكلىپ قىلىپ ياساتقان يۇ شىيۇسوڭنىڭ ھەيكىلى فۇشىيۇيۈەنگە تۇرغۇزۇلىدۇ ھەمدە تەنتەنىلىك يوپۇق ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەن جىجيې بىلەن شاڭخەي شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇ خېڭيۈەن خاتىرە ھەيكەل يوپۇقىنى ئاچىدۇ. 200 دىن ئارتۇق كىشى يوپۇق ئېچىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى يەنى 1999 - يىلى يۇ شىيۇسوڭنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا 100 يىل بولغاندا ئۇنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى جۇجى شەھىرىدىكى كارخانىچىلار 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ چىقىرىپ يۇ شىيۇسوڭنىڭ مىس ھەيكىلىنى ياساتقان ئىدى. 2001 - يىلى 7 - ئايدا جۇجى شەھىرى يەنە 40 مو كېلىدىغان يۇ شىيۇسوڭ باغچىسىنى ياسىغان. باغچا پۈتكەندىن كېيىن، يۇ شىيۇسوڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يا-

سالغان مىس ھەيكەل باغچىغا ئېلىپ كېلىنىپ ئورنىتىلىدۇ ھەمدە مەڭگۈلۈك خاتىرە ئۈچۈن مىس ھەيكەلگە يېقىن جايغا يەنە بىر مىس مەشئەل قويۇلىدۇ. بۇنىڭغىمۇ ئەن جىجيې كۆپ كۈچ چىقارغان ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى ۋە كىشىنى نەپرەتلەندۈرىدىغىنى شۇكى، مىس ھەيكەل قويۇلۇپ بىر يىلدىن كېيىن مىس ھەيكەلنى ئوغرى ئوغرىلاپ كېتىپ مىس قاتارىدا سېتىۋېتىدۇ. گەرچە جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتتىق تەكشۈرگەن بولسىمۇ، دېلو پاش بولمايدۇ. شۇڭا بۈگۈنكى يۈ شيۇسوڭ باغچىسىدا پەقەتلا مىس مەشئەل قالغاندى.

يۈ شيۇسوڭ ئىلگىرى خاڭجۇ پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئوقۇغان. خاڭجۇ پېداگوگىكا مەكتىپى 1921 - يىلى جېجياڭ ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ ئاتالغان. 1931 - يىلى مۇستەقىل تۈزۈلمىسى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئىدى. شۇڭا ھازىرقى خاڭجۇ شەھەرلىك ئالىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ يەنى ئىلگىرىكى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپمۇ يۈ شيۇسوڭنى مەكتەپداش دەپ قارايتتى. بۇ مەكتەپتىكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ پائالىيەتلىرى ناھايىتى گەۋدىلىك بولغاچقا، ياشلار ئىتتىپاقى جېجياڭ ئۆلكىلىك كومىتېتى 1994 - يىلىلا بۇ مەكتەپنىڭ ياشلار ئىتتىپاقى ياچېيكىسىغا «يۈ شيۇسوڭ ياچېيكىسى» دەپ نام بەرگەن. شۇنداقلا ئەن جىجيېنى ياچېيكىغا بايراق تەغدىم قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. ئەن جىجيې تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۇلارغا يۈ شيۇسوڭنىڭ ئىنقىلابىي ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، زور ئىلھام بەرگەن. كۆپچىلىك بۇ بايراق ئالاھىدە بايراق، بىز چوقۇم تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىنقىلابىي قۇربان يۈ شيۇسوڭنىڭ خانىمى بەرگەن بۇ ئىتتىپاق بايرىقىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد قالدۇرۇپ، خاڭجۇ ئوتتۇرا مەكتىپىدە مەڭگۈ يەلپۈندۈرىمىز دەپ ئىپادە بىلدۈرۈشكەن.

ئەن جىجيې 1980 - يىلى شاڭخەي شەھەرلىك تارىخ ۋە مەدەنىيەت سارىيىنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىنغاندىن كېيىن، مەملىكەتلىك ئاساسلىقى شاڭخەي، شىنجاڭنىڭ تارىخ - مەدەنىيەت ژۇرناللىرىغا مەسىلەن: «شىنجاڭ قۇربانلار تەرجىمىھالى خەۋىرى» گە ئوخشاش ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان پەسىللىك ژۇرناللارغا يۈ شيۇسوڭ ھەققىدىكى ئەسلىمىلەرنى يېزىپ چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى خاتىرە سارىيى، جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خاتىرە سارىيى پۈتكەندىن كېيىن تارىخىي قىممىتى ۋە سەنئەت قىممىتى بار ساقلاندى بۇيۇملار ئىزچىل توپلىنىدۇ ۋە يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىنىدۇ. ئەن جىجيې ۋە ئۇنىڭ ئۆيدىكىلىرى ئۆزلىرى ساقلاپ كەلگەن يۈ شيۇسوڭغا ئائىت قىممەتلىك بۇيۇملار ۋە ماتېرىياللارنى بۇ ئىككى خاتىرە سارايغا ھەقسىز تەغدىم قىلىدۇ. بۇنىڭ بىرقانچىسى 3 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئۆلچىمىگە يېتەتتى.

ئەن جىجيې ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تەغدىم قىلغان بۇيۇملار ئارىسىدا ئۇنىڭ نەزىرىدە بىر قەدەر قىممەتلىك بولغان يۈ شيۇسوڭنىڭ 1920 - يىلى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى دادىسىنىڭ يېقىن دوستى، سوتسىيالىزم ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان لو جىشياڭغا يازغان خېتى، يۈ شيۇسوڭنىڭ 1920 - يىلى 6 - ئايدىن 7 - ئايغىچە يازغان كۈندىلىك خاتىرىسى، يۈ شيۇسوڭ ساقلىغان «ئامېرىكا كوممۇنىستىك پارتىيەسى خىتابنامىسى»، يۈ شيۇسوڭ ئىشلەتكەن «ياپونچە - رۇسچە لۇغەت»، يەنە يۈ شيۇسوڭ شىنجاڭدا ئىشلەتكەن خۇرۇم پەلەي، قەلەم جازىسى، يۈ شيۇسوڭ ئەن جىجيېگە سوۋغا قىلغان سومكا، يۈ شيۇسوڭنىڭ بىر دانە پاختىلىق چاپىنى، كۆز ئەينىكى، كىتابلىرى ۋە خەت - چەكلىرى قاتارلىقلار بار ئىدى.

يۈ شيۇسوڭ لو جىشياڭغا يازغان خېتىدە 1920 - يىلىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە جياڭسۇ - جېج-

ياڭ رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىزم ھەرىكەتلىرىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە كونكرېت ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ كۇندىلىك خاتىرىسىدە 1920 ـ يىلى شاڭخەي كوممۇنىستىك پارتىيەسى گۇرۇپپىسىنىڭ قۇرۇلغانلىق ئەھۋالى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ تەييارلىق ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن بولۇپ ئىلگىرىكى ئالاقىدار تارىخىي بوشلۇق ۋە زور يوچۇقلارنى تولدۇرغان. «ئامېرىكا كوممۇنىستىك پارتىيەسى خىتابنامىسى» مۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق بولۇپ، 1851 ـ يىلى تۇنجى قېتىم نيۇيوركتا چىقىدىغان «ئىشچىلار جۇمھۇرىيىتى گېزىتى»نىڭ 01 ـ، 11 ـ ئايلىق سانىدا ئېلان قىلىنغان شۇنداقلا ئامېرىكا جەمئىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. جۇڭگودا ئۇنىڭ يەنە بىر كۆپەيتمىسىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەن جىجيېنىڭ ھاياتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولغان يۇ شيۇسوڭ بىلەن ئاشىق ـ مەشۇق سىرداش بولۇپ ئۆتكەن ھايات، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى ۋە جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ رەھبىرى ۋاڭ مىڭ، كاڭ شېڭلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى بىلەن بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتكەن يۇ شيۇسوڭنى ئاقلاش ئۈچۈن جەبرى ـ جاپا چەككەن ھايات ئىدى. 60 نەچچە يىل ئىچىدە، ئۇ يۇ شيۇسوڭغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرى مەنسەپدار ئائىلىسىدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن، شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىپ ئاخىرقى تېنىقىغىچە كۈرەش قىلغان. ئۇ 2006 ـ يىلى 11 ـ ئايدا 93 يېشىدا شاڭخەيدە ئالەمدىن ئۆتىدۇ، ھايات چېغىدىكى ۋەسىيىتى بويىچە مېيىتى يۇ شيۇسوڭنىڭ قەبرىسىگە قويۇلىدۇ. قەبرە خاتىرە تېشىغا، ئۇنىڭ يۇ شيۇسوڭ بىلەن توي قىلغان چېغىدىكى ئىسمى «شېڭ شىتوڭ» يېزىلىدۇ.

## تارىخ ـ مەدەنىيەت يۇرتىمىزدىن رەسسام تۇردى ئىمىن رۇسىيە مەدەنىيەت تارمىقىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، 2013 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە سان پېتېربورگ خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەركىزىدە رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى

جۇڭگونىڭ رۇسىيەدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ باشلىقى، باش كونسۇلخانا مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ باشلىقى ۋە رۇسىيەنىڭ مەدەنىيەت تارماقلىرىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى كۆرگەزمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى، باش كونسۇل لى يەنچى ئەپەندى تەبرىك نۇتقى سۆزلىدى.

بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىگە سالغان سەكسەن پارچىدىن ئارتۇق نادىر ئەسەر شۇ جايدىكى گۈزەل سەنئەت سائەسىدىكىلەر ۋە تاماشىبىنلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. تۇردى ئىمىن ئەپەندىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، رۇسىيە دۆلەتلىك مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى سان پېتېربورگ مەدەنىيەت ئىدارىسى، سان پېتېربورگ ئېرمىتاش دۆلەتلىك مۇزېيى سان پېتېربورگ خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەركىزى تۇردى ئىمىن ئەپەندىگە ئاكادېمىك گۇۋاھنامىسى بەردى.

# ۋەلىباي يولداشېۋ

ئابدۇۋەلى مۇقىيىت



ۋەلىباي يولداشېۋ

ۋەلىباي يولداشېۋ (1838 ــ 1915) ئىلىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مۇھىم شەخسلەرنىڭ بىرى. ۋەلىباي يولداشېۋنىڭ ھايات يولى كىشىلەرنى يېتەكلەش، ئۇلارغا ئۈلگە بولۇش جەھەتلەردە بەلگىلىك ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ھاياتى كىشىلەرگە ئالىيجاناپ پەزىلەتنى، تارىخىي تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئۆگىتىدۇ، ئىدىيە ۋە كۈچ بېرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ئەينى يىللاردىكى تارىخىمىزغا قارىتا بىر قەدەر ئېنىق تونۇش شەكىللەندۈرۈشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

مەن مۇشۇنداق مەقسەتتە ۋەلىباي يولداشېۋنىڭ تەرجىمىھالىنى قەلەمگە ئېلىشنى نىيەت قىلدىم. ۋەلىباينىڭ ۋاپاتىغا بىر ئەسىر بولدى. بىر ئەسىر ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن قىسقا ۋاقىت ئەمەس. بۇ جەرياندا نەچچە ـ نەچچە ھاكىمىيەت ئالماشتى، نەچچە ئەۋلات كىشىلەر دۇنيادىن ئۆتتى، زامان شامالLIرى ئۇچۇرغان چاڭ ـ توپىلار بىر قىسىم ئەجداتلارنىڭ قەدەم ئىزلىرىنى يېپىپ كەتتى.

1918 ـ يىلى يەتتىسۇدا سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندا بايلار خەلق دۈشمىنى ھېسابلىنىپ، ئۇلار توغرىسىدا سۆز قىلىش جىنايەت ھېسابلانغانىدى. شۇ زامانلاردىن تارتىپ ۋەلىباينىڭ يەتتىسۇ تەۋەسىدىكى ئەۋلاتلىرى جەمئىيەت تەرىپىدىن يەكلەندى. بۇ ئەھۋال 70 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتى. شۇڭا ۋەلىباي يولداشېۋنىڭ ھاياتى توغرىسىدا رەسمىي يازما ماتېريال ياكى ئەسلىمىلەر يوق دېيەرلىك بولۇپ كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ئاندىن قازاقىستان تارىخ پەنلىرىنىڭ نامزاتى م. ن. كەبىروف ۋەلىباي يولداشېۋقا مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئارخىپىدا ساقلانغان بىر قىسىم ھۆججەتلەرگە ئاساسەن ئالمۇتادا نەشر قىلىنغان «يېڭى زامان» گېزىتىنىڭ 2000 ـ يىلى 12 ـ مايدىكى سانىدا «ۋەلىباي يولداشېۋ» ناملىق ماقالىسىنى رۇس تىلىدا ئېلان قىلدى. 2005 ـ يىلى يولداش ئەزىمەتوف تۈزگەن «20 ـ ئەسىر نامايەندىلىرى» دېگەن توپلامغا، ئابدۇكېرىم تۇردىياروفنىڭ

ۋەلىباي يولداشېفنى تونۇشتۇرغان ماقالە يورۇق كۆردى.

ۋەلىباي توغرىسىدا خەلق ئىچىدە ئېقىپ يۈرگەن رىۋايەتلەر خىلمۇ - خىل. ئۇنىڭ ئەسلىي يۇرتى توغرىسىدا «تۇرپانلىق»، «ئاتوشلۇق»، «خوتەنلىك» دېگەن قاراشلار بار. ھەتتا ئۇنىڭ ئىلىدىكى توغۇلغان يۇرتى توغرىسىدىمۇ ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. مەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى توپلىغان ماتېرىياللىرىمغا ئاساسەن بۇ تەرجىمىھالنى يېزىپ، تارىخىي چىنلىقىقا ئۇيغۇن دېگەن قاراشلىرىمنى كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشتۇرماقچى بولدۇم. تولۇقلاشقا ياكى تۈزۈتىشكە تېگىشلىك ئورۇنلىرى بولسا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكىر بېرىشىنى قارشى ئالىمەن.

2005 - يىلى ئالموتادا شائىر رەخىمجان روزىيېف ئاكا بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سۆھبەتتە ئۇ ماڭا ۋەلىباي يولداشېفنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى توغرىسىدا مۇنداق بىر ئۇچۇرنى سۆزلەپ بەردى: غۇلجا شەھىرىدىن غەربتىن شەرققە سوزۇلغان تاشيولنى بويلاپ سەككىز كېلومېتىر ماڭسىڭىز «قوتان تام» دېگەن قەدىمىي بىر يېزىغا بارىسىز. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يېزا ئەسلىدە «خوتەن تام» نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن «قوتان تام»غا ئۆزگىرىپ كەتكەن. بۇ يېزىنى بەرپا قىلغۇچىلارنىڭ ئىچىدە خوتەننىڭ تېكە دېگەن يېرىدىن كەلگەن خۇش ئەخمەت، يولداشمەت ئىسىملىك ئاكا - ئۇكىلار بار ئىكەن. خۇش ئەخمەت تېكە بۇ يېزىنىڭ يۈز بېگى بولۇپ، ئىنىسى يولداشمەتكە بۇ يېزىدىكى ئەڭ چىرايلىق بىر قىزنى ئېلىپ بەرگەنىكەن. ئۇزاق ئۆتمەي خۇدا ئۇلارغا بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىپتۇ. ئاتا بولغۇچى يولداشمەت مەھەللە ئىمامىنى چاقىرىپ، ئوغلىغا «ۋەلاخۇن» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. بۇ ۋاقىت 1838 - يىلى ئىكەن.

ئېيتىلىشىچە ۋەلاخۇن باللىقىقا تېخى قانماي تۇرۇپلا ئاتىسى يولداشمەت ئالەمدىن ئۆتكەن. نەتىجىدە بىر ئائىلىنىڭ يۈكى سەككىز - توققۇز ياشلارغا كىرگەن ۋەلاخۇننىڭ زىممىسىگە چۈشكەن. ئۇ جاڭگاللاردىن ئوتۇن يىغىپ، ئېشەككە ئارتىپ شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ، ئانىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشقا باشلىغان.

ۋەلىباي يولداشېفنىڭ ياركەنت كۆكتالدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان 90 ياشلىق نەۋرىسى رۇقىيە موماي ماڭا (2005 - يىلىدىكى خاتىرە) بوۋىسىنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: بوۋامنىڭ تۇغۇلغان يىلى ھەرخىل ماتېرىياللاردا ھەرخىل ئېلىنىۋاتىدۇ. بىزگە ئانىمىز بوۋىمىز توغرىسىدا كۆپ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەن، بوۋىمىزنى بىلىدىغان مۆتىۋەرلەرنىڭ ئاغزىدىنمۇ نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلىغان ئىدۇق. بوۋام توغرىسىدىكى ئۇ ئىشلارنى بىرسىمىزمۇ دەپتەرگە يېزىپ قويمىغانىكەنمىز، ئەمما ئانامنىڭ ئېيتقانلىرى تېخىچە ئېسىمدە. بوۋام 1838 - يىلى نامرات بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئەسلىي ئىسمى ۋەلاخۇن ئىكەن. كىچىكىدىلا ئاتىسىز قالغان بوۋىمىز تۇرمۇشنىڭ ئېغىر جاپالىرىغا ئۇچراپ، تۇرمۇشتا پىششىق، زىرەك، تەدبىرچان بولۇپ ئۆسۈپتۇ. شەھەرگە ئېشەك بىلەن ئوتۇن توشۇپ، سېتىپ بىر ئۆينى بېقىپتۇ. بوۋىمىز دالىدا ئوتۇن يىغىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇنىڭغا ئاپپاق ساقال بىر بوۋاي يولۇقۇپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ ئېشەك هارۋىسىغا ئوتۇن بېسىشىغا ياردەملىشىۋېتىپ : «ئاناڭغا بەك كۆيۈمچان يىگىت بولۇپسەن، خۇدايىم يولۇڭنى بەرسۇن!» دەپ دۇئا بېرىپ كېتىپ قاپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن بوۋام كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىسا، بوۋاي يوقىمىش. بوۋام بۇ ئەھۋالنى مومامغا دەپ بېرىپتىكەن، مومام ئۇ بوۋاينى خىزىر ئەلەيھىسسالامغا جورۇپ، ياخشىلىق تىلەپ، ياغ پۇراتقانىكەن. مەن بۇ رىۋايەتنى ئاپام ۋە باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئىدىم. بوۋام باي بولغاندىن كېيىنمۇ ئاشۇ مۇشەققەتلىك كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ قالماي، ئېگىز، چىرايلىق سېلىنغان ئۆيىنىڭ ئىشىكىنىڭ بېشىغا جاپادا ئۆتكەن ئاشۇ كۈنلەردە كىيگەن چورۇقى ۋە چورۇقىنىڭ يېنىغا

«كىيگەن چورۇقىڭنى قۇرۇتما، كۆرگەن كۈنىڭنى ئۇنۇتما» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان كىچىك بىر تاختايىنى ئېسىپ قويغانىكەن.①

ۋەلاخۇنىنىڭ تۇل قالغان ئانىسى بىر نەچچە يىللاردىن كېيىن ئاقكەنتنىڭ يۈز بېگى سوپىيار دېگەن كىشىگە ياتلىق بولغان. (ئۇ چاغلاردا ئاقكەنت بىلەن ياركەنت ئىلىغا تەۋە ئىدى) ئۇ كىشىدىن ئەكبەر ھاجى ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغۇلغان. ئەكبەر ھاجى بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئەراخان دېگەن بىر قىزغا ئۆيلەنگەن. ئۇلارنىڭ قاسىمخان، تېيىپخان، ئەخمەتخان دېگەن ئۈچ ئوغۇل پەرزەنتى بولغان. كېيىنكى ئىككى ئوغلى كىچىكىدە ۋاپات بولۇپ كېتىپ، قاسىمخان دېگەن ئوغلىلا ھايات قالغان. كېيىن ئانا بىر، ئاتا باشقا ئىككى قېرىنداش — ۋەلىباي بىلەن ئەكبەر ھاجى قۇدا بولۇپ، قاسىمخان ۋەلىباينىڭ تاتار ئايالى ئەيىنىشتىن بولغان قىزى دۇرنىساخان بىلەن توي قىلغان. ئۇلاردىن ئابلىزخان، پاشاخان، رۇقىيە، ئابدۇرېھىم، كەرىم، مۇتەللىپ ئىسىملىك باللار تۇغۇلغان.

يۇقىرىدىكى ئەسلىمىنىمۇ ۋەلىباي يولداشېفنىڭ 90 ياشقا كىرگەن نەۋرىسى رۇقىيە موماي سۆزلەپ بەرگەن.

1851 - يىلى جۇڭگو بىلەن رۇسىيە ھۆكۈمىتى «ئىلى - تارباغاتاي سودا كېلىشىمى»نى ئىمزالىدى. رۇسىيە تىجارەت قىلىش ئۈچۈن كۇرەدىن يەر سېتىۋالدى. رۇسىيەنىڭ تىجارەتخانىسىدا تاتارلار خىزمەت قىلاتتى. تاتارلار ماللىرىنى غۇلجا شەھىرىگىمۇ ئاپىرىپ سېتىپ، بۇ يەردىن خام ئەشيا ئالىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئىلىنىڭ سودا ئىشلىرى جانلىنىشقا باشلىدى.

سودا پۇرسىتى يېتىپ كەلگەن مۇشۇنداق بىر چاغدا تۇرمۇشنىڭ جاپا مۇشەققەتلىرى ئىچىدە پىشقان چەبدەس، زېھنى ئۆتكۈر ۋەلاخۇن سودا بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. ئۇ سودىنىڭ يولىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ئاساسلىق زېھنىنى ئاشلىق، يەم - خەشەك تىجارىتىگە قاراتتى. بولۇپمۇ كۇرە، بايانداي، چىلپەڭزە قورغانلىرىدىكى مەنچىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۇلار ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ئاشلىق ۋە يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەشنى ھۆددىگە ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سودىسى روناق تېپىپ تېز بېيىشقا باشلىدى. 1864 - يىلى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، 26 ياشلىق ۋەلاخۇن غۇلجا شەھىرىدىكى ئەڭ كاتتا بايغا ئايلىنىپ، كىشىلەر ئارىسىدا «ۋەلىباي» نامى بىلەن ئاتىلىشقا باشلىدى. بۇنى تۆۋەندىكى پاكىتتىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«1881 - يىلى يازدا تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ گېنېرال گوبېرناتورى كولپاكوۋسكىي تاشكەنتتىن يەتتىسۇغا كەلدى. ئۇ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ خاھىشى — يەتتىسۇغا كۆچۈپ چىقىشنى خالاش - خالىماسلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، غۇلجىلىق تونۇشى يولداشېفنى ئۆزى تۇرغان ئالتۇن - ئىمەلگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن تارانچىلارنى يەتتە سۇغا كۆچۈرۈپ چىقىشنى قەتئىي ئىلتىماس قىلدى. ئۇ ئىلىلىقلارنى كۆچۈرۈشكە ئۆزىنىڭ بىۋاستە قول سېلىشىنى قولايسىز، دەپ ھېسابلىغاندى. ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنى كۆچۈرۈپ چىقىش مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىنسا، رۇسىيە ھۆكۈمىتىگە دەپ، يولداشېفنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۆلەنمەي كېلىۋاتقان بىر مىليون سەككىز يۈز مىڭ روبلى قەرزىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تۆلىتىپ بېرىدىغانلىقىنى، يەنە ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى توغرىسىدا ئىمپېراتور جانابلىرىغا خەۋەر قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.»②

بۇنىڭدىن بىز ۋەلىباينىڭ 1864 - يىلدىن ئىلگىرىلا چىڭ ھۆكۈمىتى دائىرىلىرىدە ئېلىشقا تېگىشلىك بىر مىليون سەككىز يۈز مىڭ روبلى پۇلى بارلىقىنى بىلىمىز.

ۋەلىباي يولداشېفنىڭ ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىدا قانداق رول ئوينىغانلىقى توغرىسىدا قولىمىزدا ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق. ئىلى سۇلتانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن يەتتىسۇ تەۋەسىدە رۇسىيە

بىلەن سودا قىلغانلىقى ۋە غۇلجىدا جامائەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى توغرىسىدا تۈۋەندىكىدەك ئۇچۇر بار:

غۇلجا شەھىرىنىڭ ھازىرقى شىنخۇا غەربى يولى بىلەن ئەخمەتجان يولىنىڭ كېسىشكەن تۆت كوچا ئېغىزىنىڭ غەربىي جەنۇب دوقمۇشىدا جۇڭگوچە ئۇسلۇبتا ياسالغان بىر راۋاق بولۇپ، بۇ راۋاقتا: «غۇلجا شەھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى ‹دۆڭ مەھەللە مازىرى›، غۇلجا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 2009 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئەنگە ئالغان» دېگەن تاختا ئېسىلغان. بۇ ئورۇن ئەسلىي قەدىمىي قەبرىستانلىق ئورنى بولۇپ، خەلق ئاغزىدا «چوكان مازار» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتاتتى. مەن بۇ راۋاق ئاستىدىكى قەبرىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ـ تېياتىر ئۆمىكىنىڭ سابىق رەھبىرى نىجات ئەكبەرنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى ئاڭلاپ، ئۇ كىشىنى زىيارەت قىلدىم.

نىجات ئەكبەرنىڭ قولىدا 1987 ـ يىلى غۇلجا شەھەرلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىق باشقارمىسىنىڭ (526) نومۇرلۇق گۇۋاھلىق ئىسپاتى بار ئىكەن. ئۇنىڭدا: «ئوسمانجان سېيىت كامالىدىن غوجىنىڭ ئوغلى، تۆرەجان ئوسمانجاننىڭ ئوغلى، ئەكبەر تۆرەجاننىڭ ئوغلى، نىجات ئەكبەر غوجىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى راست» دەپ يېزىلغانىدى.

كېيىن مەن غۇلجا شەھەرلىك بىناكارلىق شىركىتىنىڭ 1988 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى «ئىلى گېزىتى»گە بەرگەن: «سېيىت كامالىدىن غوجا مازىرى (بۇ مازار خەلق ئىچىدە ‹چوكان مازار› دەپ ئاتىلىدۇ) نىڭ ئورنىغا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلۇش سالماقچىمىز... قەبرە ئىگىلىرىنىڭ بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە قەبرىلەرنى يۆتكەپ كېتىشىنى ئۇقتۇرىمىز» دېگەن ئېلانىنى كۆردۈم.

مەن يەنە ئەكبەر غوجا ئاكىنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان «تارىختىن خاتىرە» دېگەن يازمىسىنى ئوقۇپ چىقتىم. ئۇنىڭدا: «1884 ـ يىلى رۇسىيە قوقەنت شەھىرىدە بوۋىلىرىمىزنىڭ پادىشاھقا ئۆي سېلىقى تۆلىگەن كىتابچىغا يېزىپ قويغان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىسمىنى كۆچۈرۋالدىم. بىزنىڭ تەكتىمىز قوقەنتلىك بولۇپ، ئۇلۇغ بوۋىمىز سېيىت كامالىدىن غوجا ئەھلى تىجارەتچى ھەم ئوقۇمۇشلۇق زات ئىكەن. ئۇ تىجارەت ئىشى بىلەن ئالمۇتادا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن 1850 ـ يىللار ئەتراپىدا ئىنىسى سۇلتان غوجا بىلەن غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ تىجارەت بىلەن تۇرۇپ قاپتۇ. سېيىت كامالىدىن غوجا ئۆزىنىڭ تىجارىتى ۋە ئەتراپلىق بىلىمى بىلەن يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىكەن. جۈملىدىن ئىلىنىڭ ئەينى يىللاردىكى ھاكىمبېگى مەزمۇزاتخان ۋە ۋەلىباي بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئۆتكەنىكەن. 1860 ـ يىللارنىڭ بېشىدا مەزەمزاتخاننىڭ قىزى (بوۋاق غوجىنىڭ ھەدىسى) ئايىم بۇۋىنى ئىنىسى سۇلتان غوجىنىڭ ئوغلى ئوسمانجان غوجىغا ئېلىپ بېرىدىكەن. 1866 ـ يىلى ئۇلۇغ بوۋىمىز سېيىت كامالىدىن غوجا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ۋەلىباي ئۆزى باش بولۇپ، بوۋىمىزنىڭ مېيىتىنى داغ ـ دۇغا بىلەن غۇلجا شەھىرىدىن كۆرەگە ماڭىدىغان چوڭ يولنىڭ ئۈستىدىكى دۆڭگە (ھازىرقى ئورنىغا) دەپنە قىپتۇ. 1867 ـ يىلى ۋەلىباي بۇ قەبرە ئۈستىگە بىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان جۇڭگو بىناكارلىق ئۇسلۇبىدىكى ئاشۇ راۋاقنى ياستىپتۇ.»

دېمەك، مۇشۇ مەلۇماتتىن راۋاق ئاستىدىكى قەبرىدە ياتقان كىشى قانداقتۇ بىر چوكان ئەمەس، بەلكى قوقەنتلىك سېيىت كامالىدىن غوجا ئىكەنلىكى، بۇ راۋاقنىڭ ۋەلىباي تەرىپىدىن 1867 ـ يىلى (ئىلى سۇلتانلىقى دەۋرىدە) ياسىتىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

1871 - يىلى 22 - ئىيۇندا رۇسىيە گېنېرالى كولپاكوۋسكىي 3 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئىلىنى بېسىۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ رۇسىيە سودىگەرلىرى ئىلىغا كۆپلەپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار بۇرۇنقى نوغاي مەسچىت ئەتراپىدا شەكىللەنگەن نوغاي مەھەللىسىنى مەركەز قىلىپ بازار شەكىللەندۈردى. «شۇ يىللاردا مىرشانوف دېگەن كىشى خەنزۇ بازىرىغا كېتىدىغان يول ئۈستىدىكە تاشتىن ئۇل قوپۇرۇپ، خىش بىلەن 20 گە يېقىن ئەينەكلىك دۇكان ھەم ئىككى قەۋەتلىك ساراي سالدۇردى. بۇ ساراي ‹مىرشانوفلار سارىيى›، دۇكانلار بولسا ‹ئابدۇۋفلار دۇكىنى› دەپ ئاتالدى. (مىرشانوفلار بىلەن ئابدۇۋفلار ئەينى يىللاردىكى غۇلجىدىكى باي جەمەتلەر ئىدى) خەلق بۇ كوچىغا ‹تاشلەپكە›، (تاشتىن ياسالغان دۇكان دېمەكچى) دەپ نام بەردى»[3] كېيىنچە بۇ يەردىكى قايناق بازار «تاشلەپكە بازىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشقا باشلىدى.

تىجارەت ئىشلىرىدا پىشقان، تەدبىرلىك ۋەلىباي سودا پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەي ئالدى بىلەن «ھەرەمباغ گازارمىسى» ۋە «سايىبويى گازارمىسى» دىكى رۇس ئەسكەرلىرىنى يېمەك - ئىچمەك ۋە ئاتلىرىغا بېرىدىغان ئارپا، سولۇ، بېدە قاتارلىق يەم - خەشەكلەر بىلەن تەمىنلەشنى ھۆددىگە ئېلىش ئۈچۈن گېنېرال كولپاكوۋسكىي بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تىرىشقان. بوۋام يۈسۈپ زاھىدىنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە (1972 - يىلىدىكى خاتىرە) ۋەلىباي ئايالىلار دىپلوماتىيەسىگىمۇ ئۇستا ئادەم ئىكەن، ئېھتىمال ئۇ بۇنى مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن سودا قىلىش جەريانىدا ئۆگەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئالدى بىلەن گېنېرال كولپاكوۋسىكىنىڭ خانىمىغا جۇڭگونىڭ ئېسىل تاۋار - دۇردۇنلىرى بىلەن پۇراقلىق پەمىل چايلىرىنى سوۋغا قىلىپ كۆڭلىنى ئۇتۇپ يۇقىرىدىكى توختامغا ئىگە بولغان. بۇ توختام تاكى 1881 - يىلىغىچە 10 يىل داۋام قىلىپ، ۋەلىباي زور مەنپەئەتكە ئىگە بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ «يولداشېف» دېگەن نام بىلەن تونۇلۇشقا باشلىغان.

ۋەلىباي يولداشېف رۇس تۆرىلىرى بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزى رۇسىيەدىن بىۋاسىتە مال كىرگۈزىدىغان، ئىلىنىڭ خام ماللىرىنى رۇسىيەگە ئاپىرىپ ساتىدىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سودا ئىشلىرى تېخىمۇ روناق تاپقان.

ئەينى يىللاردىكى ئىلىنىڭ زەردار جەمەتلىرىدىن بولغان سابىر ھاجىيوفلار ئائىلىسىنىڭ ۋارىسلىرىدىن بىرى بولغان ئوغۇزخان ھاجىم بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر سۆھبەتتە (2008 - يىلىدىكى خاتىرە) ئۇ ماڭا ۋەلىباينىڭ سودا مونوپولىنى ياخشى چۈشىنىدىغان ئەقىللىك سودىگەر ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ، چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان مۇنداق بىر ئىشنى ئەسلەپ بەردى. ۋەلىباي داستىخىنى كەڭ، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا ماھىر ئادەم ئىكەن. بىر كۈنى ۋەلىباينىڭ مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئابدۇۋاھىت غەزىنىچى دېگەن كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئورېنبۇرگدىن (رۇسىيە) كېلىدىغان ماللارنىڭ كېچىككەنلىكىنى، ئىسكىلاتتىكى ماللارنىڭ تۈگىگەنلىكىنى، بازاردىكى نەرقىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلغان. ۋەلىباي بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن خەزىنىچىگە: غوجىدارغا ئېيتىڭ، كاتتا زىياپەتكە تەييارلىق قىلسۇن، دەپتۇ. بىرىنچى كۈنى رۇسىيەلىك گېنېرالى بىلەن ئوفىتسېرلارنى ھەم بىر قىسىم مۇلكىي ئەمەلدارلارنى چاقىرىپ كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. ھەتتا گېنېرال كولپاكوۋسكى خانىمىنىڭ تەلىپى بويىچە ھەشەمەتلىك تانسا زالى بىلەن دوخشۇۋي ئوركېستىرلارمۇ ھازىرلىنىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئىلىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاخۇن - موللىلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغىمۇ كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ شەھەر خەلقى ئارىسىدا بۇ زىياپەتلەر توغرىسىدا غۇلغۇلا پەيدا بوپتۇ.



تەخمىنەن 1880 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا تارتىلغان بۇ خاتىرە سۈرەتنىڭ 1 ـ رەت ئوڭدىن مانجۇچە كىيىنگەن 1 ـ كىشى سىدىق شاڭيو (1858 ــ 1821)، 2 ـ كىشى يەنى ئوتتۇرىدىكى كىشى ۋەلىباي يولداشېۋ، 3 ـ كىشى يەنى بېشىغا بەگ تۇمىقى كىيگەن كىشى ئىلياس غوجا (يەنە بىر ئاتىلىشى بوۋاق غوجا، 1853 ــ 1892).

ئۈچىنچى كۈنى ئۇ شەھەرنىڭ بېسىمدار سودىگەرلىرى بىلەن ئاتاقلىق ناخشىچى، سازەندىلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغىمۇ كاتتا چاي بېرىپتۇ. زىياپەت ئاخىرلاشقاندا ۋەلىباي ئورنىدىن تۇرۇپ: «بىزنىڭ ئورېنبۇرگدىن ئىلىغا كېلىدىغان ماللىرىمىز پات پۇرسەتتە كەلمەكچى، شۇڭا ھەر قايسىلىرى ئالىدىغان ماللىرىڭلارنى ئالدىن تىزىملىتىپ، ئوتتۇز پىرسەنت پۇلنى ئالدىن بانكىغا قويىۋەتسەڭلار» دەپتۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ مالنى باھاسى ئۆرلىگەندە ساتىمىز دەپ بېسىۋالغان بېسىمدار سودىگەرلەر ۋەلىباينىڭ مېلى كېلىۋېتىپتۇ، دەپ ئەنسىرەپ ئىسكىلاتلىرىدىكى ماللىرىنى ئېلىپ چىقىپ بەس ـ بەستە تۆكمە قىلىپ سېتىشقا باشلاپتۇ. ۋەلىباينىڭ بازارغا قويىۋەتكەن ئادەملىرى بۇ ماللارنى يىغىۋېلىپ، ئاز كۈندىن كېيىن يەنە يۇقىرى باھادا سېتىپتۇ. سودىگەرلەرنىڭ بانكىغا ئالدىن قويغان پۇلىنى ئوبورت قىپتۇ، رۇسىيەدىن كەلگەن ماللىرىنىمۇ ئالدىن تۈزگەن توختام بويىچە ياخشى باھادا سېتىپتۇ.

1873 ـ يىلى ۋەلىباي يولداشېۋ سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرىغا (ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى، غۇلجا ناھىيە مازار يېزا مازار كەنتىدە) گۈمبەز ياستىشنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۈچ يىلدا جۇڭگو بىناكارلىق ئۇسلۇبى بويىچە ھەشەمەتلىك بىر راۋاقنى ياساپ پۈتتۈرگەن. بۇ ھەقتە ئەينى يىللاردا ياشىغان شائىر تۇردى قارى خۇشنىياز (ئابدۇلھېلىم) «ۋەيسىل قىران مازارىنىڭ ياسالغان تارىخلارى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

.........................

ۋەلى باي ئاخۇن زىيارەتكە كەلدىلەر،
قەبرە گۇمبەزىنىڭ نىيەتىن قىلدىلەر.
ھەر تەرەپ تامچى، ياغاچچى كەلتۇرۇپ،
ئىش بۇ يۇردى ھەم بۇلارنى قالدۇرۇپ.

.........................

ھەم ياراغ، بارى سەرامجان بولدىلەر،
ئەۋۋەل - ئاخىر ئۈچ سەنەدە پۈتتىلەر.

.........................

مىڭ ئىككى يۈز توقسەن تورت ساچقان سال،
ئىتتىپاق قىلدى ھېساب تارىخنى ئال④.

بۇ شېئىر بىزگە بۇ مازارنىڭ ھىجرىيەنىڭ 1294 - يىلى (مىلادىيە 1876 - يىلى) ياسىلىپ پۈتكەنلىكىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ.

1881 - يىلى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى رۇسىيە بىلەن پېتېربورگدا «جۇڭگو - رۇسىيە تۈزۈتىلگەن ئىلى شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. بۇ شەرتنامىنىڭ بىر مەزمۇنىدا : مانجۇلار ئىلىدا ئۆز ھۆكۈمىتىنى قۇرغۇچە بولغان بىر يىل ئىچىدە رۇسىيەگە تەۋە بولۇشنى خالىغۇچىلار بولسا رۇسىيەگە كۆچۈپ كەتسە بولىدۇ، دېيىلگەنىدى.

رۇسىيە تەرەپنىڭ شەرتنامىگە بۇ ماددىنى كىرگۈزۈشتىكى مەقسىتى، يېڭى مۇستەملىكىسى بولغان يەتتىسۇغا ئىلىنىڭ تىرىشچان، ئەمگەكچان ئۇيغۇرلىرىنى كۆپلەپ كۆچۈرۈپ چىقىپ دېھقانچىلىقنى قولغا سېلىپ، پايتەختتىن بەكمۇ يىراقتا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلىرىنى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش ئىدى. ئىلى خەلقىنى يەتتىسۇغا كۆچۈرۈشتە رۇسىيە تەرەپنىڭ بىۋاستە قول سېلىشقا «ئەپ-سىز» بولۇۋاتقىنى يوقىرىدىكى شەرتنامىدا بەلگىلەنگەن «كۆچۈش - كۆچمەسلىك ئىختىيار» دېگەن بىر جۈملە سۆز ئىدى.

مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە گېنېرال گوبېرناتور كولپاكوۋىسكىي ئىلىدىكى زور شۆھرەتكە ئىگە داڭلىق باي ۋە ئۆزى بىلەن ئون يىل ھەمكارلاشقان كونا دوستى ۋەلىباي يولداشېفنى ئىزدەپ، ئۇ-نىڭدىن ئىلىدىكى تارانچىلارنى يەتتىسۇغا كۆچۈرۈپ چىقىشقا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا نۇغۇن ۋەدىلەرنى بەرگەن (بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇق).

شۇنىڭ بىلەن ۋەلىباي يولداشېف گېنېرالنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، 50 مىڭدىن ئارتۇق خەلقنى يۇرت - ماكانىدىن جۇدا قىلىدىغان بۇ پاجىئەلىك تەقدىرگە تەۋەككۇل قىلغان.

ۋەلىباي ئالدى بىلەن يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئىچىدە خەلقنى يەتتىسۇغا كۆچۈرۈش توغرىسىدا جاما-ئەت پىكرى ھازىرلىغان. بۇنىڭدىن بۇرۇن خەلق ئارىسىدا تارقالغان «مانجۇ ھۆكۈمىتى قايتىپ كەل-گۇدەك»، رۇسلار قايتىپ كەتكۇدەك» دېگەن مىش - مىش گەپلەر ئەمدى راستقا ئايلانغان بولغاچقا، خەلق ئۆزلىرى دۈشمەنلەشكەن مانجۇ ھۆكۈمىتى قايتىپ كەلسە ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئەندى-شىگە چۈشكەن. نەتىجىدە، ۋەلىباينىڭ تەسىرى بىلەن ئىلىنىڭ ھەرقايسى يۇرتلىرىدىكى تارانچى - تۇڭگان مۆتىۋەرلىرى بىرلىشىپ رۇسىيەگە كۆچۈپ كېتىش توغرىسىدا يەتتىسۇ ۋىلايىتىنىڭ گې-نېرال گوبېرناتورىغا خەلق نامىدىن ئەرز سۇنغان. ئەرزگە ئۇيغۇرلاردىن 24 كىشى، تۇڭگانلاردىن 4

كىشى ئىمزا قويۇپ مۆھۈرلىرىنى باسقان.

خەلق نامىدىن يېزىلغان «ئەرز»نى كۆرۈپ كۆڭلى خاتىرجەم بولغان گېنېرال كولپاكوۋسكىي 1881 ـ يىلى 20 ـ ئىيۇندا خەلقنىڭ يەتتىسۇغا كۆچۈشىگە روخسەت قىلغان. بۇ جاپالىق كۆچۈش تاكى 3881 ـ يىلى 10 ـ مارتقىچە داۋاملاشقان.

چوڭلارنىڭ گەپلىرىدىن قارىغاندا، ئاۋام كۆچۈشنى ياكى كۆچمەسلىكنى بىلەلمەي دىلغۇل بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، ۋەلىباي ئۆزىنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى 80 هارۋىغا بېسىپ «خەير ـ خوش ئىلى!» دەپ ماڭغان. ۋەلىبايدىن ئىبارەت سەركىنىڭ يولغا چىققانلىقىنى كۆرگەن تارانچىلار تەۋرەپ كەتكەن. ۋەلىباينىڭ كەينىدىنلا تارانچىلار قوزغۇلۇپ دېگۇدەك كۆچۈشكە باشلىغان، ھەتتا قاش ۋە ئىلى دەرياسى بويىغا جايلاشقان بىر قىسىم يېزىلاردىكى كۆچۈشكە قۇربى يەتمىگەن دېھقانلار ئۆيلىرىنىڭ ئۈستىنى ئېچىپ ئۇنىڭ لىم ۋە چەشزىلىرىدىن سال باغلاپ، بالا ـ چاقىسىنى سالغا ئولتۇرغۇزۇپ ئىلى دەريا ئېقىنى بىلەن كۆچكەن.

ئانا يۇرتىدىن ئايرىلغان، كۆزى كەينىدە قالغان خەلق قەلبىدىكى ھەسرەتلىك نىدالىرىنى مۇنداق قوشاقلار بىلەن ئىپادىلىگەن:

ۋەلىباينى باي دەيدۇ،
باي قىلسا خۇدا قىلدى.
ئاتمىش مىڭ تارانچىنى،
ئىلىدىن جۇدا قىلدى.

ئاقخان بىلەن قاراخان،
گېپى بىر ئىكەن باشتا.
كەتمەكنى خىيال ئەيلەپ،
كېمە ياسىدۇق قاشتا.

چۆللەرگە چىقىپ كەتسەك،
چۆلنىڭ بۆرىسى باردۇر.
كۆچمەن كۆچكەن ئەللەرنىڭ،
قەبرى ـ چۆرىسى باردۇر.

ئالمۇتاغا كۆچ دەيدۇ،
بارار يېرىمىز قۇملۇق.
راست گېپىنى ئېيتمايدۇ،
كۆزى كۆك، بېشى يۇڭلۇق.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خەلق ئېيتقان بۇ ھەسرەتلىك قوشاقلار توپلىنىپ، ئىلى خەلقىنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئاچچىق ھەسرەت بىلەن يۇغۇرۇلغان تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان «كۆچ ـ كۆچ» قوشاقلىرى بولۇپ شەكىللەندى.

* * *

يەتتىسۇغا كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار ئۇ يەردە 80 دىن ئارتۇق يېزا بىلەن مەھەللىلەرنى بەرپا قىلدى. پەقەت ھازىرقى ئالمۇتا ۋە تالدىقورغان ۋىلايەتلىرىنىڭ ئۆزىدىلا ئاھالىسى 1 مىڭ 200 تۈتۈندىن ئىككى مىڭ 500 تۈتۈنگىچە بولغان بىر نەچچە يېزىلارنى بىرلەشتۈرۈپ بىر بولوس[5] قىلىپ، جەمئىي ئالتە ئۇيغۇر بولوسىنى تەشكىللىدى. ئۇلار ياركەنت، ئاقكەنت، مالىۋاي، قورام، قاراسۇ، ئاقسۇ ـ چارىن بولوسلىرى ئىدى. كەتمەن ـ غالجات ئاھالىسى كۆچمەيلا رۇسلارغا تەۋە بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ يەرلەرمۇ بىر بولوس بولۇپ، يەتتىسۇدىكى ئۇيغۇر بولوسلىرى جەمئىي يەتتىگە يەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ بايرام ئەلى شەھىرىگە يېقىن ئاق تام كەنتىگە كۆچۈرۈلگەن. ھازىرقى ئالمۇتا شەھەر ئەتراپىدا تۆت چوڭ مەھەللە،

ئىسسىق كۆل تەۋەسىدە بىر نەچچە مەھەللە، بېشكەك شەھەر ئەتراپىدا ئىككى چوڭ مەھەللە بەرپا قىلىنغان.

يەتتىسۇغا كۆچۈپ چىققان ھەر بىر تۈتۈنگە ئالتە دېسياتىنىدىن[6] تېرىلغۇ يەر ئاجرىتىپ بېرىلگەن. بۇ يەرگە ئىگە بولغان كۆچمەنلەر ئاشلىق، كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىغان، مېۋىلىك باغلارنى بەرپا قىلغان. ۋەلىباي يولداشېفنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى بىلەن ياركەنت بولۇسلىقىنىڭ ئۆزىدىلا ئۇيغۇرلار ئۈچ ئۆستەڭ قازغان، شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر ئۆستەڭ «ۋەلىباي چوڭ ئۆستىڭى» دەپ ئاتالغان. مۇنداق ئۆستەڭلەر يەتتىسۇدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن قېزىلىشقا باشلىغان.

ياركەنت بولۇسلىقىنىڭ نۇرغۇن دېھقانلىرى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ كېتىشكە قۇربى يەتمەي، يەتتىسۇ گوبېرناتورىغا يەرنىڭ بىر قىسمىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ياكى بولمىسا ئارتۇق يەرنى ئىجارىگە بېرىشكە رۇخسەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان. چۈنكى دېھقانلار ئۇ يەرلەرگە سېلىق (پاراق) تۆلەيتتى.

گوبېرناتور ئىجارىگە بېرىشكە روخسەت قىلغاندىن كېيىن نۇرغۇن ئۇيغۇر دېھقانلىرى ۋە كازاكلار[7] ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇق يەرلىرىنى ۋەلىباي يولداشېفقا ئىجارىگە بەرگەن. ئۇ پەقەت ياركەنت بولۇسلىقىدىنلا ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن ئون مىڭ دېسياتىن (155 مىڭ مودىن ئارتۇق) يەرنى ئىجارىگە ئالغان. كېيىن دېھقانلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالى بىر ئاز ياخشىلىنىپ، ۋەلىبايغا ئىجارىگە بەرگەن يەرلىرىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولغاندا، ۋەلىباي قايتۇرۇپ بەرمىگەن. كازاكلارمۇ ئىجارىگە بەرگەن يەرلىرىنى قايتۇرۇۋالالمىغان. بۇ دەۋا تاكى «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى»غىچە داۋاملاشقان بولسىمۇ ھېچقانداق نەتىجە بەرمىگەن. بۇنى تۆۋەندىكى پاكىت بىلەن دەلىللەشكە بولىدۇ.

يەتتىسۇ گوبېرناتورىنىڭ تەرجىمانى، كۆزگە كۆرۈنگەن قازاق زىيالىيسى ئىبراھىم جايناقوف ۋەلىباي يولداشېفقا يازغان بىر خۇسۇسىي خېتىدە (بۇ خەت 1915 ـ يىلى ۋەلىباي يولداشېف ۋاپات بولۇشىنىڭ ئالدىدا يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن — ئاپتوردىن) ئۆزىنىڭ يولداشېفقا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى، يولداشېفنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى ھەم گوبېرناتورنىڭ تارانچى ۋە كازاك دېھقانلىرى بىلەن بولغان يەر دەۋاسىدا يولداشېفنىڭ پايدىسىغا ھەل قىلىۋاتقانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلغان.[8] ئىبراھىم جايناقوف 1917 ـ يىلى مارت ئايلىرىدا يەتتىسۇدا قۇرۇلغان «ئالاش»نىڭ رەئىسى بولغان.

ئەمگەكچان ئىلى ئۇيغۇرلىرى يەتتىسۇغا كۆچۈپ بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزلىرىنىڭ يېڭى يۇرت ـ ماكانلىرىنى قۇرۇۋالغان. ئۆستەڭ چېپىپ، چۆللەرگە سۇ باشلاپ ئاشلىقتىن مول ـ ھوسۇل ئېلىشقا باشلىغان. بۇنى كۆرگەن يەرلىك خەلقلەر ئۇلارنىڭ ئىشچانلىقىغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمىغان. مەسىلەن: «نوۋايا ۋرېميا» ژۇرنىلىنىڭ 1900 ـ يىلى 22 ـ ئىيۇل سانىغا: «غۇلجا كۆچمەنلىرىدىن بىز ھەقىقىي دېھقانلارنى، ساغلام ۋە پاك ھاياتنى كۆردۇق. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۇلار ناھايىتى زور كۈچنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ كۈن نۇرىدا قاغجىراپ ياتقان چۆللەرنى... ئەسىرلىك ئۇيقىسىدىن ئويغاتتى، قاقاس زېمىنلارنى گۈللەنگەن ۋادىغا ئايلاندۇردى» دەپ يازغان.

ئا.ۋ.ۋىنوگرادىسكىي «تەبىئەت ۋە جۇغراپىيە» ژۇرنىلىنىڭ 1907 ـ يىلى 9 ـ سانىدا: «تارانچىلار ناھايىتى ئەپلىك، تاپقۇر، ئەمگەكچان، سۆزىدە تۇرىدىغان خەلقتۇر. ئۇلار باشلىغان ئىشنى ئاخىرىغا چىقارمىغىچە تىنىم تاپمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاجرىتىپ بېرىلگەن يەرلەرگە ئۆستەڭ چېپىپ، سۇ باشلاپ، ئاشلىقتىن مول ـ ھوسۇل ئالدى. رۇس مۇھاجىرلىرىنىڭ مۇنداق ئىشلارنىڭ

هۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلىشى
مۇمكىن ئەمەس» دەپ يازغان.

ئىلىدا يېتەرلىك بايلىق ئاساسى-
غا ئىگە بولغان ۋەلىباي يولداشېۋ
يېڭىدىن كاپىتالىستىك تۈزۈم ئور-
نىتىلىۋاتقان يەتتىسۇ ئۆلكىسىدە
تېخىمۇ زور بايلىققا ئېگە بولغان.
شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ بىر يىللىق ئو-
بورتى بىر نەچچە مىليون روبلىغا
يەتكەن. ئۇ يىلىغا 200 مىڭ پۇت
(3 مىڭ 200 توننا) ئاشلىق ئالغان.
ئاشلىقنى مونوپول قىلىۋالغان بۇ
باي بەزى يىللىرى ئاشلىق باھاسىنى
20 پىرسەنتتىن 25 پىرسەنتكىچە
ئۆستۈرگەن. ئاشلىقنى يەتتىسۇ،
تاشكەنت تەۋەسىدىلا سېتىپ قالماي،
چەتئەللەرگە، غۇلجىغا ۋە باشقا شە-
ھەرلەرگە ئاپىرىپ ساتقان، چاررو-
سىيە بىلەن مەنچىڭ ئەسكەرلىرىنى-
مۇ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇ
يەنە ئۆزىنىڭ نۇرغۇن مەبلىغىنى كان
ئېچىشقا، بولۇپمۇ ئالتۇن كان ئې-
چىشقا سەرپ قىلغان.



1900 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تارتىلغان بۇ تارىخىي سۈرەتتىكى ئول-
تۇرغان كىشى ۋەلىباي يولداشېۋ، يېنىدىكىسى مۇھاپىزەتچىسى شەمشىدىن
بايۋەتچە، كىتاب تۇتۇپ تۇرغان يىگىت كەنجى ئوغلى جالام بايۋەتچە.

«ۋېرنىنىڭ ئەڭ چوڭ سودىگى-
رى، ئالتۇن كانىنىڭ ئىگىسى ۋەلى-
باي يولداشېۋنىڭ ئىشەنچىلىك ۋاكالەتچىسى قاپاللىق (يەرنامى) سودىگەر ماشا ئالتۇن كان ئېچىشقا
بىر نازارەتچى، 300 ئىشچى، بەش خىزمەتچى ئەۋەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى» دەپ يازىدۇ ئەينى
يىللاردىكى ياركەنتنىڭ ھاكىمى[9]. ۋەلىباي يولداشېۋ يەتتىسۇ ۋە ئىلى خەلقى ئارىسىدا «بىرىم پا-
دىشاھ» دەپ ئاتالغان شۆھرەتكە قانائەت قىلماي، چار پادىشاھ بىلەن مەنچىڭ خانىنىڭ دىققەت ئې-
تىبارىغىمۇ ئېرىشىش ئۈچۈن تىنماي ئۇرۇنغان. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى كوزىرى ئاشلىق ئىدى. ئۇ
ئاشلىق سودىسى بىلەن باش كۆتۈرگەن، روناق تاپقان سودىگەر بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتكۈل سودا
ھاياتىدا ئاشلىقنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ كەلگەن. ئەينى زامانلاردا كىشىلەرنىڭ تەبىئىي ئاپەتلەر-
گە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى تۆۋەن، ھۆكۈمەتنىڭ زاپاس ئاشلىق ساقلاش ئىمكانىيىتى ئاجىز بول-
غاچقا، پات - پات يۈز بېرىپ تۇرىدىغان قەھەتچىلىك يىللاردا، غايەت زور ئاشلىق ئامبىرىغا ئىگە
ۋەلىباي يولداشېۋ تەبىئىي ھالدىلا خەلقنىڭ غەمخورچىسىغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇ زامانلاردا چاررو-
سىيە ئەسكەرلىرى بىلەن مەنچىڭ ئەسكەرلىرىگە ئاشلىق سېتىپ بېرىدىغانلا بولسا، ئۇلارنىڭ ھۆر-
مىتىگە ئاسانلا ئىگە بولغىلى بولاتتى.



ياركەنتتىكى ۋەلىباي يولداشېۋ ياساتقان مەدرىسەنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنىڭ كوچا تەرەپتىن كۆرۈنۈشى

ۋەلىباي 1892 ـ يىلى ئومسكى شەھەر ئەتراپىدا پادىشاھنىڭ ۋەلى ئەھدىسى ياش نىكولاينى كۈتىۋېلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولـغان. شۇ يىلى ئۇ «رۇسىـيەنىڭ پەخرىي پۇقراسى» ۋە «ئالىي گىلدىيالىق[10] سودىگەر» دېگەن شەرەپلىك ناملارغا نائىل بولغان. ۋەـلى ئەھدى نىكولاي 1894 ـ يىلى تەختكە ئولتۇرغان. ۋەلىباي كېيىنچە سانت ـ پېتېربورگقا بېرىپ، پادىشاھ نىكولاي II نىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان ۋە پادىشاھ ھۆـكۈمىتىنىڭ بىر قانچە ئوردېن ۋە مېداللىرى بىلەن مۇكاپاتلانغان.

بوۋام يۈسۈپ زاھىدى ماڭا ئۆزىنىڭ ۋەلىباينى كۆرگەنلىكىنى مۇنداق ھېكايە قىلىپ بەرگەن ئىدى (1972 ـ يىلىدىكى خاتىرە): «1912 ـ يىلى كۈز پەسلىدە مەن سۈيدۈڭ كۈرەڭگە بارغان ئىـدىم، كەچكە يېقىن كوچا ئايلىنىپ كېتىۋاتسام دادامنىڭ شاگىرتى يۈنۈس دېگەن كىشى ئۇچراپ قالدى. ئۇ كىشى سۈيدۈڭدە پادىشاھلىق هارۋا ياسايتتى. يۈنۈس ئۇستام مېنى كۆرۈپ، يۈسۈپئاخۇن بىزنىڭ بۇ يەردە ئويۇن بولىۋاتىدۇ، كۆرۈپ كېتىڭ» دېدى. كىرسەك، ياڭتوڭنى قەشقەرگە ئۇزۇتۇش مۇراسىمى بولۇۋاتقان ئىكەن. ياڭتوڭ ۋە ئۇنى چۆرىدەپ دادۇدۇ، لىن دارىن، فۇدارىنلار سەككىز كىشىلىك ئۇستەلدە ئولتۇرۇپتۇ، بېشىغا ھىندى كىمخاپ بىلەن تاشلانغان قاما تۇماق، ئۇستىگە پۇشقاق جۇۋا كىيىۋالغان ۋەلىباي، يەنە بىر ئەجنەبى بىلەن ئايرىم ئۇستەلدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئەجـنەبى بېشىغا قارا شلەپە كىيگەن، ئاق سېرىق كەلگەن، ئىككى مەڭزى قىپقىزىل، قارا كېپىنەك گالستۇك تاقىۋالغان، چېچى يەلكىسىگە چۇشۇپ تۇرىدىغان، كالتە ساقال قويۇۋالغان، كاستيۇم ـ بۇرۇلكىنىڭ ئۇستىگە پەلتۇ كىيىۋالغان 40 ياشلاردىن ئاشقان ئادەم ئىكەن. ئىچىمدە، بۇ ئادەم رۇس بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئاڭلىسام مىس كان ئاچقىلى كەلگەن ئادەم ئىكەن. سەھنىدە گازۇۋۇي لامپا چاراقلاپ يېنىپ تۇراتتى. چاڭچىلىكەشلەر پۇتۇن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ چاڭچىلە ئويناۋاتاتتى. ئويۇن بىر يەرگە بارغاندا ۋەلىباي زېرىكتى بولغاي، ئەجنەبى ئىككىسى قايتىشقا تەـرەددۇت قىلدى. ئۇلارنىڭ قايتىش شەرىپىگە ھەربىي دۇخۇۋۇي ئوركېستىر چېلىندى. بۇ ھەربىيلەر پۇتۇنلەي ياۋروپاچە كىيىنگەن، پۇتىدا پارقىراپ تۇرغان خۇرۇم ئۆتۈك، قوللىرىدا ئاپئاق پەلەي، تۆـمۈر غىلاپلىق قىلىچلىرى يەرگە تېگىپ تۇراتتى. شۇ چاغدا بىز: ‹ۋەلىباينىڭ شەرىپىگە ئوركېستىر چالدى› دەپ خۇشال بولۇپ كەتكەن ئىدۇق.»

ۋەلىباي خالىغان ۋاقىتتا جۇڭگو چېگراسىدىن ئۆتۈپ ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ئەزىز مېھمىنى بولاتتى ۋە غۇلجىدىكى سودا ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق يۈرگۈزەتتى.»

ۋەلىباي يولداشېۋ 1895 ـ يىلى غۇلجىغا كېلىپ، ھېكىمبەگ غوجىنىڭ سىڭلىسى بىلەن نىـكاھلانغان. ۋەلىباي ئەلا باي مەھەللىسىدىن موىكا مەھەللىسىگىچە بولغان كەڭ، سۈلۇق زېمىننى

ئېگىلەپ باغ قىلغان، هازىرقى ئايدۇڭ 4 ـ يان كوچىغا ئىككى قەۋەتلىك ئىمارەت سالدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرلەرمۇ «ۋەلىبايىنىڭ يېرى» دەپ ئاتالغان.[11]

«1910 ـ يىلى يەتتىسۇ ۋالىيسى ۋەلىباي يولداشېۋ غۇلجىغا كەلگەندە، غۇلجىنىڭ قازىسى مەنسۇر ئەلەم بىلەن بىللە خۇنخاي مازىرى (يۈسۈپ سەككاكى مازىرى) نىڭ خارابىلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ۋە خوتەن، قەشقەر، تۇرپان، قومۇل، يەتتىسۇ، ئىلى تەۋەسىدىن كېلىدىغان زىيارەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ، تۇرمۇش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئەينى يىللاردىكى ئىلى مانجۇ هاكىمىيىتىنىڭ باشلىقى جىرۇيگە مازارنى قايتا رېمونت قىلىش ۋە قوشۇمچە ئەسلەهەلەرنى سېلىش توغرىسدا ئىلتىماس قىلغان. كۆپ تىركىشىشلەر ئارقىلىق ئاخىر هۆكۈمەتنىڭ مازارغا چىققۇچىلار «سۇ ئېقىتمايدۇ، يەر تېرىمايدۇ» دېگەن شەرتىگە قوشۇلۇپ، ۋەلىبايىنىڭ پۇل چىقىرىشى بىلەن 1911 ـ يىلى مازار قايتىدىن چوڭ رېمونت قىلىنغان.[12]» شۇ قېتىمقى رېمونتتا سەككاكى قەبرىسىنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا راۋاق ياسالغان.

ۋەلىباي يولداشېۋ يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ ئەمدىلا كۆچمەن بولۇپ چىققان ئىلى دېهقانلىرىنىڭ كۆچى بىلەن ئۈستەك بويىغا بەش يىل ئىچىدە ياركەنتتەك بىر زامانىۋى شەهەرنى بەرپا قىلىش ناهايىتى مۇشكۇل ئىش ئىدى. مانا مۇشۇنداق زور ئىشتا خەلقنى شەهەر قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا تەشكىللەش، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىش جەهەتلەردە ۋەلىبايىنىڭ ئوينىغان رولى ئىنتايىن چوڭ بولغان.

1881 ـ يىلى ئىيولدا تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ گېنېرال ـ گوبېرناتورى كولپاكوۋسكىي سىر دەريا ۋىلايىتىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى گېنېرال مايور خېرىدنى كەلگۈسىدىكى ياركەنت شەهىرىنى قۇرۇشقا مەسئۇل قىلغان. شەهەر قۇرۇلۇشىنى ئىنژېنىر ئابراموف لايىهەلىگەن. لايىهەدە شەهەر ئىچىدىكى هاۋا ئېقىمى راۋان بولۇش، هەممە كوچىدا ئېقىن سۇ بولۇش ئالاهىدە نەزەرگە ئېلىنغان. هەر بىر كوۋارتال 25 × 25 سەرجان[13]، ئادەتتىكى كوچىلارنىڭ كەڭلىكى 17 سەرجان قىلىپ ئېلىنغان. ئادەتتىكى بىر نەچچە كوچىنى ئارىلاپ بىردىن 25 سەرجان كەڭلىكتە چوڭ كوچا ئېلىنغان. بۇنداق چوڭ كوچىلاردىن شەرقتىن غەربكە تارتىلغان توققۇز كوچا، شىمالدىن جەنۇبقا تارتىلغان بەش كوچا بار ئىدى. دەسلەپكى قەدەمدە شەهەر ئىچىگە 1 مىڭ 900 ئائىلە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە 1 مىڭ 500 ئائىلىنى ئۇيغۇرلار، 400 ئائىـ



ۋەلىباي مەدرىسەسىنىڭ هويلا ئىچىدىن كۆرۈنۈشى

لىنى رۇس، تاتار ۋە باشقا مىللەتلەر ئىگىلىگەن. شەھەر كوچىلىرىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ئىلى كۆك تېرەكلىرى تىكىلگەن.

1887 ـ يىلىغا كەلگەندە، ياركەنتتە بىر نەچچە تۈگمەن، خۇمدان، ئىككى تېرە زاۋۇت، شىپاخانا ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى، شەھەر مەركىزىگە كۆپلىگەن دۇكانلار، ئىپتىدائىي مەكتەپلەر سېلىنغان. 1886 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ئېچىلغان. جۇڭگو ـ رۇسىيە چېگرا سودىسىنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ ياركەنتنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېزلەشكەن.

1887 ـ يىلى ياركەنتتە بولغان بىر يىغىلىشتا مەسچىت (مەدرىسەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سېلىش قارار قىلىنغان. مەسچىت بىناسىنى قۇرۇشنى ۋەلىباي يولداشېۋ ئۈستىگە ئالغان. بۇ قۇرۇلۇشقا ئۇيغۇرلاردىن يۈزدىن ئوشۇق ئەڭ چېۋەر قۇرۇلۇشچىلار ۋە ياغاچچىلار تاللانغان. بىنا پۈتۈنلەي ياغاچتىن جۇڭگو بىناكارلىق ئۇسلۇبى بويىچە ياسالغان. ئۇنىڭ ياغاچلىرى ياركەنتتىن 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاقسۇ ۋە كەتمەن تاغلىرىدىن كېسىپ كېلىنگەن، بەش يىل جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق مەسچىت قۇرۇلۇشى 1892 ـ يىلى تاماملانغان. بۇ ئۈچ قەۋەتلىك ياغاچ قۇرۇلمىلىق بىنانىڭ تام ـ تورۇسلىرى جۇڭگو نەققاشلىقى بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، پۈتۈن بىنانى 122 لىم تۈۋرۈك تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرىپىگە ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان تالىپلار ئۈچۈن خاس ھۇجرىلار سېلىنغان. مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ بېشىغا ئۇيغۇر يېزىقىدا: «ئەگەر سىز بۇ چوڭ بىنانىڭ ئىگىسىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئۇ مەن بولىمەن — ۋەلاخۇن يولداشېۋ» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان. بۇنىڭدىن بىز ۋەلىباينىڭ ئاتىسى مەھەللە ئىمامىنى تەكلىپ قىلىپ، قولىقىغا ئەزان چاقىرىپ قويغان ئىسمىنى پەخىرلەنگەن ھالدا تىلغا ئالغانلىقىنى كۆرىمىز.

ياركەنتتىكى مەسچىت توغرىسىدا ئوغۇزخان ھاجىم چوڭلاردىن ئاڭلىغان مۇنداق بىر چاقچاقنى ئەسلەپ بەرگەن ئىدى (2008 ـ يىلىدىكى خاتىرە): «ۋەلىباي ياركەنتتە دەۋر سۈرۈۋاتقان يىللاردا ئىسكەندەر ئىسىملىك داڭلىق چاقچاقچىنى يېنىدىن ئايرىماي يۈرەتتىكەن. ئۇ ئادەم قىزىق چاقچاقلىرى ۋە لەتىپىلىرى بىلەن ۋەلىباينىڭ كۆڭلىنى ئالىدىكەن. ئۇنىڭ لەقىمى تاز» ئىكەن. ۋەلىبايمۇ بالا ۋاقىتلىرىدا يوقسۇزچىلىقتىن تاز بولۇپ قالغان ئىكەن، لېكىن ئۇ ئىشنى ھېچكىم تىلغا ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن. بىر كۈنى ۋەلىباي بىر توپ جامائەت بىلەن ئۆزى سالدۇرغان مەسچىتتىن ناماز ئوقۇپ قايتىپ چىقىۋاتسا، تامغا قونۇۋالغان بىر ھۆپۈپ زوق بىلەن سايراپ كېتىپتۇ. ۋەلىباي ئىسكەندەرگە چاقچاق قىلىپ:

— ئىسكەندەر، ھۆپۈپ نېمە دەۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئىسكەندەر دەرھاللا:

— بۇ مەسچىتنى سالغان كىشى بىز خەقتىنمۇ، دەپ سوراۋاتىدۇ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

چاقچاق جايىدا كەلگەچكە، ۋەلىباي ئاچچىقلانماي بەلكى كۆزىدىن ياش چىققىچە كۈلگەن ئىكەن.

پۈتكۈل يەتتىسۇ تارىخىدا ۋەلىباينىڭ ئىلى دەرياسىدىكى پاراخوت قاتنىشىنى يولغا قويغانلىقى يەنە بىر زور ئىش ئىدى. ئۇ ئىلى ئۇيغۇرلىرى يەتتىسۇغا كۆچۈۋاتقان چاغلاردىلا ئەنگلىيەدىن پاراخوت ئالدۇرۇپ، ئىلى دەرياسىدا يۈك توشۇشنى ئويلىغان، ئۇ يەنە ئىلى دەرياسىدا پاراخوت قاتنىشىنى يولغا قويۇپ غۇلجىدىن چۈيۈن قۇيىدىغان زاۋۇتنى يەتتىسۇغا كۆچۈرۈپ چىقىش ۋە ئىلىنىڭ كۆمۈر ھەم تۆمۈر رودىلىرىنى توشۇپ كېلىش توغرىسىدىكى ئويىنى گېنېرال گوبېرناتور كولپاكوۋسكىيغا ئېيتقان. بۇ پىكىرنى گېنېرال قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن غۇلجا سۇ يولىنى ئېچىش كېلىشىمى تۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

1892 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ۋەلىباينىڭ مەبلەغ سېلىشى، ئىنژېنېر پاكىلوۋسكىنىڭ تېخنىكا جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن ئېلىسكىدا پاراخۇت ياسىلىشقا باشلىغان. 1893 ـ يىلى 14 ـ مايدا 20 مىڭ پۇت (320 توننا) ئاشلىق بېسىلغان پاراخۇت غۇلجىغا بېرىپ، 20 ـ ماي كۈنى ئېلىسكىغا ئوڭۇشلۇق قايتىپ كەلگەن.[14]



ۋەلىباي يولداشېفنىڭ قەبرە تېشى

ۋەلىباي يولداشېفنىڭ قولىدا زور بايلىق ۋە يۇقىرى ئىمتىياز بولسىمۇ، لېكىن ئەينى يىللاردا ئەمدىلا باش كۆتۈرۈۋاتقان جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى قوللاشقا قىزىقمىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئېھتىمال، بۇنىڭدا مۇتەئەسسىپلىك ئېڭىنىڭ تەسىرى رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى بىر ئىش پاكىت بولالايدۇ.

نەزەر غۇجا ئابدۇسەمەتوف 1911 ـ يىلى «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 13 ـ سانىغا بېسىلغان «تارانچىلاردا مۇئەللىم ۋە مەكتەپ مەسىلىسى قانداق؟» دېگەن ماقالىسىدا، مۇئەييەن پىروگىراممىغا ئىگە ئۇسۇلى جەدىت مەكتەپلىرىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن شۇ دەرىجىدىكى بىلىملىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بولۇشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى يازغان. ئۇ يەنە: «دۇرۇس، بىر مەھەللە جامائىتى ئىتتىپاقلىق بىلەن بىر ئۇسۇلى جەدىت مەكتىپىنى ئېچىش مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭغا تەلىم ئۇسۇلىدىن خەۋەردار مۇئەللىمنى تاپماق تەس» دېيىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلاردا يېڭىچە مۇئارىپنى يولغا قويۇشتا ئالدى بىلەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى قۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇ بۇ جەھەتتىكى ئارزۇسىنى مۇنداق ئىپادىلەپ: «ئەگەر ياركەنتلىك يولداشېف غەيرەت قىلسا، بۇنداق دارىلمۇئەللىمىننى ئوڭايلا ۋۇجۇتقا چىقارغان بولاتتى... غۇلجىدىكى مۇسابايېفلار بىلەن، باباشېفلار غەيرەت قىلسا شۈبھىسىزكى، مۇنداق مەكتەپتىن بىر ئەمەس، بىر نەچچىنى بەرپا قىلغىلى بولاتتى. لېكىن، مۇنداق مەكتەپ توغرۇلۇق بۇلاردا هازىرچە بىرەر تەشەببۇسمۇ يوق... بۇ مۇھتەرەم بوۋىلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى كۈنگىچە مىللەت يولىدا كۆرسەتكەن غەيرەت ۋە خەيرىيەتلىرى ئۈمىدلىرىمىزنى ئاشۇردى. تەڭرى بۇلارنى تېخىمۇ خەيرلىك ئىشلارغا يېتەكلىگەي...» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى دارىلمۇئەللىمىننى قۇرۇشقا ئۈندىگەن.

ۋەلىباي يولداشېف 1915 ـ يىلى 77 يېشىدا ياركەنتتە ۋاپات بولۇپ، ياركەنتنىڭ جەنۇبىدىكى بۇ شەھەر بىلەن تەڭ بىنا بولغان جامائەت قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. ئۇزۇن يىللار ئاسرالماي تاشلىنىپ قالغان بۇ قەبرىستانلىق ئېغىر بۇزغۇنلىچىققا ئۇچرىغان ئىدى. قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ياركەنت جامائىتى ئەجداتلارنى ئەسلەش، ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش، خەلققە مەنىۋى ۋە ماددى جەھەتتىن زور ياردەملەرنى قىلغان ئۇلۇغ زاتلارنى قەدىرلەش روھى بىلەن بۇ قەبـ

ـرىستانلىقنى قايتا رىمۇنت قىلىپ چىقتى. كۆتاللىق مۆتىۋەر تارىخچى ئوسمان ئاكىنىڭ دەلىللىشى بىلەن بىلال نازىم (1825 — 1900)، ۋەلىباي يولداشېۋ، نىزامىدىن ئاخۇنۇم (1850 — 1902)لارنىڭ قەبرىلىرىنى تېپىپ چىقىپ، قەبرە بېشىغا ئابىدە ئورناتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ياركەنت-تىكى ۋەلىباي يولداشېۋ سالغان مەسچىت بار كوچا ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى.

2013 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ 14 - كۈنى، غۇلجا

**ئىزاھاتلار:**

① ئابدۇكېرىم تۇردىيارۇۋ: «ۋەلىباي يولداشېۋ. 20 - ئەسىر نامايەندىلىرى» ئالمۇتا 2005 - يىلى نەشرى)
② «مەركىزىي ھۆكۈمەت تارىخى ئارخىپى»، (قازاق س س ر فونت 44. 1611 - دېلو. 59 - بەت)
③ تېيىپجان ھادى: «غۇلجا ئاتالغۇسى ۋە غۇلجا شەھىرى»، «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» 15 - سان.
④ ئابدۇللام ئاۋۇت: «ئىلىدىكى ئۈچ مازار»، «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» 21 - سان.
⑤ بولۇس — بۇ ئاتالغۇ رۇس تىلىدا ۋالوست دېيىلىدۇ، تۈركىي مىللەتلەر بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىپ بولۇس دەۋالغان. چارروسىيە دەۋرىدە ھەتتا 1930 - يىللارغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىر نەچچە يېزىلاردىن تەركىپ تاپ-قان ناھىيە دەرىجىلىك مەمۇرى رايوننى كۆرسىتەتتى.
⑥ دېسياتىن — يەرنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى پاتمان دېيىلىدۇ. (بىر گېكتارغا يېقىن، تەخمىنەن 15 مو)
⑦ چارروسىيە ھۆكۈمىتى دون دەرياسى بويىدىكى كازاكلارنى ئەۋزەل سىياسەتلەر بىلەن رىغبەتلەندۈرۈپ، يەتتىسۇدا بوز يەر ئېچىپ ئاشلىق تېرىشقا ماكانلاشتۇرغان، لېكىن بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولمىغان.
⑧ م. روزىباقىيېۋ: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى»، «قازاقىستان نەشرىياتى» 1987 - يىلى نە-شرى، 86 - بەت.
⑨ م. ن. كەبىروف «ۋەلىباي يولداشېۋ»، ئالمۇتا «يېڭى زامان» گېزىتى، 2000 - يىلى 12 - ماي ساندىن.
⑩ گىلدىيا — رۇسىيەدە سودىگەرلەرنىڭ بايلىق دەرىجىسىگە قارىتا بېرىلىدىغان دەرىجە، تەبىقە ئۇنۋانى.
⑪ تېيىپجان ھادى: «غۇلجا ئاتالغۇسى ۋە غۇلجا شەھىرى»، «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» 15 - سان.
⑫ ئابدۇشۈكۈر ئىمىنجان باھاۋۇدۇن: «خۇنخاي مازىرى توغرىسىدا»، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2009 - يىلى 2 - ساندىن.
⑬ سەرجان — رۇس تىلىدىكى سازېن دېگەن ئۇزۇنلۇق بىرلىكىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. بىر سەرجان ئۈچ گەزگە تەڭ يەنى 2.133 مېتىرغا تەڭ.
⑭ م. ن. كەبىروف: «ۋەلىباي يولداشېۋ»، «يېڭى زامان» گېزىتى»، ئالموتا 2000 - يىلى 12 - ماي سانى.

**(ئاپتور: غۇلجا شەھەر روشەن كوچا 351 - قورۇدا)**
**(تەھرىرلىگۈچى: يالقۇن روزى)**

# ئەل غېمىنى يېگەن ھاكىم ئابدۇقادىر تاھىرى (دولانى) توغرىسىدا

ئابلىكىم ھەسەن ئۆگەن

## دولانىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى



ئابدۇقادىر تاھىرى (دولانى)

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى مەھمۇد زەئىدىنىڭ «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىلى 4 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «شائىر، جامائەت ئەربابى دولانى» ناملىق ماقالىسىدا، يەرلىك تەزكىرىچى ئابدۇمىجىت ھەسەن قۇربانىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەردىپىدىن 2010 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «باشئەگمەم دىيارىدىكى تارىخىي مەدەنىيەت» ناملىق كىتابىدا ۋە ئەركىن ئابدۇقادىرنىڭ 2011 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «غۇرۇرنامە» دېگەن ئەسىرىدە 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى «دولانى» تەخەللۇسىدا ئەسەر يېزىپ خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغان شائىر، جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر تاھىرى (دولانى) نىڭ ھاياتى تونۇشتۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇلغان. مۇشۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن مەندە «دولانى» نىڭ ھاياتى توغرىسىدا ئىچكىردىلەپ ئىزدىنىش ئىستىكى پەيدا بولدى. نەتىجىدە ئۇرۇمچىدە مەھمۇد زەئىدى، ئابلەخ ھوشۇر ۋە تۇرسۇن بارات قاتارلىق زاتلار بىلەن ئۇچراشتىم. كورلىغا بېرىپ مۇسا ساۋۇت، مۆيىدىن سايىت بوستانى، راخمان باۋۇدۇن مۇئەللىم، ھىمىت مۇسا قاتارلىق پېشقەدەملەر، بوستاندىكى توختى خالىق، رېيىمجان غوپۇر، قارا شەھەردىكى ياسىن خالىق ئاكا، لوپنوردىكى ھېبىبۇللا ئاكا قاتارلىق تۇغقانلىرىم بىلەن ئۇچراشتىم. دادام بىلەن ئانام 80 ياشقا ئۇلاشقىنىغا قارىماي زېھنى ئوچۇق، تەپەككۇرى نورمال بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى تېز ۋە توغرا ئېسىگە ئالالايتتى، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىنمۇ بىرمۇنچە ماتېرىيالغا ئېرىشتىم. دادام ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «دولانى دېگىنى تاغام تاھىر ئىمامنىڭ ئوغلى ئابدۇقادىر شۇ» دەپ سۆزلەپ بەردى. قولۇمدىكى ماتېرىيال ۋە سۆھبەت خاتىرىسىنى رەتلەپ ئابدۇقادىر تاھىرى (دولانى)نىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى، تۇغۇلغان جايى، ئوقۇش تارىخى، «دولانى» تەخەللۇسىدا مەتبۇئاتلاردا ئەسەر ئېلان قىلىشى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان مەزگىلىدە ئەلنىڭ غېمىنى يەپ كۆرسەتكەن خىزمىتى توغرىسىدا تولۇقلىما

يېزىش قارارىغا كەلدىم.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى كورلىنىڭ بوستان مەھەللىسىدە زىكرۇللا دېگەن بىر ئوقۇمۇشلۇق زات ئۆتكەن. ئۇ كىشىنىڭ تېيىپئاخۇن، تاھىراخۇن ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بولغان ئىكەن. ئۇلار مەدرىسەلەردە ئوقۇپ زامانىسىنىڭ تەقۋادار مۆتىۋەرى بولۇپ يېتىشىدۇ. تىيىئاخۇن بوستان مەھەللىسىدە پېتىشخان ئىسىملىك قىزغا ئۆيلۈنۈپ ئون پەرزەنت كۆرىدۇ. 1903 ـ يىلى ياشىنىپ قالغان تېيىپئاخۇن چوڭ قىزى زورىخان بىلەن ئىنىسى تاھىراخۇننى ئېلىپ ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە سەپەر قىلىدۇ. ئۇلار ئاتلىق يول يۈرۈپ بۇگۇرنىڭ يېڭىسار يېزىسىغا كېلىپ بىر زەرگەرنىڭ سارىيىغا چۈشۈپ ھەپتە تۇرۇپ قالىدۇ، سارايۋەن دولان دىيارىدىن كېلىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان كىشى ئىكەن. دولانلىق سارايۋەن زەرگەرنىڭ قوروسىدا تۇرۇش ئارىلىقىدا ياش موللا تاھىراخۇن دۇكاندارنىڭ ساھىپجامال قىزى گۈلزارخانغا قىزىقىپ قالىدۇ، گۈلزارخانمۇ تاھىراخۇنغا مايىللىق بىلدۈرىدۇ. ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى شەپىنى قىزنىڭ ئانىسى سېزىپ قېلىپ قىزنىڭ دادىسىغا پىچىرلايدۇ. دولانلىق زەرگەر تاھىر موللىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ ئىچ كۈيئوغۇل قىلىۋېلىش نىيىتىگە كېلىدۇ. ھەپتە ئۆتۈپ كارۋانلار يولغا چىقىمىز دەپ تۇرغىنىدا تاھىر موللىنىڭ «قورسىقى ئاغرىپ» ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ. تېيىپئاخۇن ئامالسىز ئىنىسىنى يېڭىسار بازىرىدا قالدۇرۇپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ تېيىپ ھاجىم ھەج ـ تاۋاپنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىشىدە يەنە شۇ زەرگەرنىڭ سارىيىغا چۈشىدۇ. تېيىپ ھاجىم ئەتراپنى كۆزەتسە ئىش باشقىچە، ئىنىسى تاھىرموللام ئالللىبۇرۇن دوكاندارنىڭ قىزى گۈلزارخان بىلەن توي قىلىپ بىر باللىق بولغانىكەن، بۇ بالا دەل بىز يازماقچى بولغان شائىر، جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر تاھىرى (دولانى)دۇر. دېمەك، ئابدۇقادىر تاھىرى دولانى 1904 ـ يىلى بۇگۇر ناھىيەسىنىڭ يېڭىسار يېزىسىدا تۇغۇلىدۇ. دولانى دادىسى تاھىر موللىنىڭ تەسىرىدە يېڭىسار يېزىسىدا تەلىم ئېلىپ موللا بولىدۇ، زامانداشلىرى ئابدۇقادىر تاھىرىنى «قادىر موللام» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. ئابدۇقادىر تاھىرى دولانى 1918 ـ يىللىرى كورلىغا كېلىپ بوستاندىكى تاغىسى تېيىپ ھاجىمنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ چوڭ كۆۋرۈك بويىدىكى شۆتاڭدا ئوقۇيدۇ. ئۇ خەنزۇ تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش بىلەن تەڭ ئانا تىلىدا شېئىر ـ قوشاق يېزىشقا قىزىقىدۇ. 1923 ـ يىلى نەۋرە سىڭلىسى بۇۋىرابىيەخان تېيىپ بىلەن تويلۇشۇپ يېڭىسارغا كېتىپ دادىسىغا ياردەملىشىپ دېھقانچىلىق قىلىدۇ. ئابدۇقادىر تاھىرى ھاياتىدا ئۈچ ئايالدىن سەككىز پەرزەنت كۆرىدۇ. چوڭ قىزى تۇنساخان، ئوغلى كېرەمجان يېڭىساردا تۇغۇلىدۇ، ئىككىنچى قىزى پاشاخان ئۈچتۇرپاندا تۇغۇلىدۇ، ھۆرىخان، ھېمىتجان، دىلارەم قاتارلىق ئۈچ پەرزەنتى بوستان كەنتىدە تۇغۇلىدۇ، پەخرىدىن، ئايشەم چىلانباغدا تۇغۇلىدۇ.

## دولانىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى

20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا «دىيارىمىز شىنجاڭنى زۇلۇم، جاھالەت، نادانلىق، خۇراپاتلىق تۇمانلىرى قاپلىغان، رەزىللىكتە بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايدىغان سىياسىي سېھىرگەر ياڭ زېڭشىن بىلەن ئەپيۇنكەش جىن شۇرېن، جاللات شىڭ شىسەي قاتارلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرى خەلققە قاتمۇ ـ قات سېلىق سېلىپ دەھشەتلىك ئەزدى. ھەممىلا يەرنى زۇلۇم، سىياسىي تەقىپ قاپلاپ، خەلقنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى. خەلق زۇلۇمغا چىدىماي 1931 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابى پارتىلىدى.»① بۇ ئىنقىلابنىڭ ئوتى ئۇزۇنغا بارماي جەنۇبىي شىنـ

جاڭخمۇ تۇتاشتى، «1933 ـ يىلى يازدا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى تۆمۈر ئېلى بۇگۇر ۋە كۇچادا جەڭ قىلىپ، قوشۇن تەشكىللەپ، پۈتۈن ئاقسۇ ۋىلايىتىنى كونترول قىلدى[2]. ئابدۇقادىر تاھىرى زۇلۇمغا، نادانلىققا قارشى دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى بولدى ۋە مۇشۇ قېتىملىق جەڭدە «تۆمۈر شىجاڭنى قوغداش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋە شەخسىي كاتىپى بولۇپ قەشقەرگىچە بىللە باردى»[3]. ئابدۇقادىر تاھىرىنىڭ جىيەن ئوغلى ياسىن ئاكىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە دادىسى مۇسا پالگانمۇ تۆمۈر شىجاڭ قوشۇنىغا قاتنىشىپ ئاقسۇدىكى جەڭدە قۇربان بولغانىكەن.

«1934 ـ يىلى 6 ـ ئايدا خوجىنىياز ھاجى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىنىڭ كېپىل بولۇشى بىلەن شىڭ شىسەي بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ ئاقسۇدا بىر مەزگىل تۇردى. ئۇ ئۆز قوشۇنىدىن ئىبراھىم تۇئەنجاڭنى ئۇچتۇرپانغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەيدۇ ۋە بىر پەي ئەسكەر بىلەن ئۇچتۇرپانغا ئەۋەتىدۇ، بىرگە كەلگەن ئوسمان ھاجى (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ دادىسى) خارجى ئىشلار باجخانىسىغا باشلىق قىلىپ تەيىنلىنىدۇ»[4] خەلق ئېغىزىدا ھازىرغىچە «قادىر تاھىرى ئۇچتۇرپانغا مۇئاۋىن ھاكىم بولغان» دېگەن گەپلەر بار، مەھمۇد زەيىدى ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدىمۇ «ئابدۇقادىر تاھىرى 1933 ـ يىلىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇچتۇرپانغا ھاكىم بولغان»[5] دېگەن مەزمۇنلار بار. ئۇ چاغلاردا كىشىلەر ئابدۇقادىر تاھىرىنى «خادارېن» دەپ ئاتىشىدىكەن، كېيىنكى كورلا تەزكىرىسىدىمۇ مۇشۇنداق ئاتىلىپ كەلگەن. تۇرسۇن بارات ئەپەندىنىڭ «قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئۇچتۇرپان ۋە نۇرھاجىم» دېگەن ماقالىسىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئائىت ئۇچۇرلار بار.[6] دادام «قادىر بېگىمنىڭ ئىككىنچى قىزى پاشاخان ئۇچتۇرپاندا تۇغۇلغان» دەپ سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئابدۇقادىر تاھىرىنىڭ ئۇچتۇرپاندىكى ھاياتى توغرىسىدا چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

1938 ـ يىلى ئابدۇقادىر تاھىرىنىڭ دادىسى تاھىر ئىمام بۇگۇرنىڭ يېڭىسار يېزىسىدا ئالەمدىن ئۆتتى، ئابدۇقادىر تاھىرى ئۇچتۇرپاندىن يېڭىسارغا قايتىپ كېلىپ دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزۇتۇپ بىر يىلدىن كېيىن يەنى 1939 ـ يىلى دادا مىراس زېمىنىنى مەھەللىسىدىكى ياقۇپئاخۇنغا سەككىز مىڭ يامبۇغا سېتىۋېتىپ ئانىسى گۈلزارخان، ئايالى بۇۋىرابىيخان، قىزى تۇنساخان، پاشاخان، ئوغلى كېرەمجاننى ئېلىپ سىڭلىسى زىننەتخان، ئۇكىسى ئابدۇخالىق بىلەن كورلىغا كېلىپ بوستان مەھەللىسىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ زېمىنىغا ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي سېلىپ ئولتۇردى. قاراشەھەر ناھىيەسىدىن پېنسىيەگە چىققان ياسىن ئاكىنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە ئابدۇقادىر تاھىرى كورلىغا كەتكەندە جىيەن ئوغلى ياسىن ئاكىنى قېيىنئاتىسى سېتىۋالدىئاخۇنغا قالدۇرۇپ قويغانىكەن. سېتىۋالدىئاخۇن 1943 ـ يىلى ياسىن ئاكىنى بوستانغا ئەكېلىپ ئابدۇقادىر تاھىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.

## دولاننىڭ مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى

ئابدۇقادىر تاھىرى شۆتاڭدا ئوقۇغان ھەم خەلق ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ تونۇلغان بولغاچقا كورلىغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ناھىيەلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىگە خىزمەتكە چۈشىدۇ. 1943 ـ يىلى كورلا ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتە تەرجىمانلىق قىلىدۇ. 1944 ـ يىلى 4 ـ رايونغا يېزا باشلىقى بولىدۇ. 1945 ـ يىلى كورلا ناھىيەسىگە مۇئاۋىن ھاكىم ۋە مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولىدۇ، ئۇ مەدەنىيەت، ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولغان مەزگىلدە مەدەنىيەت مائارىپ ئىش-

لىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. 1943 ـ يىلى نەۋرە ئىنىسى ئابلىتىپ رەھمان يازغان «پېرخۇن»
درامىسىنى سەھنىلەشتۈرۈپ خۇراپاتلىققا قارشى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىدۇ. ئابدۇقادىر تاھىرى يې-
گچە مائارىپنى قىزغىن قوللاپ بوستان مەھەللىسىدىكى ئاپاق غوجام مەسچىتىنىڭ ئالدىغا بوستان
باشلانغۇچ مەكتىپىنى سالدۇرىدۇ (بۇ مەكتەپ 1992 ـ يىلى كورلا شەھەرلىك 8 ـ ئوتتۇرا مەك-
تەپكە ئۆزگىرىپ 2003 ـ يىلى ئۆي ـ مۈلۈك سودىگەرلىرىگە سېتىۋېتىلگەن). كورلا قارا يۇلغۇن
يېزىسىغا قارا يۇلغۇن باشلانغۇچ مەكتىپىنى سالدۇرىدۇ.⑦ 1946 ـ يىلى ئۆزى باش مۇھەررىر بو-
لۇپ كورلىدا «باغراش» ناملىق گېزىت چىقىرىدۇ.⑧ 1947 ~ 1948 ـ يىللىرى تاش مەتبەئە
تەسىس قىلىپ، «بىلىك» ژۇرنىلىنى نەشر قىلدۇرۇپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشۋىقاتى ئارقىلىق
خەلقنى ئويغىتىش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. ئابدۇقادىر تاھىرى ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئىشلىگەچكە
دىنىي پائالىيەتلەرگە كۆپ قاتنىشالمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىي ساھەدىكى يۇرت چوڭلىرى ۋە
ئەتراپتىكى جامائەت ئۇنىڭ موللا كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەتمەيتتى. 1945 ـ يىلى ئابدۇقادىر
تاھىرىنىڭ ئايالى رابىيخان تېيىپ بوستاندا تۇغۇتتا قازا قىلىدۇ، ئابدۇقادىر تاھىرى ئۆزى تەلەپ
قىلىپ ئايالىنىڭ مېيىت ئۇزىتىش نامىزىغا تەلقىن ئوقۇيدۇ. جامائەت ئۇنىڭ قۇرئان تىلاۋىتىنى
ئاڭلاپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ چوڭ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەل ئىچىدىكى تەسىرى
بارغانسېرى كېڭىيىدۇ. 1946 ـ يىلى يازدا گومىنداڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت
ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم» تۈزىدۇ. مۇشۇ بىتىمنىڭ روھىغا ئاساسەن
1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلىدۇ⑨. بىتىم-
نىڭ روھى بويىچە شۇ يىلى 10 ـ ئايدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دېموكراتىك
سايلام ئېلىپ بېرىلىدۇ. كورلىدىكى سايلامدا ئابدۇقادىر تاھىرى 1946 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، بۇرۇنقى
ھاكىم جاڭ شياڭنىڭ ئورنىغا كورلا ناھىيەسىگە ھاكىم بولۇپ سايلىنىدۇ. ئۇ ھاكىملىق ۋەزىپە-
سىنى ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئۆتەپ 1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىستىپا بېرىدۇ.⑩

ئابدۇقادىر تاھىرى تەرەققىپەرۋەر، يېڭىلىقنى ياقىلايدىغان كىشى بولۇپ زامانىسىدىكى كورلىنىڭ
ساناقلىق كاتتا زىيالىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. ئىدىيەۋى مەزمۇنى كۈچلۈك شېئىرلارنى يېزىپ
«دولانى» تەخەللۇسى بىلەن «باغراش»، «بىلىك» مەجمۇئەسىدە ياكى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان
قىلاتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىنقىلابى ئاممىنىڭ كۈرەشلىرىگە ئىلھام بېرەتتى. ئابدۇقادىر تاھىرى
1946 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلغان «مەھبۇب تويىغا» دې-
گەن شېئىردا مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

كەل ئەي دىلبەر، بۈگۈن مەن ساڭا ئاشنادۇرمەن.
ھەممىشە دەرد ـ ئەلەم بىرلە يۈرۈپ باغرى يارادۇرمەن.

سېنى تاپماق ئۈچۈن كەزگەن ھەممىشە تاغ ـ دەشتلەرنى،
يېتەلمەي ۋەسلىگە يۈرگەن غېرىبى بىناۋادۇرمەن.

ئۆزۈن يىلدىن سېنىڭ ھىجرىڭ يۈرەك باغرىمنى خۇن قىلغان،
كى دەردىمگە داۋا ئىزدەپ تاپالماي بىداۋادۇرمەن.

ھەمىشە شەخسىيەت بىرلە، جاھالەتتىن ئۆزىن تارتماي،
كى يۇرگەن بەزى يارەنگە ئەجەب بەكمۇ خاپادۇرمەن.

ۋەتەن، مىللەتنى سۆيمىگەن كۆزى كورلار بىلەن كۇرىشىپ
ئۆلۈپ كەتسەم شەرەپ دەيمەن، ئەزىز جانغا رىزادۇرمەن.

خالايىقلار ساراڭ دەيدۇ ساراڭ قىلغان جاھان خەلقى،
بۇ خەلقىم دەردىدە يىغلاپ، ھەمىشە دادىخادۇرمەن.

سېنى تاپسام ئەگەر مەھبۇب، باشىڭغا تاج كىيدۇرسەم،
قاشىڭغا سۇرمىلەر تارتىپ، ساڭا جانىم پىدادۇرمەن.

بۇ مەھبۇبنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە ئالدىراڭ خەلقىم،
شۇڭا خەلقىمنى ئويغاتماق ئۇچۇن مۇڭلۇق سادادۇرمەن.

يېقىندا بىلدىڭىزلەرمۇ، بۇ مەھبۇبنىڭ تويى ئۆتتى،
شۇڭا دوستلار مېنى سورساڭ ئېغىرغەمدىن جۇدادۇرمەن.

دولاننىڭ ئۈمىدى كۆپ، بۇ توي بىرلە تامام بولماس،
دېمەڭلار مېنى مەغرۇر دەپ، كى مەن ئەسلىي ساپادۇرمەن.⑪

«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1946 - يىلى 17 - دېكابىر ساندىن

شائىرنىڭ يۇرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ مىسرالاردىن ئۇنىڭ ھەر ۋاقىت ۋەتەن، خەلقىنىڭ كەل-گۈسى ئۇچۇن باش قاتۇرىدىغان، خەلقىنىڭ غېمىنى يەيدىغان خەلق سۆيەر زاتلىقى نامايان بولۇپ تۇ-رىدۇ.

ئابدۇقادىر تاھىرى يەنە جەمئىيەتنى ئاكتىپ كۆزىتىدۇ، دوستلار ئارا ئىناقلىقتا تەسىر يەتكۈزۈپ پىتنە - پاسات پەيدا قىلىدىغان چاكىنا سۆز - چۆچەكچىلەرنى قاتتىق قامچىلايدۇ، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ، يات ئارىدا گۈزەل كېلەچەكنىڭ بارلىقتا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ 1947 - يىلى 22 - مارت «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلغان تۆۋەندىكى شېئىرىغا نەزەرىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى:

## دوستلىرىمغا خىتاب

ئاڭلا، دوستۇم، بۇ سۆزۈمنى پاك ۋىجدانلىق بولسىڭىز،
تاڭ سەھەرنىڭ نۇرىغا ئاشىق چولپان بولسىڭىز،
ھەر بالاغا سەبرە ئېتەرگە مەرد - مەردان بولسىڭىز،

ئاغىمچى تاۋۇز كەبى بولماي، سۇباتلىق بولسىڭىز،
كەل يېقىن ئۇشلا قولۇم، خۇشتار جانان بولسىڭىز.

بۇ ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن تارتساڭ ئەگەر يۇزمىڭ زۇلۇم،
سۆزلىمە مىننەت قىلىپ، ئەلگە ئۇنى سەكسەن تۇلۇم،
شەخسىيەتنى تاشلا ئەمدى، مەقسىدىڭ بولسۇن ئومۇم،
ئۇشبۇ يولدا بىزگە كەلسە ناگىھان تەقدىر ئۆلۈم،
ئۇ شەرەپتۇر قايتما ھەرگىز، مەيلى قۇربان بولسىڭىز.

بولمىسۇن دىلىڭدا ھەرگىز تار ھەسەت، كىرۇ - نىفاق،
ئالدىنىپ غەيرى سۆزلەرگە، باسمىسۇن كۆزنى چاپاق،
باشقا گەپنى قويغىل ئەمدى، ئەڭ مۇھىمى ئىتتىپاق،
بىرلىشەلمەي نېمە بولدۇق، ئۆتمۇشۇڭدىن ئال ساۋاق،
بۇ ھاياتلىق بىزگە يوقتۇر، ئەمدى نادان بولسىڭىز.

ئەي، ئەزىز دوستانلىرىم، باغلىنغىل بىرلىككە بەل،
بىرلىشىپ ئىشلەش چېغى، ئويغاندى ئەمدى بارچە ئەل،
ئاسىي بولما مىللىتىڭگە، تېز تۇرۇپ ئىنسابقا كەل،
ئاشكارا سۆزلە سۆزۈڭنى، بولمىسۇن قورققاق كېسەل،
قىلما خار - زار مىللىتىڭنى گەرچە ئىنسان بولسىڭىز.

تاڭ ئېتىش ئالدىدا چىقسا ناگىھان ئۇ بىر قۇيۇن،
ماختىنىپ ھەم لاپ ئۇرۇپ، ئالدىنىپ بىر نەچچە كۇن،
دوستلىرىڭنىڭ بوھتانى گوياكى بولدى بىر ئويۇن،
تەۋرىمەس بىزنىڭ يۈرەك، تاۋلىنىپ بولغاچ چۇيۇن،
قورقۇنۇپ قازناقىا مۆكمەڭ، بىزگە يارەن بولسىڭىز.

تىنچلىق ھەم ئىتتىپاقلىق دائىما بىزنىڭ تىلەك،
راست باراۋەرلىكتە ياشاش دىلدىكى ئالىي تىلەك،
بىزدە مەقسەت ئەسلىي شۇلدۇر، سىزدە بارمۇ شۇ تىلەك،
كاج پەلەكنىڭ دەۋرى كۆچتى، ئەمدى كەلگەن ئوڭ پەلەك،
شۇكرى ئەيلەڭ تىنچ ياشايلى، بىزگە دوستان بولسىڭىز.

چىن ھەقىقەت دوستى بولساڭ، ۋەدىگە قىلما خىلاپ،
ئاغرىتىپ ئەل بېشىنى، ئۇرمىغىل بىھۇدە لاپ،
پايدىسىزدۇر خەلق ئىچىدە يۇرسىڭىز ئىتتەك قاۋاپ،

تاشلا ئۈنداق تار قاراشنى بۇ ئامانلىق يولنى تاپ،
دەر ھەقىقەت توغرا شۇندا، شاد ـ خەندان بولسىڭىز!

بولبۇلۇڭ سايراشتى باغدا ئەس ئېلىپ گۈلدىن باھار،
گۈل ئارا مىليۇنچە بۇلبۇل يىغلىشۇر لەيلى ناھار،
ئاشىقىڭ مەشۇق يولىدا ئاھ، جامال دەپ ئىنتىزار،
بۇ دولانى يازدى نەزمە، قىل يارەنلەر ئېتىبار،
مىللىتىڭنى قىلما خار ـ زار گەر مۇسۇلمان بولسىڭىز.[12]

بۇ مىسرالاردا ئابدۇقادىر تاھىرنىڭ دېموكراتچىل ۋەتەنپەرۋەر، ئىنتىپاقلىقنى كۈيلەيدىغان خەلقپەرۋەر ئىدىيەسى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

## ئەلنىڭ غېمى ئۈچۈن قوللانغان ئاقىلانە تەدبىر

جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن خىزمەت ئىشلىشى، بولۇپمۇ خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ غەلىبىسىنىڭ بېسىمىدا شىنجاڭ ھەربىي گارنىزونىنىڭ باش گېنېرالى تاۋ سىيۇ بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بورھان شەھىدى 1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ ۋە 26 ـ كۈنى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى[13]. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مۇتلەق كۆپ سانلىكى گومىنداڭ قىسىملىرى تىنچلىق خىتابنامەسىگە ئەمەل قىلىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلىدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىمۇ جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تىنچلىق تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلدى، شىنجاڭ ھەربىي گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ شىڭخۇاڭمۇ باشتىن ـ ئاخىر گېنېرال تاۋ سىيۇ بىلەن تىنچلىق تەرەپتە تۇرۇپ قەشقەر ۋە خوتەننىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئەمما گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىدىن ئائىتلىق قىسىم دېۋىزىيە باشلىقى ما چېڭشاڭ، 178 ـ پىيادىلەر دېۋىزىيە باشلىقى يې چېڭ، 179 ـ دېۋىزىيە باشلىقى لو نۇرېن، لىيۇ خەندوڭ قاتارلىق جاھىل ئۇنسۇرلار «ھەقىقەتكە قايتىش بۇيرۇقى»غا قارشى چىقىپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىش يولىنى تاللىۋالدى. شىنجاڭنىڭ تىنچ، ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى ھېسابلاپ ما چېڭشاڭغا 600 سەر ئالتۇن، يې چېڭغا 300 سەر ئالتۇن ئاجرىتىپ بەردى. جاھىل ئۇنسۇرلار 1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئۈرۈمچى ئۈچ تاشتىن يولغا چىقىپ26 ـ كۈنى كەچتە قارا شەھەرگە يېتىپ كەلدى ۋە قارا شەھەردە تۇرۇشلۇق 128 ـ بىرىگادىنىڭ باش ئىشتابىدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ 1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى جەنۇبقا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارغا ئەگىشىپ 128 ـ بىرىگادىدا باشلىقى جوڭ زۇيىڭ قارا شەھەر كۆۋرۈكنى ياساشقا ئاجراتقان ئۈچ مىڭ سەر كۈمۈش تەڭگىنى ئېلىپ جەنۇبى شىنجاڭغا قاچتى.[14] مۇشۇ كۈنلەردە ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى بىر قىسىم گومىنداڭ جاللاتلىرى قومۇل، پىچان، قۇتۇبى، تۇرپان، قارا شەھەر، بۇگۈر، كۇچا قاتارلىق جايلاردا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ. بىگۇناھ خەلققە دەھشەتلىك بالايى ـ ئاپەت سېلىۋاتاتتى.

1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى كېچىدە قومۇلدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ 78 ـ دېۋىزىيە

178 - بىراگىدىسى 533 پولكىنىڭ 1000 غا يېقىن ئەسكىرى قومۇل شەھىرىنى بۇلاپ بانكىدىكى 16000 سەر ئالتۇن، 12 ساندۇق كۈمۈش تەڭگە ۋە چەت ئەل پۇلىنى بۇلايدۇ، ماگىزىن، رەستىلەر ۋە پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ بىر كېچىدە ئەللىك ئائىلىنىڭ 227 ئېغىز ئۆيىنى كۆيدۈرىۋېتىدۇ.[15]

پىچان ناھىيەسىدە 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى گومىنداڭ 65 - بىراگىدىسى 194 - پولك 3 - يىڭنىڭ باشلىقى دىڭ سارۇي، مۇئاۋىن يىڭجاڭ چېن مىڭ قاتارلىق جاللاتلار ئازادلىق ئارمىيەنى قارشى ئالىمىز دەپ لوزۇنكا چاپلاۋاتقان ئىسمايىل ھاكىمنى ئېتىۋېتىپ ناھىيە بازىرىغا ئوت قويۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ.[16]

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قۇتىبىدا گومىنداڭ 179 - پىراگىدا 536 - پولك 2 - يىڭ 2 - ليەننىڭ مۇئاۋىن ليەنجاڭى ليۇ شاۋنوڭ، لى مىڭخەي يىڭجاڭنى ئېتىۋېتىپ بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ[17].

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قارا شەھەردە گومىنداڭ 128 - بىراگىدىسىنىڭ باشلىقى جوڭزۇيىڭ قاچقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى بۇلاڭچىلىق قىلىشقا تەييارلىنىپ: «ئەسكەرلەرنىڭ پەيلى يامان، چاغان ئۆتكۈزۈشكە پۇل يىغىپ بەرمىسەڭلار شەھەرنى بۇلايمىز دېيىشىۋاتىدۇ»[18] دەپ جار سالىدۇ. ۋەھىمىگە چۈشكەن خەلق ئەسكەرلەرنىڭ بۇلاڭچىلىق تۇغدۇرماسلىقى ئۈچۈن تىجارەتچى شۈي كىمىڭ باشچىلىقىدا سودا تىجارەتچىلەردىن پۇل يىغىپ بېرىدۇ، لېكىن قارانىيەتلەر نىيىتىدىن يانماي، 128 - بىرىگىدا ئىشتابىدىكى لى سەنمو ۋە يەن شۇخۇا ليەنجاڭلار باشچىلىقىدا 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئومۇمىيۈزلۈك بۇلاڭچىلىقنى قوزغايدۇ. ئۇلار توپ - توپ بولۇۋېلىپ قالايمىقان ئوق ئېتىپ قارا شەھەر بازىرىدىكى چوڭ سودا دۇكانلىرىدىن 30 دىن ئارتۇق دۇكاننى بۇلاپ، يۈزدىن ئارتۇق ئۆيگە ئوت قويىدۇ، ئون نەچچە كۈن داۋاملاشقان دەھشەتلىك پاجىئەدە بىگۇناھ 83 ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ[19].

بۇگۈردە 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېچىدىن باشلاپ گومىنداڭ 128 - بىراگىدىسى 283 - پولك، بىرىنچى يىڭدىكى ئۈچ ليەن ئەسكەر ۋە بىۋاستە قاراشلىق ئۈچ ليەن ئەسكەر پولك باشلىقى ياڭ شېڭكۈينىڭ باشچىلىقىدا يىگىرمە نەچچە كۈن بۇگۈر تارىخىدىكى ۋەھشىي قىرغىنچىلىقنى قوزغايدۇ. ۋەھشىي جاللاتلار خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ - تالاپ، خوتۇن - قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلىپ يۈزدىن ئوشۇق ئائىلىنى كۆيدۈرۈپ، جەمئىي 200 گە يېقىن بىگۇناھ پۇقرانىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ.[20]

كۇچادا 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاي تۇقاش بايرىمى، قۇربان ھېيتنىڭ 3 - كۈنى ئىدى. گومىنداڭ 65 - بىراگىدىسىنىڭ كۇچادا تۇرۇشلۇق ئاتلىق پولكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گو بىتيەن بىلەن ۋەن ماتۇەننىڭ تىرانسپورت قىسمى سوڭ خەندوڭ باشچىلىقىدىكى كۇچا ناھىيەسىدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئىشپىيونلۇق پونكىتىنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى تىنچ ئاھالىلەرنى ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش قانلىق جىنايى ھەركىتىنى قوزغايدۇ. ياۋۇزلار ئىككى كۈندۈز، بىر كېچىدە يۈزدىن ئارتۇق ئۆي ۋە دۇكانغا ئوت قويۇپ 400 مىڭ سەر كۈمۈش قىممىتىدىكى مال - مۈلكنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغان خوتۇن - قىزلار ۋە جېنىدىن ئايرىلغان بىگۇناھ پۇقرانىڭ سانى ھېسابسىز ئىدى.[21]

باشتا بايان قىلغىنىمىزدەك چەت ئەلگە قېچىپ ماڭغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ئەگىشىپ ماڭغان يەرلىك مىللەتچىلەردىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەت ئىمىن

بۇغرا، گېزىتخانا باشلىقى قۇربان قوداي، سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ئەيسالارمۇ بار ئىدى. ئۇلار كورلىغا چۈشۈپ ئابدۇقادىر تاھىرى بىلەن لوپنورنىڭ ھاكىمى ئىمىن داموللىنى چاقىرتىپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە قۇتىراتتى.[22] ئابدۇقادىر تاھىرى ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى. ئابدۇقادىر تاھىرى پەرزەنتلىرى تۇنساخان بىلەن پاشاخانغا «مەن خەلققە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلمىدىم، چەت ئەلگە چىقىپ كەتمەيمەن» دەيدۇ. بۇ پىكىرلەر ئابدۇقادىر تاھىرىنىڭ سىياسىي قارىشى ئېنىق، مەيدانى مۇستەھكەم ۋەتەنپەرۋەر زات ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى گومىنداڭنىڭ 128 - بىراگىدىسىنىڭ كورلىدا تۇرۇشلۇق 382 - پولك 2 - يىڭ كاتىباشلىرى ئامىغا قورال تەڭلەپ غالجىرلارچە تەھدىت سالدۇ. ئۇلار ‹سۆھبەت› نامى بىلەن ھاكىم ئابدۇقادىر تاھىرى، مەخسۇت ئەلەم ھاجىم، تاھىر ئەلەم ھاجىم، مۇئاۋىن ھاكىم داۋۇت ھەسەن قاتارلىق يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە ئۆلىمالارنى كونا بازارنىڭ چوڭ كۆۋرۈك يېنىدىكى ئەسكەرلەر گازارمىسىغا ئەكېلىپ «تۇتقۇن» قىلىۋېلىپ «بىزگە مائاش تارقىتىلمىدى، ئەسكەرلەرنىڭ پەيلى بۇزۇلۇۋاتىدۇ، ئەگەر يۇرتتىن ئالتۇن - كۈمۈش يىغىپ بەرمىسەڭلار پۈتۈن يۇرتقا ئوت قويۇپ بولايمىز» دەپ تەھدىت سالىدۇ. «تۇتقۇن»لار نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىرايدۇ. مەخسۇت ئەلەم ھاجىم ئېغىز ئېچىپ: قادىر بېگىم خەلقنىڭ ھاياتى ھەممىدىن مۇھىم، بىر ئەقىل كۆرسەتمەملا دەپ يولىيۇرۇق سورايدۇ، بالايى - ئاپەت قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا قالغان جىددىي پەيتتە، ئابدۇقادىر تاھىرى خەلقنىڭ ھاياتى، يۇرتنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى ئەلا بىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىر ھەپتە ئىچىدە ئالتۇن يامبۇ يىغىپ بېرىش شەرتىگە قوشۇلىدۇ. مەسلەھەتتىن كېيىن مۇئاۋىن ھاكىم داۋۇت ھەسەن «سوۋغات» يىغىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ، ئابدۇقادىر تاھىرى باشلىق باشقا ‹تۇتقۇن›لار گازارمىدا تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ. داۋۇت ھەسەننىڭ باشچىلىقىدا شاڭخۇ، سايلىق، توبىرچى، قارا يۇلغۇن، ئاۋات ۋە كورلا بازار ئەتراپىدىكى بايلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈپ باۋۇدۇن جاۋلەن قاتارلىق قوغدىغۇچىلارنىڭ نازارىتىدە بىر ھەپتە ئىچىدە تۆت زەمبىل ئالتۇن، بىر زەمبىل يامبۇ، مىڭ دانە سېمىز قوي ۋە باشقا «سوۋغات»لار يىغىلىدۇ. بۇ «سوۋغات» 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قۇربان ھېيتنىڭ 3 - كۈنى، تاۋۇز چاغىنىنىڭ ھارپىسى ئەتىگەندە ياشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھىمايىسىدە كورلا بازىرىدىكى نەچچە مىڭ خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا گومىنداڭنىڭ گازارمىسىغا كىرگۈزۈپ بېرىلىدۇ. بۇ ئىشلارنى «مۇشۇ قېتىمقى سوۋغا تەقدىم قىلىش» نىڭ شاھىدى مۇسا ساۋۇت ئاكا ئەسلەپ بەردى.

ئالتۇن - يامبۇغا ئېرىشكەن گومىنداڭ جاللاتلىرى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كېچىدە لوپنور ۋە تىكەنلىك تەرەپكە قاراپ غايىپ بولىدۇ. قان ئىچەر دۈشمەننىڭ بېسىمى ئاستىدا ئابدۇقادىر تاھىرىنىڭ مۇرەسسە قىلىشى بىلەن كورلا خەلقى بىر قېتىملىق دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. دېمەك، گومىنداڭ جاللاتلىرى ئالتۇن - يامبۇغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، خەلق ئامان - ئېسەنلىككە ئېرىشىدۇ.

## دولاننىڭ ھاياتىغا باھا

ھازىر ئابدۇقادىر تاھىرىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە ئاتمىش يىلدىن ئاشتى. ئەمما ئۇنىڭ خەلقنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تۆھپىسى كورلا خەلقىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلگىنى يوق. ئەلنى سۆيگەننى ئەل سۆيىدۇ، ئەل غېمىنى يېگەننى ئەل ئۇنتۇلمايدۇ. مەھمۇد زەئىدى ئەپەندى ماقا-

لىسىدا مۇنداق يازغان: «ھەقىقەت ھەر قانچە كۆمۈپ تاشلانسىمۇ، ھامان ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر، پارلاق نۇرى بىلەن نامايەن بولىدۇ، تارىخ بۇنى ئىسپاتلىدى، دولانى شۇم پەلەكنىڭ كاساپىتى بىلەن ئازلا ئۆمۈر كۆردى، لېكىن ئۇنىڭ ياخشى ئىشلىرى، ئېسىل ۋە پارلاق ئوبرازى خەلقىمىز قەلبىدىن ئۆچكىنى يوق، تارىخ ئۇنى ئۇنتىمايدۇ.»[23] يەرلىك تەزكىرىچى ئابدۇمىجىت ھەسەن قۇربانى مۇنداق يازغان: «خەلق ئۆزلىرىگە قىلمىغان تىرناقچە ياخشى ئىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئابدۇقادىر تاھىرى دولاننىڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىنى كۈيلەپ يازغان شېئىرلىرى، كورلا مائارىپى ئۈچۈن تۆككەن ئەجرى كورلا خەلقىنىڭ قەلبىدىن ئۆچكىنى يوق»[24]. مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئەركىن ئابدۇقادىر مۇنداق نەزم يازغان:

دىنىي، پەننىي بىلىملەرنى ئەلا ئوقۇپ كورلىدا،
يالقۇنتاغ ھەم ئالتە شەھەردە دېھقانلارغا باش بولغان.
تۆمۈر شىجائەت كاتىپى ھەم ئۈچتۇرپانغا ھاكىم بوپ،
ساتقىن تويماس زومىگەرنىڭ باشلىرىغا تاش بولغان.

سالدى ئاپئاق بوستان مەكتەپ غوجام مەسچىت يېنىغا
كۆكەرتىشچۈن سىڭنىشتا قايتتى كۆنچى بويىغا.
«باغراش» گېزىتى «بىلىك» چىقتى تاش مەتبەئەدە بېسىلىپ،
«دولانى» دەپ تەخەللۇستا يازدى شېئىر توپىغا.

ئۈچ ۋىلايەت سەپلىرىدە تۆكتى يۈرەك قېنىنى،
بىراق خاتا باستۇرۇلدى ناھەق، زۇلمەت تۈنلىرى.
ئابدۇقادىر قىرىق يىللار ئۆتۈپ ئاخىر ئاقلاندى،
پەرزەنتىگە چۈشتى قايتا بەخت ئاپتاپ كۈنلىرى[25].

ئابدۇقادىر تاھىرى 1951 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كورلىدا 47 يېشىدا ئالەمدىن كەتتى. ئۇنىڭ ياش چاغلىرىدا زۇلۇمغا قارشى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىدا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى ۋە سەركەردىلىك روھى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشقاندىن كېيىن مەكتەپ سالدۇرۇپ خەلقنى مەرىپەتكە باشلىغان ئەجرى، نەشر ئەپكار تەسىس قىلدۇرۇپ، ھەقىقەتنى، مەدەنىيەتنى، مەرىپەتنى ياقلاپ يازغان شېئىرلىرى ئەۋلادلار قەلبىدە يادلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ خەلقنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىش يولىدا سىڭدۈرگەن ئەجرى، ھوقۇقنى ئادىل ھەم دادىل يۈرگۈزۈپ ھاكىملىقتا قازانغان شان ـ شەرىپى، بولۇپمۇ خەلقىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ئەلنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تۆھپىسى ھازىرغا قەدەر خەلقىنىڭ ئېغىزىدا تەرىپلىنىپ كەلمەكتە.

**مەنبە:**

①② ھەمدۇللا بىن مۇھەممەت ھاجى ئوغلى تۇرپانىنىڭ «ئۆلكىمىزنىڭ 1931 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىغىچە ئىنقىلاب تارىخى» دېگەن قولىيازمىسىنىڭ 17 ـ، 28 ـ بېتىگە قاراڭ.

③ «بوستان» ژۇرنىلى 1996 ـ يىلى 4 ـ سان 65 ـ بەت.

④ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 23 ـ سان 332 ـ بەت.
⑤ «بوستان» ژۇرنىلى 1996 ـ يىلى 4 ـ سان 65 ـ بەت.
⑥ «شىنجاڭ تارىخ مەدەنىيىتى» 2010 ـ يىلى مەخسۇس سان 70 ـ بەت.
⑦⑧ ئابدۇمىجىت ھەسەن قۇربانى: «باشئەگىم دىيارىدىكى تارىخىي مەدەنىيەت»، شىنجاڭ ئۇنىۋېر- سىتېتى نەشرىياتى 2010 ـ يىلى نەشرى، 618 ـ 619 ـ بەت.
⑨ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 15 ـ سان 24 ـ بەت.
⑩ «باش ئەگىم دىيارىدىكى تارىخى مەدەنىيەت» 619 ـ بەت.
⑪ شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 1946 ـ يىلى 17 ـ دېكابىر سانىدىن.
⑫ «شىنجاڭ گېزىتى» 1947 ـ يىلى 22 ـ مارت سانىدىن.
⑬ جاڭ ئەنجۇن، «شىنجاڭنى تىنچ ئازاد قىلىش تارىخى»، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى نەشرىياتى، 125 ـ بەت، 133 ـ بەت.
⑭ جاڭ ئەنجۇن: «شىنجاڭنى تىنچ ئازاد قىلىش تارىخى»، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى نەشرىياتى، 144 ـــ 145 ـ بەت.
⑮ بايىنغولىن تارىخ ماتېرىياللىرى.
⑯ «شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 424 ـ بەت.
⑰ «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» 15 ـ توپلام 116 ـ بەت.
⑱ «شىنجاڭدىكى باندىتلارنى باستۇرۇش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 83 ـ بەت.
⑲ «شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 424 ـ بەت.
⑳ جاڭ ئەنجۇن: «شىنجاڭنى تىنچ ئازاد قىلىش تارىخى»، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرلۇش بىڭتۇەنى نەشرىياتى، 156 ـ بەت. «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» 15 ـ سان 117 ـ بەت.
㉑ «شىنجاڭدىكى باندىتلارنى باستۇرۇش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 8 ـ بەت. «بوستان» ژۇر- نىلى، 1996 ـ يىلى 65 ـ بەت .
㉒ «بايىنغولىن تارىخ ماتېرىياللىرى» 2 ـ توپلام 15 ـ بەت.
㉓ ئابدۇمىجىت ھەسەن قۇربانى: «باشئەگىم دىيارىدىكى تارىخىي مەدەنىيەت» 622 ـ بەت.
㉔ «غۇرۇرنامە» مىللەتلەر نەشرىياتى 2011 ـ يىلى نەشرى 59 ـ بەت.

**(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا)**
**(تەھرىرلىگۈچى: يالقۇن روزى)**

# قۇتلۇق شەۋقىگە قىلىنغان تۆھمەت تەتقىقات

ئۆمەرجان نۇرى

مەن ئۇيغۇرلاردىكى جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتتا كۆرۈلگەن بىر قىسىم ئۇقۇشماسلىقلار، سەۋەنلىكلەر ۋە بۇرمىلاشلارنى بايقىدىم. بۇ مەسىلىلەرنى بۇنىڭدىن كېيىن پاكىتلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇيغۇر جەدىدچىلىك تەتقىقاتىنىڭ ئىلمىي سۈپىتىگە تۈرتكە بولىدىغان بەزى ماقالىلەرنى يېزىشنى پىلانلىغان ئىدىم. يېقىنقى يىللاردا مۇشۇ مەقسەتتە بەزى تېمىلاردا ماقالىلەرنى يېزىپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدىم. بۇ قېتىم 20 - ئەسىرنىڭ 20 - ۋە 30 - يىللىرىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئەجايىب تەسىر كۆرسەتكەن مەرىپەتچى سىمالاردىن بىرى قۇتلۇق شەۋقى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، تەتقىقاتنىڭ ئەستايىدىل بولماسلىقى سەۋەبىدىن، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ھاياتى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە قىلىنغان بىرنەچچە تۆھمەتنى بايقىدىم. يەنى، ھاياتى ھەققىدىكى تەتقىقات ئەمەلىي پاكىتقا ئەمەس، تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ يېزىلغان، تارىخىي بايانلار يىل تەرتىپى بويىچە ئەمەس بەلكى، توقۇلما ھېكايىنىڭ مەزمۇن ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ قەلىمىگە تەۋە بولمىغان ئىككى شېئىر ئۇنىڭغا تەۋە قىلىپ ئېلان قىلىنغان. قىلمىغاننى قىلدى دېيىش تۆھمەتتۇر. شۇڭا، خاتانىڭ داۋاملىق تەكرارلىنىۋەرمەسلىكى ئۈچۈن، ھازىرچە بايقىغان تۆھمەتلەرنى تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويىمەن:

1. «ئاڭ» گېزىتى: پاكىتلىق ئىسپاتلارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى تۇنجى ئۇيغۇرچە گېزىت، 1910 - يىلى 25 - مارتتا كۇرەدە نەشر قىلىنغان بولۇپ، بىر يىلدىن ئارتۇقراق نەشر قىلىنغان بۇ گېزىتنىڭ نامى «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى»دۇر[1]. قەشقەردە نەشر قىلىنغان تۇنجى ئۇيغۇرچە گېزىت بولسا شىۋېت مىسسىيونېرلىرى 1914 - يىلى بىرلا سان نەشر قىلىپ توختاتقان «يارۇغلۇق - ئالتەشەرنىڭ رۇزنامەسى»دۇر[2]. بىز ھۈسەيىن مۇسابايېفنىڭ «كاشغەردىن مەكتۇپ» ناملىق ماقالىسىدىن 1911 - يىلىغىچە قەشقەردە گېزىت باسىدىغان باسماخانا يوق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز[3]. شۇنداق بولغاچقا، 1910 - يىللارنىڭ بېشىدا ئابدۇقادىر داموللامىنىڭ رىسالىلىرى ۋە ئەھمەت كەمال تۈزگەن دەرسلىكلەر قازاندا بېسىلغان ئىدى. ئانا تىلىمىزدا نەشر قىلىنغان كۆپىنچە ماتېرىياللاردا قۇتلۇق شەۋقىنىڭ 1918 - يىلى «ئاڭ» گېزىتىنى نەشر قىلغانلىقى تەكىتلىنىپ كەلدى. ئەمما ھېچقانداق پاكىت كۆرسىتىلمىدى. ئەمەلىيەتتە قۇتلۇق شەۋقى 1933 - يىلى 21 - ئىيۇلدا، كېيىنچە «يېڭى ھايات» دەپ ئاتالغان گېزىتنىڭ تۇنجى سانىنى شىۋېت باسمىخانىسىدا نەشر قىلغان. «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى» بىلەن «يارۇغلۇق - ئالتەشەرنىڭ رۇزنامەسى» دىن كېيىن «يېڭى ھايات» گېزىتى نەشر قىلىنغانغا قەدەر قەشقەردىلا ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭدا ئۇيغۇرچە گېزىت نەشر قىلىنغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ئىسپات ياكى ئەينى زاماندا يېزىلغان ھېچبىر خاتىرە يوق. شۇڭا، بەزىلەرنىڭ كىتابلىرىدا يېزىلغاندەك، 1910 — 1933 - يىللار ئارىسىدا مۇسابايېفلارنىڭ قەشقەردە زامانىۋى مەتبەئەسى بولغان، قۇتلۇق شەۋقى 1918 - يىلى «ئاڭ» گېزىتىنى نەشر قىلغان دېگەن بايانلىرى ئاساسسىزدۇر، بۇ خىل ئاساسسىز بايانلارنى سۈرۈشتۈرمەي ئىشىنىۋېرىش ئىلمىي پو-

زىتسىيە ئەمەستۇر. «ئاڭ» دېگەن نامدىكى گېزىت - ژۇرنالنىڭ ئىشەنچىلىك ئۇچۇرى مەسىلىسىگە كەلسەك، تاتارلار قازاندا 1912 - يىلىدىن 1918 - يىلىغىچە ئەخمەت غەرەي خەسەنى تەرىپىدىن ئىككى ھەپتىدە بىر سان چىقىرىلغان پەننىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي رەسىملىك ژۇرنالنى كۆرسىتەلەيمىز. يەنە بىرى 1987 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئەخمەت زىيائىي ئەسەرلىرى»نىڭ 3 - بېتىدىكى «47 - يىلى 11 بىتىمدىن كېيىن ‹قەشقەر گېزىتى› توختىتىلغان، ‹ئاڭ گېزىتى› نەشر قىلىنىپ ئەخمەت زىيائىي باش مۇھەررىر بولغان. بۇ گېزىتنىڭ 1947 - يىلى نەشر قىلىنغان، باش بەتكە ‹شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىگە› دەپ ماۋزۇ قويۇلغان ئۇچۇق خەت بېسىلغان بىر نۇسخىسى مېنىڭ قولۇمدا ساقلاقلىق. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ‹ئاڭ گېزىتى› نەشردىن توختاپ، ‹قەشقەر گېزىتى› دېگەن نامدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان» دېگەن ئۇچۇرنى كۆرسىتەلەيمىز. ھەقىقەتەنمۇ، ئەھمەد زىيائىينىڭ «ۋىجدان مۇھاكىمىسى» دېگەن نېپىز كىتابى «ئاڭ گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلغان. شۇڭا قۇتلۇق شەۋقىنىڭ نامى بىلەن باغلانغان ئۇ خىل نامدىكى گېزىتنىڭ بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىمىز.



«ۋىجدان مۇھاكىمىسى»نىڭ تېتولى

2. ھاجى ئەخمەت قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى نەشر قىلغان «سامانيولى» دېگەن شېئىر توپلىمىدا قۇتلۇق شەۋقىگە تەۋە قىلىپ قويۇلغان. مەسىلەن، مەزكۇر كىتابنىڭ 47 - 48 - بەتلىرىگە كىرگۈزۈلگەن ئىككى شېئىر ئەمەلىيەتتە قۇتلۇق شەۋقىنىڭ شېئىرى ئەمەس. بۇنىڭ بىرى ئالتە مىسرادىن تەركىب تاپقان «ئانا تىل» دېگەن شېئىر بولۇپ، بۇ شېئىر شۇنىڭدىن بېرى دەرسلىكلەردە، ئانا تىل ھەققىدىكى ھاياجانلىق نۇتۇقلاردا قۇتلۇق شەۋقىنىڭ شېئىرى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان، ئاھاڭغا سېلىنىپ ناخشا قىلىپ ئېيتىلغاندىمۇ قۇتلۇق شەۋقىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ ئالتە مىسرالىق شېئىرنىڭ كىشىلەرگە تونۇش بولغان ۋارىيانتى مۇنداق:

ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززەتىن قىلغۇم كېلۇر،
ئانا تىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بېرىپ ئالغۇم كېلۇر.

بۇ ئانا تىل بولسا گەر ئامېرىكايۇ، ئافرىقىدا،
سەرف ئېتىپ مىڭلارچە تىللا، ئاندا مەن بارغۇم كېلۇر.

ئەي ئانا تىل، بىزگە سەن ئۆتكەن ئۇلۇغلاردىن نىشان،
سەن بىلەن روھى زېمىندە ئىپتىخارلانغۇم كېلۇر.

بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورى قۇتلۇق شەۋقى بولماستىن بەلكى، تۇرپانلىق ئابدۇللا نەئىمى (1896 — 1938) دۇر، ئابدۇللا نەئىمى بۇ شېئىرنى قەشقەردە مەھمۇد مۇھىتىنىڭ دېۋىزىيە ئىشتابىدا باش كاتىپلىق قىلىۋاتقان چېغىدا يازغان.

ئابدۇللا نەئىمى 1896 ـ يىلى تۇرپان شەھىرىدە شۆھرەتلىك بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ دىنىي مەلۇماتنى تۇرپاندا ئالغاندىن كېيىن، قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللامدا ئوقۇغان. ئابدۇقادىر داموللام 1924 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئابدۇللا نەئىمى تەھسىلىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن، چۆچەككە بېرىپ داڭلىق تاتار ئالىم مۇراد ئەپەندىنىڭ ھوزۇرىدا ئوقۇغان. تۇرپانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەل ئارىسىدا «ئابدۇللا داموللا» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان.

1933 ـ يىلى تۇرپاندا مەخسۇت مۇھىتى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىلار باشلىغان ئىنقىلابقا قوشۇلۇپ مىرئالاي (پولك قوماندانى)لىق مەنسەپ بىلەن پۈتۈن ئىنقىلاپ جەريانىدا ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلغان.

غوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك مەنسىپىگە ئولتۇرغىلى كەتكەندە، مەھمۇد مۇھىتى قەشقەر تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىگە دېۋىزىيە قوماندانى (تۇمەنبېشى) بولۇپ ئورۇنلاشقاندا، ئابدۇللا نەئىمى دېۋىزىيە ئىشتابىنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئىستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەرگە كىرگۈزگەن ھەربىي ۋە ساقچى كۈچلىرىنىڭ ھەم شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ نازارىتى ئاستىدىكى مەھمۇد مۇھىتىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە بارلىق مەخپىي ھەرىكىتى ئابدۇللا نەئىمىنىڭ قولى ئارقىلىق يۈرۈشتۈرۈلگەن. مەھمۇد مۇھىتىغا سىرتقى دۇنيانىڭ خەۋەرلىرىنى مەجىددىن ئەپەندى تەمىنلىگەن. بۇ ئىككى كىشى مەھمۇد مۇھىتىغا ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ئىزچىل يەتكۈزۈپ تۇرغان.

ئابدۇللا نەئىمى ئەسكىرىي ۋەزىپىلىرىنى كامىل ئۆتىگەننىڭ ئۈستىگە دىنىي، مىللىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي ساھەلەردىمۇ زور ئىشلارنى ئىشلىگەن. ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، مۇئەللىملەر كۇرسى، دارىلمۇئەللىمىن، دارىلئۇلۇم ۋە نەشرىياتقا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇيغۇرلاردىكى ئىككىنچى قېتىملىق جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنى جانلاندۇرۇشقا كۆپ كۈچ چىقارغان. ئابدۇللا نەئىمى «ئىسلاھ مەدارىس ۋە مەساجىت ھەيئىتى»گە رەئىس بولۇپ، مەدرەسە ۋە مەسچىتلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، ئۆلىمالار ۋە دىنىي ئىشلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرغان.

1936 ـ يىلغا كەلگەندە، غوجىنىياز ھاجىنىڭ قەشقەردىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەر بىلەن كارى بولماسلىقى ۋە شېڭ شىسەينىڭ مەھمۇد مۇھىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن يېقىن كىشىلىرىنى ئۆزىگە تارتىشى سەۋەبىدىن مەھمۇد مۇھىتى قەشقەردە تۇرۇۋېرىشكە ئىمكانىيەت قالمايدۇ. ھەتتا، ئابدۇللا نەئىمىنىمۇ ئۈرۈمچىگە نەچچە قېتىم چاقىرتقاندا، مەھمۇد مۇھىتى باھانە كۆرسىتىپ توسۇپ قالىدۇ. ئامالسىز قالغان مەھمۇد مۇھىتى يېقىن كىشىلىرى بىلەن 1937 ـ يىلى ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەندە، ئابدۇللا نەئىمىمۇ بىللە چىقىپ كېتىدۇ. ئابدۇللا نەئىمى ھىندىستاندا بىرمۇنچە شەھەرلەرنى ساياھەت قىلىدۇ، 1938 ـ يىلى مەھمۇد مۇھىتىغا ھەمراھ بولۇپ ھەج پەرزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، مىسىر ۋە سۈرىيەلەرنى ساياھەت قىلىپ، تۈركىيەگە بېرىپ ئىستانبۇلدا بىر نەچچە

كۈن تۇردۇ، كېيىن ھىندىستانغا قايتىپ كېلىدۇ. ئېنگلىزلار مەھمۇد مۇھىتنى جۇڭگوغا كېتىش شەرتى بىلەن قويۇپ بەرگەندە، مەھمۇد مۇھىتى باشلىق ئائىلە كىشى شاڭخەيدىكى تېۋىپ باي ئەزىزنىڭ قېشىغا كېلىش ئۈچۈن، 1938 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كالكۇتتادىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ يولغا چىقىدۇ. ئۇزۇنغا سوزۇلغان دېڭىز سەپىرىدە ئاغرىپ قالغان ئابدۇللا نەئىمى، 21 - نويابىر كۈنى شاڭخەيگە ئەھۋالى ئىنتايىن ناچار ئەھۋالدا يېتىپ كېلىددۇ، 25 - نويابىر كۈنى 42 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. جەسىدى شاڭخەيدىكى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ خانىمى ۋە بىر ئوغلى تۇرپاندا قالغان ئىدى. ئابدۇللا نەئىمىنىڭ بۇ ئوغلى كېيىن كۇچا ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى بولغان.



ئابدۇللا نەئىمى

ئابدۇللا نەئىمى ئوچۇق پىكىرلىك، ئەستايىدىل، شائىر تەبىئەت كىشى ئىدى، ئۇ ئانا تىلىدا شېئىر يازغاندىن باشقا ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىمۇ شېئىرلارنى يازاتتى. باشقا مەدرىسە موللىلىرىدەك ئەرەب - پارس تىلىنى زىيادە ئۇلۇغلاپ كەتمەيتتى. ئانا تىلدا شېئىر يېزىشنى شەرەپ دەپ بىلەتتى. 1930 - يىللاردىكى ئىنقىلاب جەريانىدا ئوقۇلغان مارشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئابدۇللا نەئىمى يازغانىدى. ھەتتا، قۇتلۇق شەۋقى باش مۇھەررىرلىك قىلغان «يېڭى ھايات» گېزىتىدىمۇ شېئىرلىرى بېسىلغان ئىدى. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «ئانا تىل» دېگەن شېئىرىمۇ دەل قۇتلۇق شەۋقى سەر (باش) مۇھەررىرلىك قىلىدىغان «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ 1935 - يىلى 12 - ئاۋغۇستتىكى 81 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ شېئىردا ئەينى يىللاردىكى موللا - ئۆلىمالارنىڭ ئەرەب، پارس تىلىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇيغۇر تىلىنى تۆۋەن كۆرۈشتەك مەدەنىيەت پىسخىكىسى قاتتىق تەنقىدلەنگەن ھەم ئۆزىنىڭ ئانا تىلنى قەدىرلەش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. بۇ شېئىرنىڭ «يېڭى ھايات» گېزىتىگە بېسىلغان ئەسلي تېكستى مۇنداق:

## ئانا تىل

ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززەتىن قىلغۇم كېلۇر،
ئانا تىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بېرىپ ئالغۇم كېلۇر.
يۇرتىمىزدا قەدرى يوق نەرسە ئانا تىلدۇر بۇگۇن،
بىلمىگەنلەرغە ئانىڭ قەدرىنى بىلدۇرگۇم كېلۇر.
بىز بالالارغا ئاتالاردىن قالىپدۇر يادىگار،
ياخشى ئاسراپ نەسىل ئەۋلادلارغا قالدۇرغۇم كېلۇر.
بۇ ئانا تىل گەر ئىسە ئامىرىكا ۋە ئافرىكادا،
سەرف ئېتىپ مىڭلارچە تىللا ئاندا مەن بارغۇم كېلۇر.
ئەي ئانا تىل بىزگە سەن ئۆتكەن ئۇلۇغلاردىن نىشان،
سەن بىلەن رويى زەمىندە ئىفتىخار ئەتكۈم كېلۇر.
سەن قىزىل گۈل ياكى بۇلبۇل كۆڭۈل گۈلزارى سەن،
ئۇشبۇ سۈرەتلەردەدۇر سەن ھەر زامان كۆرگۈم كېلۇر.

ئالما سەن ياھۇد ئانار سەن ياكى سەن شەمامى شام،
ئەترگۈلدەك بۇي ئالىپ باشمغا قىستۇرغۇم كېلۇر.
قىزمۇسەن قۇزىمۇسەن ياكى قېزى بىلەن قىمىز،
ياخشى كۆرگەن ياخشىدىن ياخشىغە ئوخشاتقۇم كېلۇر.
ئۆز تىلىنى تاشلىغان ئاغزى بوزۇقنىڭ ئاغزىغا،
تازا قاتتىغ چەرمىلىك كەفشىم ئىلە ئۇرغۇم كېلۇر.
ئۆز تىلىدىن ئۆزگە تىلنى ئىستىگەنلەر تىلىنى،
ئارادەك تىلغۇچ بىلەن نەچە تىلىم تىلغۇم كېلۇر.
ئۆز ئاتاسى ئۆز تىلى ئۆز دىنىدىن ئۆز يۇرتىدىن،
بىرسىدىن تانغان بىرىگە ئوخشادۇر دېگۇم كېلۇر.
ئۇشبۇ تىلىنى تاشلاغان ئادەم ۋەتەنغە دوست ئىمەس،
بىلكى ھەممە يۇرتىدىن بىگانە دەپ ئېيتقۇم كېلۇر.
ئانا تىلە ھەممىنى يازماقغە مۇمكىن بولمادى،
ۋەر نە ھەممە سۆزنى مەن ئۇيغۇرچەلەپ يازغۇم كېلۇر.

— ئابدۇللا نەئىمى

«سامانيولى» دېگەن شىئېرلار توپلىمىدا قۇتلۇق شەۋقى نامىدا بېرىلگەن مۇنداق بىر غەزەل بار:

ئۇمىد ئەتمەك ۋاپا ھەر سەيلىلەردىن ئەينى نادانلىق،
دېسەم بولغاي تېپىلماس ئەھدى يالغانلاردا ئىنسانلىق.
ۋاپا ئەھدىڭگە ئەيلە قەۋل بىلە پەيلىڭدە سادىق بول،
مۇناپىقلىق نىشانىدۇر كىشىدە ئەھدى يالغانلىق.
ھەر ئىش ئەيلەردە ئەۋۋەل ئېھتىيات ئەيلەپ تەپەككۇر قىل،
قولۇڭدىن ئۆتسە ۋاقتى سوڭرە سۇد ئەتمەس پۇشايمانلىق.
پانى دۇنيادىن غەمسىز كېتەرنىڭ يوقتۇر ئىمكانى،
بولۇر ھەر كىمسىنىڭ تەبئىگە باقساڭ بىر پەرىشانلىق.
قەلەم يازغان قەدەردىن سەئىيئىلە ئۆتمەك مەھەل ئولغاي،
نىگىن (ئۈزۈك) تۇتماق بىلەن ھەر كىمسە تاپقايمۇ سۇلايمانلىق؟
دىلىڭنى راست تۇتقىل، زاھىرۇ باتىنىڭدە بىردەك بول،
ئايا شەۋقى، بۇدۇر پەھىملىسەڭ رەسمىي مۇسۇلمانلىق.

بۇ غەزەل ئەسلىي موللا مۇھەممەد ئابىد نەمەنگانىنىڭ «تۆھفەتۇل ئابىدىن» (مەتقاسىم ئەكرەم، ئىمىن تۆمۈر نەشرىگە تەييارلىغان، خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمىي ئەسەرلەرنى يىغىش، رەتلەش، نەشىرگە تەييارلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى 1908 ـ يىلىدىكى چاپى نۇسخىسىغا ئاساسەن، 1993 ـ يىلى نەشر قىلىپ ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان نۇسخىسىنىڭ 213 ـ بەت) دېگەن دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، مۇنداق ئىدى:

### غەزەل شەۋقى

ئۇمىد ئەتمەك ۋەفا ھەر سىفلەلەردىن ئەين نادانلىغ،
دېسە بولغاي تاپىلماس ئەھدى يالغانلاردا ئىنسانلىغ،

ۋەفا ئەھدىگە ئەيلە قەۋل ئىلە فىئىلىڭدە سادىق بول،
مۇنافىقلىق نىشانىدۇر كىشىدە ئەھدى يالغانلىغ.
ھەر ئىش ئەيلەردە ئەۋۋەل ئىھتىيات ئەيلەپ تەپەككۇر قىل،
قولۇڭدىن ئۆتسە ۋەقتى سوڭرە سۇد ئەتمەس پۇشەيمانلىغ،
بۇ فانى دۇنيادىن غەمسىز كېتەرنىڭ يوقتۇر ئىمكانى،
بولۇر ھەر كىمسەنىڭ تەبئىگە باقساڭ بىر پەرشانلىغ.
قەلەم يازغان قەدەردىن سەئىيلە ئۆتمەك مەھەل ئولغاي،
نەگىن تۇتماق بىلە بىر كىمسە تاپقايمۇ سۇلەيمانلىغ.
دىلىڭنى راست تۇتقىل، زاھىرۇ باتىندە سۇدەك بول،
ئەيا شەۋقى بۇدۇر فەھم ئەيلەسەڭ رەسىم مۇسۇلمانلىغ.

بۇ غەزەلنى يازغان شەۋقى، ئىنىقكى «شەۋقى» تەخەللۇسىنى قوللانغان نەمەنگانلىق شەمسى ھۇ-سەيىن (1805 ـــ 1889) دۇر④. موللا مۇھەممەد ئابىد نەمەنگانىنىڭ 1908 - يىلى چاپى قىلىنغان دىۋانىغا شېئىرى كىرگۈزۈلگەن «شەۋقى»، ھەرگىزمۇ قۇتلۇق شەۋقى ئەمەسلىكى، كېيىنكى كۈن-لەردە بۇ غەزەلنىڭ خاتا ھالدا قۇتلۇق شەۋقى نامىغا تەۋە قىلىپ قويۇلغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ غەزەلنىڭ تىلى قۇتلۇق شەۋقى «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ 1937 - يىلى 18 - مارت، 69 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئەرتەياز تەسىراتى» دېگەن شېئىرىنىڭ تىلى بىلەن خېلى پەرقلىنىدۇ. قۇتلۇق شەۋقىنىڭ بۇ شېئىرىنىڭ تىلىغا قاراپ باقايلى:

## ئەرتەياز تەسىراتى

ئەرتەياز ۋاقتى يېتىپ كەلدى، چىقىپ خۇشبۇي شامال.
غەم تۈنى - قىش كەتتى، كۆرسەتتى باھار شېرىن جامال.
ئەي ۋەتەن! سەن نە چىرايلىق بەك يېقىملىق ئانامىز،
بۇ غېرىپ ئەۋلادلارىڭنى شاد قىل، شەفقەتلە ئال.
كۆپ زامان غەملىك قارا كۈنلەردە ئۆتكەن باللارىڭ،
بىھايا زالىم ئاستىدا بولغان ئېدىلەر پەيمال.
ئەمدى كۆز ئاچدى سەنىڭ رۇشەن ھاۋايىڭ كۆرگىلى،
خوش بولۇپ تافسۇن سېنىڭ مۇڭلۇق قۇچاغىڭدا كامال.
ياز بولۇپ ئاچىلغۇسى رەڭ-رەڭدە گۈللەر نۇر ساچىپ،
باغى سەھرا مايسا يافراقلار يەشىل رەڭ خۇشمۇ ھال.
سايراشۇر كۆك تالغۇ بىرلە قالدۇغاچ ھەم سۇفىياڭ،
ئول چىرايلىق قۇشلار ئاۋازى قىلۇر ئىنسانىنى لال.
خۇش ھاۋايىڭ ئەي ۋەتەن ھىجران غېمىنىڭ دارۇسى،
سەن ياشا ئىززەتۇ بىدارلىق ئىلە تافماي زاۋال.

ـــ شەۋقى

دىمەك، يۇقىرىقى غەزەل، شەۋقى نەمەنگانىنىڭ شېئىرى بولۇپ، قۇتلۇق شەۋقى ئىجادىيىتىگە قىلىنغان تۆھمەتتۇر.

بىزنى تەقەززا قىلىۋاتقان بىر مەسىلە شۇكى، ئۇيغۇر هازىرقى زامان نەشرىياتچىلىقىنىڭ بايراقدارى قۇتلۇق شەۋقىنىڭ تولۇق ئەسەرلەر توپلىمى تېخىچە نەشر قىلىنمىدى. بىز باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قۇتلۇق شەۋقىنىڭ نامىغا يېزىپ ئاۋارە بولمىساقمۇ، قۇتلۇق شەۋقى باش مۇھەررىرلىك قىلغان «يېڭى هايات» ۋە «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەردە قۇتلۇق شەۋقى نامىدا ئېلان قىلىنغان ماقالە ۋە شېئىرلارنىڭ ئۆزىمۇ بىر توپلام قىلىشقا يېتەرلىك مەنبەدۇر. شۇڭا، ئەستايىدىللىقى ئاجىز، چوڭقۇر ئىزدىنىشتىن ئېرىنىدىغان هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرى بىر ـ بىرىنىڭ ئويدۇرما تەتقىقاتىنى كۆچۈرۈپ يۈرمەي، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن بىۋاستە تونۇشۇپ، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئەسىرى ئىدى، دېگەن ئەسەرنى ئەسلىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، خۇلاسە چىقىرىشى كېرەك. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا بۆھتان تۇسىنى ئالغان ئاتالمىش تەتقىقاتىنىڭ كۆپ بولۇشى، ئىجادىي هەم ئىلمىي ئەمگەك قىلغان قۇتلۇق شەۋقىدەك مۆتىۋەر زاتلارنىڭ شەنىگە داغ تەككۈزىدۇ. شۇڭا، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ هاياتى ۋە ئىجادى ئەمگەكلىرىگە باها بەرگەندە، يۇقىرىقىدەك تۆھمەتلەرنىڭ تەكرارلىنىۋېرىشىدىن ساقلىنىشىمىز زۆرۈر.

(ئاپتور: خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىدا)

مەنبەلەر:


① «چىندە تۈركچە گېزىت» دېگەن نامدىكى ماقالە بېسىلغان ژۇرنال ــ «سىرەتال مۇستەقىم»، 1910 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى سانى، ئىستانبۇل.

② YARRİNG, Gunnar Alfred: *Prints from Kashghar, The Printing Offise of the Swedesh Mission in Eastan Turkistan, History and Production with an Attempt at a Bibliografhy,* 1991, Stockholm: Svensca Forskning sinstitutet İstanbul..

③ هۇسەيىن مۇساباي: «كاشغەردىن مەكتۇب»، «سىرەتال مۇستەقىم» (ژۇرنال)، 1910 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى سانى، ئىستانبۇل.

④ «تۈركىيە سىرتىدىكى تۈركىي مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئانتولوگىيەسى»، 15 ـ توم، «ئۆزبېك ئەدەبىياتى ـ 2»، 187 ـ بەت، 2000 ـ يىلى تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى نەشرى.


(تەھرىرلىگۈچى: يالقۇن روزى)

# پالتاخۇن باي ھەققىدە بايان

ئابدۇرۇپ نىياز داموللا

بىر قىسىم دوست - يارەنلىرىم مېنى كۇچادا ئۆتكەن ھەر ساھە مەشھۇر زاتلارنىڭ تەزكىرە - تەرجىمىھاللىرىنى قەلەمگە ئېلىپ تونۇشتۇرۇشۇمنى ھەم بۇنىڭ كېيىنكىلەر ئۈچۈن يادنامە بولۇپ قېلىشىنى ئۆتۈندى. بۇ قولىنىڭ ئۇچىدىلا يېزىپ قويسا بولىدىغان ئوڭاي ھەم ئاددىي ئىش ئەمەس بەلكى تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى چىنلىق بىلەن بايان قىلىش مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، ئىنچىكە ئىش ئىدى. شۇڭا مەن ئاما ئارىسىغا چۆكۈپ ئىزدىنىپ، دىيارىمىز كۇچادا 19 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياشاپ ئۆتكەن بىر قىسىم تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئېرىشتىم. تۇنجى بولۇپ، يەنى 1987 - يىلى ھەققانىيەتنى ياقلىغۇچى خەلقپەرۋەر ئۆلىما مۇسايىپ داموللا ھاجىمنىڭ تەسىرلىك پائالىيەتلىرىنى يازغان ئىدىم. ئارىدا خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ ئىككىنچى قەدەمدە سودا - تىجارەت ساھەسىدىكى مەشھۇر شەخس پالتاخۇن باينىڭ ئەھۋالىنى يېزىشنى نىشان قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ زاتنى كۆرگەن ۋە بىلىدىغان ئۇقۇمۇشلۇق بىر قىسىم پېشقەدەملەرنى زىيارەت قىلىپ، پالتاخۇن باينى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇشنى لايىق تاپتىم.

پالتاخۇن باي 1894 - يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە ياشىغان بولۇپ، ئەسلىي ئاتۇشنىڭ سۇنتاغ يېزا باغلىق كەنتىدىن. پالتاخۇن ئاتىسىدىن كىچىك قالغان، ئوغۇلنىڭ چوڭى بولغاچقا ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى زىممىسىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا تېرىلغۇ يەر ئاز، سۇ كەمچىل بولغانلىقتىن ئازغىنا دېھقانچىلىققا تايىنىپ بىر ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مۇشكۈل ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پالتاخۇن ئانىسىنىڭ رىغبىتى ۋە ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بىلەن مەھەللىسىدە بوياقچىلىق ھۈنىرىگە شاگىرتلىققا كىرىپ شاڭ، ماتا بوياشنى ئۆگەنگەن. پالتاخۇننىڭ يۇرتىدا بوياقچىلىقنىڭ بازىرى كاسات دېيىشكە بولمىسىمۇ ئانچە ئىتتىك ئەمەس ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش بىر قىيىن مەسىلە بولۇپ قالغان.

پالتاخۇن دېھقانچىلىقمۇ قىلغان، شاڭ، ماتا بوياپ بازاردا سودا - سېتىق قىلىپمۇ باققان. ئەمما يەنىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا ئىمكانىيەت تاپالمىغان. ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى قانداق قىلىپ ياخشىلاش ھەققىدە بىر مەھەل ئويلانغاندىن كېيىن ئاتۇشلۇقلارنىڭ سىرتقا يۈزلىنىپ، سودا - تىجارەت قىلىدىغان، ئىش - ئوقەتكە پۇختا، جاپا - مۇشەققەتكە چىدامىلىق، جاسارەتلىك روھىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئانىسىنىڭ رازىلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئىرادىسىنىڭ تۈرتكىسىدە يۇرتمۇ - يۇرت ئاتلاپ كۇچاغا قەدەم تەشرىپ قىلغان.

كۇچا پالتاخۇننىڭ ئىش - ئوقەت قىلىشىغا ئەڭ مۇۋاپىق جاي ئىدى. چۈنكى كۇچادىن شاڭ، ماتا، قاق، ياڭاق، يۇڭ، تېرە، كۆرپە، ئەلتىرە، گىلەم، تاغار، خۇرجۇن، لۆڭگە قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلار كۆپ چىقىدىغان بولۇپ، بازار ئەھۋالىمۇ نىسبەتەن ياخشى ئىدى. مانا بۇ پايدىلىق ئامىللار پالتاخۇننىڭ كۇچادا ھۈنەر قىلىپ تۇرۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان. كۇچادا ئىلگىرى كېلىپ

ئولتۇراقلىشىپ سودا ـ سېتىق بىلەن تىجارەت قىلىپ بېيىغان ئاتۇشلۇقلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ھەر جەھەتتىن بىر ـ بىرىنى قوللايتتى.

پالتاخۇن 20 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان نەۋقىران ۋاقتىدا كۇچاغا كەلگەن بولۇپ، كوناشەھەر پاختا بازىرىدىكى مەتەك موللام دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە ئىككى يىلدەك بوياقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ نىمكار بولۇپ ئىشلىگەن. ئاندىن بورا بازىرىدىكى پاختىچى ئابدۇللاخان ئۇستامغا نىمكا ئىشلەپ سەگىز، چەكمەن بوياش بىلەن مەشغۇل بولغان. كېيىنرەك ئابدۇللاخان ئۇستامنىڭ مەتەك موللامدىن ئاجرىشىپ كەتكەن قىزى ھەمراخاننى ئەمرىگە ئالغان. پالتاخۇن مەتەك موللامنىڭ ئۆيىدە ئىشلەۋاتقاندىلا مەتەك موللامنىڭ تۇغماس دەپ كەمسىتىپ ئەيىبلىشىدىن بىزارلىق ھېس قىلىۋاتقان ھەمراخان، پالتاخۇننىڭ ئىشچان، ھوشيار، ئوچۇق ـ يورۇقلۇقىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇلار نىكاھلانغاندىن كېيىن بىر ـ بىرىگە كۆيۈمچان، ئىناق ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولۇپ ئۆتكەن. پالتاخۇن ئاق سېرىق، بوي تۇرقى كېلىشكەن، شوخ، خۇشچاقچاق ئادەم بولۇپ ئۇسسۇل ئويناشقا ئۇستا ئىدى. ئۇ، سورۇنلاردا ئۇسسۇل ئويناپ كىشىلەرنى تاڭ قالدۇراتتى. ئۇ ئىشقا ماھىر، ھۈنەرگە ئۇستا، قولى چاققان، تىرىشچان بولغاچقا، ئىككى ـ ئۈچ ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلالايتتى. شۇڭا قېيىنئاتىسى ئابدۇللاخان ئۇستامنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپلا قالماستىن يەنە ھۈنەر ـ تىجارەتتە يول تېپىپ بېيىشقا يۈزلەنگەن.

پالتاخۇن ئىشنىڭ يولىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تىجارەت قىلىشقا باشلىغان. پالتاخۇن قارا ساۋات ئادەم بولسىمۇ، بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ ئىسسىق ـ سوغۇقنى كۆپ كۆرگەن، ھۈنەر ھەم تىجارەتتە زېرەك ئادەم ئىدى. ئۇ، ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلغاندا، ئىنىسى قۇتلۇق ئاخۇن، ئاچىسىنىڭ ئوغلى سىدىق ئاخۇن، تەربىيە بالىسى مۇھەممەت قاتارلىقلارنى تىجارەتكە ھەمكارلاشتۇرۇپ ئۇلار بىلەن سىرتتىكى بازارلارنى ئايلىنىپ، تىجارەتنى جانلىق قانات يايدۇرۇپ ئاز دەسمايە بىلەن كۆپ پايدىغا ئېرىشكەن. پالتاخۇن ھاياتىدا بالا يۈزى كۆرمىگەن بولۇپ بېقىۋالغان تەربىيە ئوغلى مۇھەممەتتىن باشقا پەرزەنتى يوق ئىدى. مۇھەممەدنىڭ ئايالى مەريەم كۇچادىكى داڭلىق خەتتات ئابلىمىت مەخسۇمنىڭ ئىنىسى ئۆلىما ئابدۇخالىق مەخسۇمنىڭ قىزى ئىدى. مەريەم ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدىن چىققان، تەربىيە كۆرگەن زېرەك چوكان بولۇپ، قېيىنئاتىسى پالتاخۇننىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىپ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن ھەم پالتاخۇنمۇ مۇشۇ كېلىنىدىن بىر قانچە نەۋرە كۆرگەنىدى.

پالتاخۇن ھەر قايسى جايلارنى ئايلىنىپ بازار ئەھۋالىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، پۇختا ئىگىلىگەندىن كېيىن 1929 ـ يىلى ئازراق كاپىتال توپلاپ بازاردا ماتا ئېلىپ ـ سېتىش بىلەن شۇغۇللانغان. كۇچادىن ماتا كۆپ چىقاتتى، سېتىۋېلىنغان ماتانى سېتىش قىيىن ئىدى. ئۇ، بازاردا سېتىلمىۋاتقان ماتالارنىڭ ھەممىسى سىدام ماتا، بۇ ماتالار بويالسا، چوقۇم بازىرى چىقىدۇ، دەپ ئويلاپ بوياق سېتىۋېلىپ ماتالارنى قارا، كۆك، قىزىل، يېشىل رەڭلەردە بوياپ بازارغا سالغان. بۇ خىل مۇنداق ماتالار ناھايىتى بازار تاپقان. كېيىن ئۇ يەنە گۈل قېلىپى ئويدۇرۇپ ماتالارغا گۈل بېسىپ، شەھەر، يېزىلاردا سېتىپ كۆپ پايدا ئالغان.

1932 ـ يىلى پالتاخۇن بويالغان ماتالارنى 17 ئېشەككە ئارتىپ لوپنورنىڭ تىكەنلىك دېگەن يېرىگە ئاپىرىپ تۇرپان، قومۇلدىن كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن سودىلاشقان. بۇ سەپەر ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. ئۇ يەرلىك مەھسۇلات سودىسىدا پايدىنىڭ كۆپلىكىنى بىلىپ، بوياقچىلىق كەسپىنى تاشلاپ، نەچە يىل توپلىغان مەبلىغىنى سەرپ قىلىپ كۇچانىڭ رەستە بازىرىدىكى خۇيزۇ

بايۋەتچە شەنبە ھاجىمنىڭ ئىككى قەۋەت سودا سارىيى (ھازىرقى گۈڭسېخېيىنىڭ ئورنى) نىڭ 2 ـ قەۋىتىنى تىجارەت ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىپ، تىجارەتنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە جانلاندۇرغان. چىنىدباغلىق ئابدۇرېھىمئاخۇن دېگەن كىشىنى ھېسابات ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلغان.

1934 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرى يەردىن ئۈنگەندەكلا كۇچادا پەيدا بولغان. ئۇلار كۇچاغا كېلىپ تىڭ ـ تىڭلاش ئارقىلىق شەنبە ھاجىمنىڭ كۇچادىكى ئەڭ چوڭ پۇلدار دۆكاباي ئىكەنلىكىنى بىلىپ شەنبە ھاجىمنىڭ قوروسىنى قورشىۋالغان. ئۇلار شەنبە ھاجىمغا: «بىز ئىسلام ئاچقىلى كەلدۇق، ئەسكەرلىرىمىزگە ئاش ـ تاماق، كىيىم ـ كېچەك، ئاتلىرىمىزغا يەم ـ خەشەك كېرەك، بىزگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىل» دېگەن. شەنبە ھاجىم ئۇلارغا ياردەم قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. غەزەپلەنگەن ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى «مال ـ دۇنيارىڭغا تۇرامسەن، جېنىڭغىمۇ؟» دەپ سورىغان، شەنبە ھاجى يەنىلا قاتتىقلىق بىلەن ياردەم قىلىشنى رەت قىلغانلىقتىن ئەسكەرلەر شەنبە ھاجىمنى نەق مەيداندىلا ئېتىپ تاشلاپ، بارلىق ئالتۇن ـ يامبۇ، مال ـ دۇنياسىنى بۇلىغان. ئاندىن ئۇلار پالتاخۇن بايدىن: «سەن ياردەم قىلامسەن يوق؟» دەپ تەھدىت سالغان. پالتاخۇن باي «دۇكان سارىيىمدىكى پۇل ـ پىچەك، مال ـ ماتالاردىن خالىغىنىڭلارچە ئېلىڭلار» دېگەن. ئەسكەرلەر ئۇنىڭ بىر قىسىم مال ـ مۈلكىنى ئېلىپ كەڭچىلىك قىلغان. پالتاخۇن ئاشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە «جان بولسا جاھان تېپىلار، ئاش بولسا قازان تېپىلار» دېگەندەك ھوشيارلىقى ۋە يىراقنى كۆرەرلىكى بىلەن ئاقىلانە ئىش كۆرۈپ جېنىنى ساقلاپ قالغان. پالتاخۇن بۇ زىيانلارنىڭ ئورنىنى ئانچە ئۇزاققا قالمايلا تولدۇرۇۋالغاندىن سىرت، تىرىشىپ يۈرۈپ بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بايلىققا ئېرىشكەن.

1935 ـ يىلى پالتاخۇن تۆت ئات تارتىدىغان، 1000 كىلوگىرام يۈك باسقىلى بولىدىغان تۆمۈر چاقلىق ھارۋىدىن ئون ئىككىنى ياسىتىپ، كۇچانىڭ ۋە قوشنا ناھىيەلەرنىڭ شەھەر يېزىلىرىدىكى بازارلاردىن ئۆرۈك قېقى، ياڭاق، قارائۆرۈك، ماتا، خۇرجۇن، گىلەم قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىپ، بۇ ماللار بېسىلغان ھارۋىلارنى ئوغلىنىڭ باشچىلىقىدا ئۈرۈمچىگە ماڭدۇرغان. ئاندىن ئۆلكە مەركىزىدىن ماشىنىدا توقۇلغان رەخت، بوياق قاتارلىق تۈرلۈك ماللارنى كۇچاغا ئېلىپ كېلىپ ساتقان. ئاشۇنداق تىرىشىپ بىر نەچچە يىل تىجارەت قىلىش ئارقىلىق پالتاخۇن كاتتا باي سودىگەرگە ئايلانغان. ئۇنىڭ بايلىقىغا كىشىلەر ھەيران قالغان بەزىلەر: «پالتاخۇن كۇچاغا دەسلەپتە ئۆشنىسىگە بىر خۇرجۇننى ئارتىپ غېرىپ يېتىمچى بولۇپ كەلگەن، لېكىن كېيىن ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى ئېشىپ، ئۇنىڭ ئالتۇن، يامبۇ، ياچەنلىرى كۆپەيگەن. ئۇنىڭ بۇ قەدەر باي بولۇپ كېتىشىدە، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئولجا ئالغان نۇرغۇن شاڭلارنى پالتاخۇنغا بوياپ بېرىشكە بەرگەندە بۇ شاڭلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان زور مىقداردىكى ئالتۇن ـ يامبۇ پالتاخۇنغا ئۇچراپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن پالتاخۇن بىردىنلا بېيىپ كەتكەن» دېيىشىپ ھېكايە قىلىپ يۈرگەن. شۈبھىسىزكى بۇ قىياسەن گەپلەردۇر. گەرچە پالتاخۇن دەسلەپتە قۇرۇق قول بىلەن ئىگىلىك تىكلىگەن بولسىمۇ بازار ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشقا، سىرتقا يۈزلىنىشكە ماھىر بولۇشتەك ئاجايىپ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ كاتتا باي بولغانلىقى شەكسىز.

1947 ـ يىلى گومىنداڭ دائىرىلىرى كۇچانىڭ غەللە ـ پاراق ئاشلىقىنى لەڭ توشۇش (ئىجارىگە غەللە ـ پاراق توشۇيدىغان تۆمۈر ھارۋىلار) ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ ئاپىرىشنى بۇيرىغاندا كۇچادىن ئاپىرىدىغان غەللە ـ پاراق ئاشلىقنى پالتاخۇن باي ھۆددىگە ئېلىپ، كۇچانىڭ ئاشلىقلىرىنى يۆتكىمەي، كۇچادا قالدۇرۇپ ئۈرۈمچىدىكى ئىنىسى قۇتلۇق ئاخۇن بايغا تېلېگىراممىا يوللاپ،

ئۈرۈمچىگە يېقىن ساۋەن، قۇتىبى، ماناس، سانجى قاتارلىق ئورۇنلاردىن زور مىقداردا ئاشلىق سې-تىۋېلىپ بۇ ئاشلىقلارنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ، كوچادا قالدۇرۇلغان غەللە - پاراق ئاشلىقلارنى ئا-شۇ قەھەتچىلىك يىللاردا خەلقنى تەمىنلەپ ئەرزان سېتىپ بېرىش ئارقىلىق، كوچا خەلقىنىڭ ئاش-لىققا بولغان ئېھتىياجىنى قامداشقا كاپالەتلىك قىلغان. پالتاخۇن باي يەنە ھەر يىلى باھار پەسلىدە مەدرىسلەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا، شەھەر كەمبەغەللىرىگە، كەمبەغەل - ئاجىزلارغا خەيرى - ساخاۋەت قىلىپ ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن.

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كوچادا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قىسىملىرىدىكى ئەكسى-يەتچىلەر تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن ھەربىي ئۆزگىرىش قى-لىپ، تەرەپ - تەرەپتە ئوت قويۇپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭچىلىق قىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا شۇ قېتىمقى بۇلاڭ - تالاڭدا قاچاق ئەسكەرلەر پالتاخۇن باينىڭ دۇكان ۋە تۇرالغۇسىنى ئاختۇرۇپ مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلىسمۇ، نەق پۇل، ئالتۇن - يامبۇلىرىنى تاپالمىغان. ئۇلار قانداق قىلىشنى بىلمەي چىقىپ كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز بىر ئەسكەرنىڭ مىلتىقىنىڭ پايىنكى ھويلىدىكى قاتار تىزىقلىق تەشتەكلەرنىڭ بىرىگە تېگىپ تەشتەك ئىككى پارچە بولۇپ ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، تەش-تەكنىڭ ئاستىدىكى زىقچە ئالتۇنلار ئاشكارا بولۇپ قالغان. بۇنى كۆرگەن ئوفېتسىر ھويلىدىكى 30 — 40 گۈل تەشتىكىنىڭ ھەممىسىنى چاقتۇرۇپ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغان ئالتۇن، يامبۇ، يا-چەنلەرنى ئېلىپ كەتكەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى سودىگەرلەر تىجارەتنى يېڭىدىن باشلىغان. پالتاخۇن بايمۇ كوچانىڭ شىيەنچىڭ (ھازىرقى خەلق تىلى بويىچە سۈيەنجىڭ) كوچىسى بىلەن بورا بازىرىدا بىردىن دۇكان ئاچقان. ئۇنىڭ ئوغلى كۆچا بىلەن شاڭخەي ئوتتۇرىسىدا قاتناپ، كوچانىڭ گىلەم، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا توشۇپ، شاڭخەينىڭ ئىلمە توقۇلمىلىرى ۋە كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كەلگەن. بۇ ۋاقىتتا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تاشقى سودا تارماقلىرى كوچادا كەسپىي ئىشلىرىنى تېخى قانات يايدۇرمىغاچقا گىلەملەرنى پالتاخۇن باي سېتىۋالغان. ئوغلى بۇنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ ساتقان. پالتاخۇننىڭ تيەنجىن شەھىرىدىمۇ تىجارەت قىلىدىغان دۇكىنى بار بولۇپ، 1953 - يىلى تيەنجىنگە بىر قېتىمدىلا 2000 پارچە گىلەم ئاپىرىپ ساتقان. بۇ گى-لەملەرنى تاشقى سودا تارماقلىرى ئېكسپورت قىلغان.

يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ تەسىرىدە پالتاخۇن باي كۇچا ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇ-شى ئۈچۈن خىش، كېسەك، ياغاچ، تاش قاتارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى خىراجەت چىقىرىپ تەييارلاپ بەرگەن. 1954 - يىلى پالتاخۇن باي يەنە ئۈرۈمچىدە «ئاممىۋى مېھمان ساراي» سالدۇر-غان. رۇسىيە ئۇسلۇبىدا ئۈچ قەۋەتلىك سېلىنغان بۇ سارايىنى كىشىلەر «پالتاخۇن باينىڭ سارىيى» دەپ ئاتاشقان. بۇ ساراي ئۈرۈمچى «خەلق باغچىسى» نىڭ كەينى ئىشىكىدىكى ئۈچ كوچىنىڭ كېز-ىەك دوقمۇشىغا سېلىنغان ئەڭ كۆركەم قۇرۇلۇش ئىدى. پالتاخۇن باي ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك سەزگۈر ئادەم بولغانلىقتىن 1956 - يىلى باشلامچىلىق بىلەن سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىپ، ھۆكۈ-مەتنىڭ سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلىپ، بارلىق سودىسىنى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچى-لىككە ئۆتكۈزگەن. «مېھمانساراي» نىمۇ ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ ئۆزى بۇ مېھمانسارايىنىڭ بىر خىز-مەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا پالتاخۇن باي چوڭ بۇر-ژۇئازىيە پومېشچىك ئۇنسۇرى دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىندى. ئۇنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي تەئەللۇقاتى قايتا - قايتا ئاختۇرۇلۇپ پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىنغانلىقتىن، قولىدا ھېچ نەرسە قال-

مىغاچقا كېيىنكى ئۆمرى ئىنتايىن غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن. ئاخىر قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە ئۇرۇمچىدە ۋاپات بولغان. كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە پالتاخۇن باي ۋاپات بولغاندا ھەتتا جەسىتىنى يۆگەپ، ئېڭىكىنىڭ تاڭغۇدەكمۇ ماتا چىقمىغاچقا ئۇرۇمچىدىكى كۇچالىقلار يىغىش - قوشاش قىلىپ پارچە - پۇرات ماتا سېتىۋېلىپ جەسىتىنى كېپەنلەپ تەستە دەپنە قىلغان ئىكەن. كۆپكە تونۇلغان شۇ قەدەر كاتتا باينىڭ پەلەكنىڭ تەتۈر قىسمىتىدە «غېرىپ كېپەن» بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى كىشىلەرنى تولىمۇ تەئەججۈپكە سالغان.

**(ئاپتور: كۇچا ناھىيە كۆچىبېرىق ئاھالىلەر رايونى 8 - گۇرۇپپىدىن)**

## مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ تەكلىپ بېرىش، ئەقىل كۆرسىتىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مۇتەخەسسىسنى دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى

خىزمەت ئۇسۇلىنى يېڭىلاپ، مەسلىھەتچىلەر تەتقىقاتچىلارنىڭ مەسلىھەت بېرىش، ئەقىل كۆرسىتىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 2013 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى(تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى)نىڭ تەكلىپى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ پىروفېسسورى شېن جۈنلى «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ شىنجاڭدا ئەمەلىيلىشىشى» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلەپ، مەسلىھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلار ۋە ئورگان كادىرلىرىغا ئاپتونوم رايونلۇق 8 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى ۋە 18 - قۇرۇلتاي ئېچىلغاندىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرى ۋە نىشان، تەلەپلىرى شۇنىڭدەك ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ شىنجاڭدا ئەمەلىيلىشىشىدىكى يارقىن نۇقتىلىرىنى چۈشەندۈردى.

مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلار بۇ لېكسىيە ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ نۇقتىلىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئېنىق ئىگىلەپ، تەكشۈرۈش، تەتقىقات خىزمىتىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، نىشانلىق مەسلىھەت بېرىشتىكى پىكىر يولىنى كېڭەيتىپ، ئىدىيە ئاساسىنى پۇختىلىدى.

# ئاتاقلىق ئۆلىما، تارىخچى، شائىر ئىمىر ھۆسەيىن قازى

ئۇچقۇنچان ئۆمەر

ئىمىر ھۆسەيىن قازى ھاجىم 1900 ـ يىلى (ھىجرىيەنىڭ 1318 ـ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرى قازانچى كوچا مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ۋەتەنپەرۋەر شائىر، ژۇرنالىست قۇتلۇق شەۋقى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ چوڭ بوۋىسى ئابدۇرەھىم بەگ ھاجى قەشقەردىكى كۆپكە تونۇش كىشى بولۇپ ئەينى ۋاقىتتا بەگ بولغانىدى. ئىمىر ھۆسەيىن قازى باشلانغۇچ دىنىي مەلۇماتنى ئائىلىسىدە ئاتىسىدىن ھەم 1907 ـ يىلدىن 1914 ـ يىلىغىچە قەشقەر شەھىرىدىكى قەدىمىي كوچىلارنىڭ بىرى بولغان ئەنجان كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ناتاۋان خەلپىتىم، ناسىرئاخۇن خەلپىتىملەر ئاچقان مەكتەپتە ئالغان. 1914 ـ يىلدىن 1921 ـ يىلىغىچە قەشقەر ھېيتگاھ جامە مەدرىسەسىدە ئوقۇغان. 1922 ـ يىلى دادىسىغا ئەگىشىپ، ھازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيە ئاراباغ مەھەللىسىگە كۆچۈپ چىقىپ شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ھەمدە بۇ جايدىكى ئەمەت ئاخۇن خەلپىتىمدىن سىستېمىلىق بىلىم ئالغان. 1933 ـ يىل 33 يېشىدا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ مەھكىمە شەرئىيىسىگە قازى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئىمىر ھۆسەيىن قازى ھاجىم ئەينى يىللاردىكى قەشقەر ئۆلىما ـ زىيالىيلىرى ئىچىدە، «يېڭىلىق تەرەپدارلىرى» دەپ ھېسابلىنىدىغان كىشىلەر توپى ئىچىدە تۇرغان. 1933 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، قەشقەرنىڭ يېڭى مەدەنىيەت ئىشلىرىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدىغان «يېڭى ھايات گېزىتى» نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. بۇ گېزىتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى قۇتلۇق شەۋقى ئۈستىگە ئالغان. بۇ گېزىت 1934 ـ يىلى 23 ـ ئاۋغۇستتىن باشلاپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت، ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ نەشر ئەفكارى بولغان، قەلەم قۇۋۋىتى كۈچلۈك، مەلۇماتى مول، ئەدەبىي دىتى يۇقىرى ئىمىر ھۆسەيىن قازى ئاتىسى قۇتلۇق شەۋقىنىڭ نەشرىياتچىلىق خىزمەت ـ پائالىيەتلىرىگە ياردەملەشكەن. 1937 ـ يىلى قەشقەردە مەھمۇد شىجاڭنىڭ چەت ئەلگە قېچىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. بۇ ۋەقە قەشقەرنىڭ جۇملىدىن پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكەن. شۇ ۋەقەدىن كېيىن، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئىمىر ھۆسەيىن قازىنى دادىسى بىلەن بىللە قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان. شۇ يىلى قەشقەر تەۋەسىدىكى ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە زىيالىيلار ۋە ئۆلىمالار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قولغا ئېلىنغان.

1937 ـ يىلى 10 ـ ئايلاردا قۇتلۇق شەۋقى تۈرمىدە پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن. ئىمىر ھۆسەيىن قازى ھاجىم 1940 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ، ئەركىنلىككە ئېرىشكەن. 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايلاردا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالانغان. ئۇزاق ئۆتمەي بىرلەشمە ھۆكۈمەت باشلىقلىرىدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭجىجۇڭ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر خەلقچىللىق ۋە دېموكراتىيەنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەن. ئىمىر ھۆسەيىن قازى ئەركىنلىك، يېڭى ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈش، ئادىللىق ۋە ھەققانىيەتكە بولغان ئۈمىد ئىچىدە شەھەر ئاقساقاللىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ داچىسىغا بېرىپ، ئەكسىيەتچى دائىرىلەرنىڭ قەشقەردىكى ئىلغار ئوقۇتقۇچى ـ

زىيالىيلارغا، يېڭىچە مەكتەپلەردىكى ئىلغار مائارىپچىلارغا، خەلق سەنئەتكارلىرىغا قىلغان زىيانكەشلىكى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنى تەسىرلەندۈرگەن.

ئەل ئىچىدىكى ئابرۇيى - ئىناۋىتى يىلسېرى ئۆسكەن ئىمىر ھۈسەيىن قازى قەشقەردىكى بىر قىسىم ئىلغار ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، دىنىي ئۆلىمالار، ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، تاكى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللارغىچە قەشقەرنىڭ مەھكىمە شەرئىيىسىدە قازى بولۇپ ئىشلىگەن. يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن فېئوداللىق قانۇن - تۈزۈم ۋە كونا مەمۇرىي ئاپپاراتلار بىكار قىلىنىپ، قەشقەر قازىخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ۋە كونىشەھەر ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلغان (ئەينى يىللاردا ھازىرقى قەشقەر شەھىرى كونىشەھەر ناھىيەسىگە قارايتتى، قەشقەر شەھىرى ۋە كونىشەھەر ناھىيەسى كېيىن ئايرىم - ئايرىم مەمۇرىي بىرلىك بولۇپ ئايرىلغان). بۇ ئىمىر ھۈسەيىن قازىنىڭ ھاياتىدا دەۋر بۆلگۈچ بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان يىللار بولۇپ قالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا، ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىڭ ئۆمۈر يولى، تۆھپە - سەۋەنلىكلىرى پەرقلەندۈرۈلمەي، دىنىي سىياسەتلەر ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلمەي، ئۇنىڭغا «زومىگەر ئۇنسۇر» قالپىقى كىيدۈرۈلۈپ، بىر مەزگىل رىيازەت چەككەن. ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم كوممۇنىستىك ھاكىمىيەت ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئاساسەن ئائىلە ئىشلىرى ۋە يېنىك تۈردىكى قول سانائەت ئەمگەكلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. لېكىن، ئۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بېشىدىلا، «تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇن»، «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر» دېگەندەك گۇناھلار ئارتىلىپ، قاماققا ئېلىنغان ھەم 14 يىللىق ئۆمرى تۈرمىدە ئۆتكەن. ئۇ بۇ مەزگىلدە يازغان شېئىرلىرىدە بايان قىلغىنىدەك بۇ كۆلپەتلىك كۈنلەردە نۇرغۇن دەرد - ئەلەملەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئۇنىڭ نامى ئاقلىنىپ، سىياسىي ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك ئىلمىي، سىياسىي، دىنىي، جامائەت پائالىيەتلىرىگە تەكلىپ قىلىنىپ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپ ساھەسىدىكى يېڭى خىزمەتلىرىگە قاتناشتى. 1985 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ھەج پائالىيىتى جەريانىدا بەختكە قارشى سەئۇدىي ئەرەبىستاندا ۋاپات بولدى.

ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغانىدى. ئۇ شېئىر ئىجادىيىتىدىن باشقا، يەنە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر داستانچىلىقى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر يەر - جاي ناملىرى تەزكىرىچىلىكى بىلەنمۇ قىزغىن شۇغۇللانغانىدى. ئۇ قەشقەر شەھىرى، كونىشەھەر (توققۇزاق)، يېڭى شەھەر، يەكەن ناھىيەلىرىدە يۈرگەن مەزگىلدە، ئاۋام خەلقنىڭ تۈرلۈك مەرىكە پائالىيەتلىرى، خەتمە قۇرئان، مەۋلۇت قاتارلىق دىنىي مۇراسىملىرىدا ئۆزىنىڭ يېتىلگەن دىنىي ئۆلىماغا خاس رولىنى جارى قىلىپ، تۈرلۈك مەزمۇنلاردا تەبلىغ قىلغاندىن باشقا، ئاۋام پۇقرالار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە يەنە فولكلور مەدەنىيىتىگە ئەھمىيەت بەرگەنىدى. ئۇ خەلق ئارىسىدىكى ئەپسانە - رىۋايەت، تۈرلۈك تەركىزىلەرنى توپلىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا ۋەقە مەنبەسى قىلغان. مۇشۇ ئاساستا قەشقەر يېڭىشەھەر

ناھىيەسى يامانيار يېزىسىنىڭ سۇبھانەئاللا كەنتىدە يۈز بەرگەن مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلانغان «رابىيە ــ سەئىدىن» داستانىنى، ئاتۇش مەشھەتتىكى شاۋازقارى بىلەن گۈلخۇمارنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «گۈلخۇمار» داستانىنى، خوتەن قارىقاشتا يۈز بەرگەن قەمەرنىسا بىلەن تۇرسۇنباقىنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى بايان قىلىنغان «قەمەرنىسا» داستانىنى، كورلا باشئەگىمدە يۈز بەرگەن، خەلق ئارىسىدا داڭ چىقارغان «تاھىر ــ زۆھرە» داستانىنى، يەنە «مېھرى سەھرا بىلەن چىغاندا باتۇر» داستانىنى، يەكەن ناھىيە ئىشقۇل يېزىسىدىكى نۇر ئەبىزخېنىم بىلەن بەختىيارنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلانغان «نۇر ئەبىز خېنىم بىلەن بەختىيار باتۇر» داستانى قاتارلىق 20 مىڭ مىسرادىن تەشكىل تاپقان بەش خەلق داستانىنى قايتىدىن تولۇقلاپ يېزىپ چىققان. ئۆكۈنەرلىك يېرى شۇكى بۇ ئەسەرلەر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئىسيانچىلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا تارىخىي تېمىلارغا بېغىشلانغان نەسر ۋە نەزمە ئارىلاش شەكىللەردە يېزىلغان ئەسەرلىرىدىن، ئەينى يىللاردىكى قەشقەر ھۆكۈمدارى ماتتەيىنىڭ قىلمىش ــ ئەتمىشلىرى پاش قىلىنغان «ماتتەيىنىڭ بەدخالىقى»، «پەيزاۋاتلىق توختى مانجۇ ۋەقەسى» (تارىخىي داستان)، «غالچا بەدەخشى سىرتقى بۇلاڭچى» (بۇ تارىخىي داستان بولۇپ كانجۇتلۇقلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قارىتا ئېلىپ بارغان مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى ۋە سىڭىپ كىرىشى بايان قىلىنغان) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىر تۈركۈم ئەسەرلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر ۋالىيسى ئىمنوف ھامۇت، قاسىمجان قەمبەرى، مامۇتوف قۇربان، ئەيسا شاكىرلارنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش، مۇھاپىزەت قىلىش ئورنىدىكى مەرھۇم مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق، تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم سابىت، ئابدۇرېھىمجان قاتارلىقلارنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق ئالىم ھايات ۋاقتىدىلا لىنتىغا ئېلىنىپ خاتىرىلىنىپ قايتا رەتلەنگەن، ھەمدە ئەينى يىللاردا ۋاپات بولۇپ كەتكەن بىر قىسىم شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن تۈزۈلگەن «سامان يولى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدا ئېلان قىلىنىپ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. يەنە بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئىلگىرى ــ ئاخىر بولۇپ «جەنۇبىي تيانشان گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» قاتارلىق گېزىت ــ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئاتىسى يېزىپ تېخى تاماملىيالمىغان تەۋەررۇك كىتاب «ۋەقئەيى كاشغەر»نىڭ ئاخىرقى قىسمىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش، قايتا تولۇقلاش، رەتلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ ئەسەر ئۈچ چوڭ جىلت، 105 چوڭ ماۋزۇدىن تەشكىل تاپقان يىرىك تارىخىي ئەسەر.

ئىمىر ھۇسەيىن قازى ھاجىمنىڭ يەنە بىر تۆھپىسى شۇكى، ئۇ ئاتا ــ بوۋىلىرىدىن تارتىپ ساقلاپ كەلگەن، قەشقەردە ئۆتكەن موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرىپىدىن ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام مازىرىغا مۇتلەق ۋەخپە قىلىنغان تارىخى تەۋلىيە خەتنى تېپىپ چىقىپ، «ھەزرىتى موللا مازىرى»نىڭ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكىنى دەلىللىگەنلىكىدۇر. ئىمىر ھۇسەيىن قازى ھاجىم بۇنىڭدىن باشقا يەنە 1980 ــ يىللاردا «قەلىمى قۇرئان»، «بەھرىل ئەنساب» قاتارلىق ماتېرىياللارنى تېپىپ كېلىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماق ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۇغۇلغان ئورۇن ــ جاي، تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ۋاقتى، مەقبەرىسىنىڭ نۇسخا ــ لايىھەسى، جۇغراپىيەلىك ئورنى، ھەجمى، كۆلىمى قاتارلىقلارنى ئېنىقلاپ بېكىتىشتە زور خىزمەت كۆرسەتكەن. خەلق بۇ تۆھپىكار زاتنىڭ تۆھپە ۋە ئەمگەكلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ.

**(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ــ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پېنسيونېرى)**

**(تەھرىرلىگۈچى: يالقۇن روزى)**

# ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادەتلىرىدىكى رايون خاسلىقى ھەققىدە

ھەسەنجان ئابلىز

ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرى ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي مۇساپىلەردە، تەبىئىي جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىك ۋە كۆپ مەنبەلىك ئىجتىمائىي مۇھىت تەسىرىدىن، رايون ئالاھىدىلىكى روشەن، پاسون - نۇسخىلىرى كۆپ خىل، رەڭ ئالاھىدىلىكى ئۆزگىچە، كىيىنىش ئادەتلىرى مۇقىم، كىيىنىش ئۇسلۇبلىرى يارىشىملىق كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ كەلگەن. ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىدە، ئۇلارنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى جىنس، ياش، پەسىل، مۇراسىم ئېھتىياجلىرىغا ئاساسەن پەرقلەندۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ خىل ئورتاقلىق ئىچىدە يەنە ئۆزگىچە رايون خاسلىقلىرىنىمۇ شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرىدىكى رايون خاسلىقى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادەتلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئايرىلماس بىر مۇھىم قىسىم سۈپىتىدە، ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ ئېستېتىكىلىق قارىشى ۋە مىللىي پىسخىكا ئەندىزىسىدىن ئۇچۇر بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن دەۋر ئۇچۇرلىرى، ئىجتىمائىي ئاڭ قىممەتلىرىنىمۇ چۈشىنىشتىكى مۇھىم كۆزنەكلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادەتلىرى ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ - زىننەت مەدەنىيىتى ئىچىدىكى بىر مۇھىم تۈر سۈپىتىدە، خاس ھالدا ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ۋە ھەر قايسى ئىجتىمائىي قاتلاملاردىكى ھەر خىل ئىجتىمائىي ئېھتىياجلارغا ماسلاشتۇرۇپ كىيىلگەن نىسپىي مۇقىم كىيىنىش ئۇسلۇبلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادەتلىرىدىكى جىنس، ياش، پەسىل ۋە مۇراسىم پەرقلىرىگە كۆرە، ئۇلارنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرىدىكى رايون خاسلىقى ئۆزگىچە مۇھىم نۇقتا سۈپىتىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرىدە جىنس، ياش، پەسىل ۋە مۇراسىم ئېھتىياجلىرىغا ئاساسەن پەرقلەندۈرۈلگەن كىيىنىش ئادەتلىرى بولغان بولسىمۇ، ئەمما بىر مىللەت دائىرىسى، بىر مىللىي تېررىتورىيە تەۋەلىكىدىكى كىشىلەرنىڭ رايون پەرقى كۈچلۈك كىيىنىش ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرۈشى شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ كىيىم - كېچەك ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مىللىي پىسخىكىسىدىكى رايون خاسلىقى ۋە مىللىي ئورتاقلىقىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئاچقۇچ ھېسابلىنىدۇ. شۇ مەنىدىن، ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋىي كىيىنىش ئادەتلىرىدىكى رايون خاسلىقى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ خانىم - قىزلار كىيىنىش قاتلىمىدىكى يارقىن مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مەدەنىيەت تۈسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرىدىكى رايون خاسلىقى دائىرىسى ئىچىگە ئۇلارنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرىدىكى جىنس، ياش، پەسىل ۋە مۇراسىم پەرقلىرى يۇغۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىك بويىچە قەشقەر،

خوتەننى چۆرىدىگەن جەنۇبىي شىنجاڭ، قومۇل، تۇرپاننى چۆرىدىگەن شەرقىي شىنجاڭ ۋە غۇلجا، چۆچەكنى چۆرىدىگەن شىمالىي شىنجاڭدىن ئىبارەت ئۈچ رايوننىڭ كىيىنىش ئادەتلىرىدىكى رايون خاسلىقىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادەتلىرىدىكى ئورتاقلىق، پەرقلەر ۋە ئۇلارنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرىنى يۇقىرىقى ئۈچ رايون دائىرىسى بويىچە تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىلاردىن كۆزىتىشكە بولىدۇ:

**1. قەشقەر، خوتەننى چۆرىدىگەن جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادەتلىرى**

1) خوتەن خانىم - قىزلىرىنىڭ كىيىنىش ئالاھىدىلىكى:

خوتەننىڭ كېرىيە، چىرا، نىيە ۋە چەرچەن تەرەپلەردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى ئومۇمەن بېشىغا ئاق رەڭدىكى داكا ياكى گىرىپ رومال ئارتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. رومالنىڭ ئۈستىدىن كىچىك تەلپەكنى سەل ئوڭ ياكى سەل سول تەرەپكە قىيپاش قىلىپ كىيىۋالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە، كېرىيە ئاياللىرى بىر قەدەر تىپىكلىكنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، تۆۋەندە شۇلارنىڭ كىيىملىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

مەلۇمكى، تەلپەك ئۇيغۇرلارنىڭ خىلمۇخىل باش كىيىملىرى ئىچىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان رايون خاراكتېرلىك بىر خىل قول ھۈنەر سەنئەت بۇيۇمى. كېرىيە ئۇيغۇرلىرى پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەندىن سىرت، يەنە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆزگىچە كىيىنىش ئادەتلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەل-مەكتە. بۇنىڭ ئىچىدە «كېرىيە ئاياللىرىنىڭ پەرەنجىسى ۋە تەلپىكى» ھەممىدىن تىپىك كۆرۈنۈشكە ئىگە.

كېرىيە ئاياللىرى ئاق ياغلىقنىڭ ئۈستىگە تەلپەكتىن بىرنى قوندۇرىۋالىدۇ. كېرىيە ئاياللىرى بۇ تەلپەكنى جۇۋان تويىدىن كېيىن كىيىشكە باشلايدۇ. كىچىك تەلپەكنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، شەكىل جەھەتتىن دۇۋەت (كىچىك شىشە) گە ئوخشىغاچقا، يەرلىكتە دۇۋەت تەلپەك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىلگىرى تەلپەك قوزا كۆپىسىدىن تىكىلىدىغان بولۇپ، كېيىنچە، ھايۋانلارنىڭ تېرىسىگە يۇڭدىن ئېگىرىلگەن يىپ ئارقىلىق نەپىس تىكىلىدىغان بولغان. ئۇ تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئاساسىي قىسىم، ئىچكى قىسىم ۋە ئۈستىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تۈزىلىدۇ. ئاساسىي قىسمى ئىلگىرى يېڭى تۇغۇلغان قارا قوزا تېرىسىدىن تىكىلگەن بولسا، ھازىر رەختكە يۇڭنى توقۇش ئارقىلىق تىكىلىش كۆپ ئومۇملاشتى. توي - تۆكۈنلەردە توي قىلغۇچى قىز - يىگىتنىڭ ئانىسى ۋە ئوتتۇرا ياشلىق بىر تۇققانلىرى، يېقىن تۇققانلىرى كۆك، سېرىق، يېشىل، رەڭلىك خاڭدەندىن ياكى تەتىللادىن قۇراشتۇرۇپ تىكىلگەن كىچىك تەلپىكنى كىيىشىدۇ. ئۆلۈم - يېتىملەردە ئۈستىگە ئاق رەخت چۇشۇرۇپ تىكىلگەن كىچىك تەلپىكنى كىيىشىدۇ.

تەلپەكنى ئادەتتە ئۇزۇن ئىزما ياقىلىق پەرىجە بىلەن بىللە كىيىدىغان بولۇپ بۇخىل كىيىنىش ئادىتى خوتەن خانىم - قىزلىرىنىڭ كىيىنىش ئادىتىدىكى خاسلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ جايلاردا ئاياللارنىڭ توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، ھېيت - ئايەملەردە كىيىدىغان ئاي-رىمم پەرىجە تۈرى بولۇپ، خوتەن شەرقىي ئۈچ ناھىيە تىلىدا ?ئېگىن? دەپ ئاتىلىدۇ. پەرىجە - ئا-ساسەن قارا رەڭلىك خاڭدەن، تاۋار، دۇخاۋا، دۇردۇن، مەخمەل قاتارلىق رەختلەردىن تىكىلىدۇ. ياقا قىسمى مەخسۇس يىپەكتىن توقۇلغان ئىزما بىلەن ئىشلىنىدۇ. ئوڭ - سول ئىككى ياقا قىسمىغا كۆكرەك دائىرىسىگىچە كۆك رەڭلىك يىپەكتىن كۆكرەك ئىچكى قىسمىغا يانتۇ شەكىلدە يەتتە تال-

دىن جىيەك چىقىرىلىدۇ. بۇ خىل جىيەك ئوڭ ـ سولدا يەتتە تالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئىلگىرى كىچىك تەلپەك جۇۋان تويى مۇراسىمىدا پەرىجە بىلەن تەڭ كىيىلىدىغان بولۇپ، ئۇ جۇۋانلىقنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى. ھازىر ياشانغان ئاياللار ئاق ياغلىقنى ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە قاتلاپ قويۇپ بېرىپ، ئۈستىگە كىچىك تەلپەك كىيىشكە ئادەتلەندى.

2) قەشقەر رايوندىكى خانىم ـ قىزلارنىڭ كىيىنىش ئالاھىدىكى:

قەشقەر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادەتلىرى ئاساسەن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان نىسپىي تۇراقلاشقان كىيىنىش ئادەتلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ. قەشقەرنىڭ 20 ـ ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىدىكى كىيىنىش ئادەتلىرى ھەققىدە چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ مەلۇماتلىرى بىزنى بۇ ھەقتە مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

شىۋېتسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى گۇننار ياررىڭنىڭ ئەسەرلىرىدە قەشقەر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى ھەققىدە تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ: «ئاياللار ئاۋۋال ئالتۇن زىرە، ئالتۇن تاج، ئەتلەس كۆڭلەك، تاۋار ۋە دۇخاۋا، مەشۇت، چەكمەندىن كۆڭلەك، تامبال كىيىدۇ. قايسى خىل رەختتىن كۆڭلەك كىيسە، شۇنىڭدا تامبال كىيىدۇ. كۆڭلەكنى تولىمۇ ئۇزۇن يەردە سۆرۈلۈپ يۈرگۈدەك كىيىدۇ. ھەممىنىڭ ئۈستىگە ھىندىستان ئاغەبانۇسىدىن، يەنى ئاق ئاغەبانۇدىن ئاق پەرىجە دەيدىغان ئۇزۇن، يەڭلىرى تار پەرىجىنى كىيىدۇ. لېكىن يەڭلىرىنى سالپايدۇ. يۈزىگە چۈمبەل تارتىدۇ. لېكىن يەكەن، خوتەننىڭ خوتۇنلىرى ئاق پەرىجە ئىشلەتمەيدۇ، ئۇلار ئاق پەرىجە ئورنىغا باشلىرىغا لېچەك سالىدۇ. ھىندىستاندىكىسىدىن تۆت چاسا كەلگەن بىر ياغلىقلىق ئېلىپ، ئۇنى بېشىدىن تارتىپ تاكى تاپىنىغا يەتكۈدەك ئۇزۇن قىلىپ ئارتىدۇ... تۇماق، تەلپەككە كەمچەت بىلەن قامىنى ئىشلىتىپ گۈمبەز شەكىللىك قىلىپ تىككۈزۈپ كىيەتتى. ئۇ ئېغىر بولاتتى. دوپپا ۋە بۆكنىمۇ گۈمبەز شەكىللىك قىلىپ تاۋاردىن ياكى كىمخاپتىن تىككۈزۈپ كىيەتتى. ئەمدىلىكتە بېشىغا ‹فەسىر دەربە›، دەپ ئاتىلىدىغان سەمەرقەند دوپپىسىنى كىيىپ، ئۇنىڭغا ئالتۇن قاداق بېكىتىدۇ، ياكى بولمىسا قارا قىزىل مەشۇت يىپ بىلەن تىكىلگەن دوپپىلارنى كىيىدۇ. جۇۋانلار بېشىغا ئاق پەرىجە ئارتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىيىدىغان دوپپىسى بار ئىدى. قاتتىق سوپۇنغا ئوخشاش ئۇزۇن بىر نەرسىنى بېشىغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئاق پەرىجە ئارتاتتى. ھازىر ئۇنداق نەرسىلەر قالمىدى. ھازىر ئاق پەرىجە ئۈستىگە تۇماق ياكى دوپپا كىيىدۇ.»[1]

يوقىرىقى مەلۇماتتىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، قەشقەر رايوندىكى ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرىدە ئالتۇن زىرە، ئالتۇن تاج، ئەتلەس كۆڭلەك، تاۋار ۋە دۇخاۋا، مەشۇت، چەكمەندىن كۆڭلەك ۋە تامبال كىيىپ، ئاندىن ئۈستىگە ئاق پەرىجە ياكى لېچەك ئارتىش ئادىتىنىڭ تېپىكرەك ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

**2. تۇرپان، قومۇل رايونىنى چۆرىدىگەن شەرقىي شىنجاڭ ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى**

1) تۇرپان خانىم ـ قىزلىرىنىڭ كىيىنىش ئالاھىدىلىكى:

تۇرپان رايوندىكى خانىم ـ قىزلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە ئوچۇق رەڭلىك دۇخاۋا، شىپىلىڭ دۇخاۋا، گىرىپ... قاتارلىق رەختلەردىن ھەرخىل پاسوندىكى كىيىملەرنى كىيىش بىر قەدەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بېشىغا قىز ـ ئاياللار يېشىغا ماسلاشتۇرۇلغان ھەرخىل ياغلىقلارنى چىگىشىدۇ. ياشانغان ئاياللار بېشىغا دوپپا كىيىپ ئۈستىگە ئاق رەڭلىك داكا ياغلىق سېلىپ كالاچ كىيىپ يۈرىشىدۇ.

تۇرپان كىيىم ـ كېچەكلىرى ئىچىدە، تۇرپان دوپپىلىرى رايون خاسلىقىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بې-
رىدىغان ئالاھىدە تۈر سۈپىتىدە، تۇرپان خانىم ـ قىزلىرىنىڭ تۇرپاننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى-
غا ماسلاشقان ھالىتىدىكى ئېستېتىك پرىنسىپلىرى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ھەر خىل گۈللۈك
دوپپىلار تۇرپان خانىم ـ قىزلىرى كىيىنىش ئادەتلىرىدىكى رايون ئورتاقلىقىنى شەكىللەندۇرگەن
يادرولۇق فولكلور ئېلېمېنت ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندە تۇرپان رايونىدىكى رايون ناملىرى بىلەن ئاتالغان
دوپپا تۈرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز



زەر دوپپا ــ بۇ دوپپىنىڭ ئاساسىي
شەكلى ئۈنچە دوپپىغا ئوخشايدۇ. تېگىمۇ
ئومۇمەن توق قارا، توق قىزىل، توق يې-
شىل رەڭلەردە بولىدۇ. گۈللىرى چېچەك
ۋە گۈل بەرگىنى ئاساس قىلىدۇ. گۈل شە-
كىللىرى زەر يىپ (كالۋۇتۇن يىپ) بىلەن
تىكىلگەچكە پارقىراپ، يالتىراپ تۇرىدۇ.
بۇ دوپپىنى ئاساسەن يېشى چوڭراق ئاياللار
كىيىدۇ.

داكا سالغاندا كىيسە داكىنىڭ زەرگە چاپ-
لىشىپ ئاسان چۇشۇپ كەتمەسلىكىگە كاپا-
لەتلىك قىلىدۇ.

ئۈنچە دوپپا ــ بۇ خىل دوپپىنىڭ ئا-
ساسىي شەكلى ماپىۇ دوپپىسىغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، بىراق ئۈستىدىكى تۆت قىرى ئانچە ئېنىق
بولماستىن، ئومۇمەن يۇملاقراق كېلىدۇ. ئۇنىڭ تېگى رەڭگى ھەرخىل بولۇپ، جىگەررەڭ، يېشىل
رەڭ، قېنىق سۆسۈنرەڭ ۋە كۆك رەڭلەردە بولىدۇ. تۇرپان رايونىدا بۇخىل دوپپىنى ئوتتۇرايashلىق،
ياشانغان ئاياللار ۋە قىزلار كىيىدۇ.

گىلەم دوپپا ــ بۇ تۆت تالالىق قاتۇرما دوپپا بولۇپ، قىزىل خەسە تەگلىك قىلىنىدۇ. ئۈستىگە
بىر قىسىم يىپى سۇغۇرۇلۇپ ئۇششاق كاتەكچە ھاسىل قىلىنغان ئاق خەسىدىن ئەندىزە قويۇلۇپ،
زىلچە ـ گىلەمگە تىۋىت چەككەندەك تىك، توغرا، قىيپاش قاتارلارغا سەكرىتىپ كەشتە تىكىلىدۇ.
گۈللىرىدە گېئومېترىيىلىك شەكىللەر ئاساس قىلىنىدۇ. بۇ خىل دوپپىنى تۇرپان رايونىدا ئوت-
تۇرا ياشلىق ئاياللار مەرىكىلەردە، ياش قىزلار ئادەتتە ۋە توي ـ تۆكۈنلەردە كىيىشىدۇ. رەڭلىرى
ئوچۇق بولغانلىقتىن مەرىكىلەردە كىيىشكە تولىمۇ ماس كېلىدۇ.

چەشمە دوپپا ــ تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىغا خاس بولغان ئالاھىدە تۈر بولۇپ، شۇ جاينىڭ ئۆ-
زىدە «چاچما دوپپا» دېيىلىدۇ. بۇ خىل دوپپىنىڭ تۇرپان رايونىدىكى گۈل نۇسخىلىرى قىزىلگۈل،
مودەنگۈل قاتارلىقلارنىڭ گۈل ـ يوپۇرماق شەكىللىرىنى ئاساس قىلىدۇ. ھەر خىل ئوچۇق، توق
رەڭلىك يىپلاردىن كەشتىلىنىدۇ. گۈللىرى چوڭ، گۈللەر سىرتىدىكى تەگلىك رەڭ قىسمى ناھايى-
تى ئاز بولۇپ، گۈللىرى تەگلىك رەڭ ئۈستىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئاسان كۆزگە چېلىقىدۇ.
چاچما نۇسخا دوپپىلارنىڭ گۈللىرى گۈللۈك باغ مەنزىرىسىنى ئىپادىلەيدۇ. گۆش رەڭ، ھال رەڭ،
كۆك، يېشىل رەڭلىك رەختلەرنى تەگلىك قىلىپ تىكىلىدىغان نۇسخىلىرى بار. بۇ خىل دوپپىنى
ئەر ـ ئاياللار رەڭگىگە ئاساسەن ماس كەلگىنىنى تاللاپ كىيىدۇ.



2) قۇمۇل خانىم ـ قىزلىرىنىڭ كىيىنىش ئالاھىدىلىكى:

قۇمۇل خانىم ـ قىزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادەتلىرىدە، بىر نەچچە يادرولۇق فولكلور ئېلېمېنتلىرى بولۇپ، ئۇلارنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

(1) ئۆرە بۆك ــ گۈللىرىنىڭ ھەممىسى كالاۋۇتون يىپتىن چەشمە تىكىلىدىغان ئايالچە بۆك. ئالدىغا ئالتۇن ياكى كۆمۈشتىن سەگىنچە ئورنىتىلىدۇ، تۆپىسى چوڭراق.

(2) چەشمە دوپپا ــ كېزەك ۋە تۆپە قىسمىدا چەشمە تىكىلىدىغان ئەر ـ ئاياللار باش كىيىمى بولۇپ، گۈل نۇسخىلىرىغا قاراپ، جىنس پەرقىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئاياللار دوپپىسىنىڭ ئالدىغا ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن موخازا تاقىلىدۇ. (خەنزۇچە «毛花子»دىن كەلگەن بولۇپ، بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەردىن گۈل شەكلىدە ياسالغان دوپپا بېزەكنى كۆرسىتىدۇ. موخازىنىڭ بەزىلىرىگە كۆز ئورنىتىلىدۇ. بەزىلىرى كۆزسىز بولىدۇ) ئوتتۇرىسى تېشىلگەن قاشتېشىدىن يىپەك يىپ ئۆتكۈزۈپ پۆپۈك ياسىلىدۇ ۋە موخازىنىڭ يېنىغا يەنى دوپپىنىڭ چېكە تەرىپىگە قادىلىدۇ.

(3) يىگويەن چاپان ــ چەشمە تىكىلىدىغان ئۇزۇن چاپان بولۇپ، ئاياللارنىڭ خاس كىيىملىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**3. شىمالىي شىنجاڭ خانىم ـ قىزلىرىنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى**

غۇلجا خانىم ـ قىزلىرىنىڭ كىيىنىش ئالاھىدىلىكى: غۇلجا خانىم ـ قىزلىرى ياش پەرقىگە خاس كىيىنىش ـ ياسىنىش ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. ياش قىزلار ياغلىقنىڭ ئۇچىنى قۇلاق تەرەپكە كەلتۈرۈپ چېگىدۇ، كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە جىلىتكە كىيىپ، ئۇزۇن ئىشتانلارنى كىيمەيدۇ. ياغلىق، كۆڭلەك ۋە جىلىتكا رەڭگىلىرى ئوچۇق، گۈللۈك ۋە رەڭدار بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ياشقا چوڭراقلىرى كۆڭلەكنى ئۇزۇن كىيىپ، ياغلىقنى ياندىن چېگىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، كۆڭلەك رەڭگى ۋە ياغلىق رەڭگىنىڭ بەك ئوچۇق رەڭلەردە، ھەررەڭ ـ سەررەڭ بولۇشىنى خالىمايدۇ. بەزىدە يەنە ئەھۋالغا قاراپ چاچلىرىنى نەچچە تۇم ئۆرۈپ، بېشىغا يېشىل رەڭلىك سەدەپ دوپپا كىيىپ، قاش ئالتۇن ھالقا ۋە قاش ئالتۇن ئۈزۈك تاقاپ، ئۈستىگە ئۇششاق كۆك رەڭلىك گۈل نۇسخىسىدىكى قىزىل كۆڭلەك ۋە كۆك رەڭلىك جىلىتكا كىيىپ، ئاستىغا پەس پاشنىلىق ئۈچى سەل ئەگرى ئاياغلارنى كىيىپ يۈرۈشكىمۇ ئادەتلەنگەن.

ئىلى دېھقان قىزلىرىنىڭ كۈز ۋە قىش پەسىللىرىدىكى كىيىنىش ئادەتلىرىدە يەنە بېشىغا تۆپىلىكى بار ھەم چۆرىسىگە قاما ياكى سۆسەر تېرىلىك تۇماق، قۇلىقىغا قىزىل قاش ئالتۇن ھالقا، ئۈستىگە يۇمىلاق ياقىلىق، ئالدىدىن ئېتىلىدىغان، قارا رەڭلىك دۇخاۋىدىن پەش ۋە يەڭلىك بېرىلگەن جوزە رەڭلىك يانچۇقسىز كالتە چاپان، ئۇڭ يان پەش قىسقا ئايرىلغان شەكىلدە قارا رەڭلىك جىيەك تۇتۇلغان كوپتا ئىچىگە قارا جىيەك تۇتۇلغان ئىشتان، ئاستىغا جوزە رەڭلىك ئۈچى سەل ئەگرى پاشنىسىز ئاياغ كىيگەن كىيىنىش ئادەتلىرىمۇ بار بولۇپ، يايلاق تۇرمۇشىغا ماسلاشقان مۇھىتتا شەكىللەنگەن كىيىنىش ئادەتلىرىدىن بىرى بولغان.

ئىلى ئاياللىرى بالا ـ چاقىلىق بولۇپ ياشقا چوڭايغانسېرى، يېشىل رەڭلىك سەدەپ دوپپا ئۈس-

تىگە ئاق رەڭلىك داكا ياغلىقنى ئارتىپ، ئۇستىگە سۇس يېشىل رەڭلىك سىدام بىر يانچۇقلۇق چاپان، ئىچىگە سۇس توخۇك رەڭلىك پۇرمىلىك كۆڭلەك، ئاستىغا تاق تىللىق نۇسخىسىدىكى پاشنىسى بار قونجىلىق ئۆتۈك كىيىشكە ئادەتلەنگەن.



ئىلى خانىم ـ قىزلىرىنىڭ كىيىنىش شەكلى

**ئىزاھاتلار:**

①تۇرسۇن مۇھەممەد ساۋۇت: «گۈنـنار يارىلىك ۋە ‹ئـۇيغۇر كـيـىم ـ كېـچەكلـىرى› ھەققىدە»، «مىراس ژۇرنىلى 2001 ـ يىللىق 2 ـ سان.


**پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:**

1. ئابدۇكېرىم راخمان، «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىل 7ـ ئاي

2. ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا، «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى 4ـ ئاي

3. ئابدۇكېرىم راخمان، «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي

4. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 8 ـ ئاي.

5. لى شىئاۋ بىڭ: ‹جۇڭگو غەربىي يۇرت مىللەتلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدىنىيىتى›، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى،

6. قەمبەرنىسا مۇھەممەت ھاجى، گۈلزەپەرمۇھەممەت: «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت مەدەنىيىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2000 ـ يىلى 1 ـ سان

7. تۇرسۇن مۇھەممەد ساۋۇت: «گۈنار ياررىڭ ۋە ‹ئۇيغۇر كىيىم - كېچەكلىرى› ھەققىدە»، «مىراس ژۇرنىلى 2001 - يىللىق 2 - سان
8. مۇنەۋۋەر ئابلىز: «قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىدا كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ - زىننەت مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2004 - يىلى 3 - سان

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا)
(تەھرىرلىگۈچى: ئوسمان ئىسمائىل)

## جاڭ شياۋنىڭ شۇجى «جۇڭخۇا مەدەنىيىتى جاھان سەيلىسى — گۇيجوغا سەپەر» پائالىيىتىگە قاتناشتى

مەركىزىي تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىن جاڭ شياۋنىڭ شۇجى قاتارلىق ئۈچ كىشى 2013 - يىلى 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن باشلاپ «جۇڭخۇا مەدەنىيىتى جاھان سەيلىسى — گۇيجوغا سەپەر» پائالىيىتىگە قاتناشتى. 9 كۈن داۋاملاشقان بۇ قېتىمقى پائالىيەت ھۆكۈمەت تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مەدەنىيەتتىكى قۇدرەتلىك دۆلەت بەرپا قىلىش ئىستىراتېگىيەسىدىكى ئۆزگىچە رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلىم تەتقىقاتى ۋە سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى ئاكتىپلىقىنى يەنىمۇ قوزغاپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىشقا تۆھپە قوشۇشنى مەقسەت قىلغان. بۇ قېتىمقى پائالىيەت تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن تېخىمۇ ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئاممىغا ۋە تۇرمۇشقا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇشقا پايدىلىق. بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، مەركىزىي تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى بىلەن گۇيجو ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە باشقۇرۇپ، گۇيجو ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، گۇيجو ئۆلكىلىك تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى بىلەن گۇيجو ئۆلكىسى چيەندۇڭنەن ئوبلاستى ئويۇشتۇرغان. پائالىيەت مەدەنىيەت لېكسىيەسى، نادىر رەسىم - خەت كۆرگەزمىسى، رەسساملىق، خەتتاتلىق ئالماشتۇرۇش، سەنئەت بويىچە دوستلۇق ئورنىتىش، شېئىر - بېيىت دېكلاماتسىيە قىلىش، ئىجادىيەت بويىچە ئىزنا ئېلىش شۇنىڭدەك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتەك ئالتە تۈردىن تەركىب تاپقان.

بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە قاتنىشىش ئارقىلىق پائالىيەت ئويۇشتۇرۇشنىڭ كونكرېت ھالقىلىرىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا «جۇڭخۇا مەدەنىيىتى جاھان سەيلىسى — شىنجاڭغا سەپەر» پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىۋالدۇق.

# دىيارىمىزنىڭ قەدىمكى ئويۇنلىرى

گۈلمېھرى ئەلى پاشا

شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، تۈرى كۆپ بولۇپ، بۇ ئويۇنلار قەدىمدىن ھازىرغىچە خەلقىمىزنىڭ تەن - ساغلاملىقىنى كۈچەيتىش، مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش، ئەۋلاد تەربىيەلەش، تەن ساپاسىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

يازما يادىكارلىقلار ۋە ئارخېئولوگىيەلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشلەردە تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئاساسلانغاندا، دىيارىمىزنىڭ قەدىمكى ئويۇنلىرى — تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن مەشھۇر، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قېلىپ، خەلقىمىزنىڭ ساغلاملىقىنى كۈچەيتىش، مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. تۆۋەندە مەن يازما يادىكارلىقلاردىكى مەلۇماتلار ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ئاساسىدا، دىيارىمىزنىڭ قەدىمكى ئويۇنلىرى — چەۋگەن ئويۇنى، چېلىشىش ھەرىكىتى (ئويۇنى)، شىر ئويۇنى، خادا ئويۇنى ۋە موللاق ئېتىش ئويۇنلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرماقچىمەن.

**1. چەۋگەن (دەغنەك) ئويۇنى**

«چەۋگەن» ئويۇنى — ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇچى ئەگرى تاياقچە بىلەن يەردىكى شىمشىر ياغاچ توپنى ھەيدەپ (سۈرۈپ)، بەلگىلەنگەن ئارىلىقتىن ئۆتكۈزۈش تەلەپ قىلىنىدىغان بىر خىل قەدىمىي تەنتەربىيە تۈرى بولۇپ، «گوي - چەۋگەن» ئويۇنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

«گوي - چەۋگەن» دىكى «گوي» سۆزى «چەۋگەن» ئويۇنىدا ئوتتۇرىغا تاشلاپ ئوينىلىدىغان كىچىككىنە شىمشىر ياغاچ توپنى؛ «چەۋگەن» سۆزى ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، توپ — «گوي» نى توختىتىۋېلىش ياكى ئۇنى ئۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئەگرى ئۇزۇن تاياقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تاياق تۈركلەردە «دەغنەك» دەپ ئاتالغان، «چەۋگەن» سۆزىنىڭ مەنە دائىرىسى بارا - بارا كېڭىيىپ، «گوي - چەۋگەن» ئويۇنىنىڭ ئومۇمىي نامىغا ئايلانغان.

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە يازما تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا چەۋگەن ئويۇنىنىڭ شىنجاڭدا خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ تەزكىرە ئىشخانىسى 1987 - يىلى نەشر قىلغان «شىنجاڭ تەنتەربىيەسى ماتېرىياللىرى» (2 - سان) ناملىق ژۇرنالغا بېسىلغان قۇدرەت ئابلىمىتنىڭ ماقالىسىدا، 1970 - يىلى تۇرپان ئاستانىنىڭ قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن 7 - ئەسىرگە مەنسۇپ بولغان، چەۋگەنچىنىڭ ئوڭ قولىغا چەۋگەن ئېلىپ، ئاتلىق چېپىپ كېلىۋاتقان ھالەتتىكى لاي ھەيكىلى تېپىلغانلىقى، 11 - ئەسىرلەردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدا چەۋگەن ئويۇنى ئويناش دائىملىق تەنتەربىيە پائالىيىتى بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق داستانىدا ئۇچۇر بەرگەنلىكى شۇنداقلا مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە چەۋگەن ئويۇنى ھەققىدە كۆپ قېتىم ئىزاھ بەرگەنلىكى قەيت قى-

لىنغان.

چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر يېزىقى ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتچىسى مۇھەممەد تۇردى مىرزەخمەتنىڭ ئىزدىنىشى ۋە تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر شائىرى ئاتائىنىڭ شېئىرلىرىدا «چەۋگەن» ئويۇنى كۆپ قېتىم مىسالغا ئېلىنغان. مەسىلەن: بىر غەزىلىدە:

گويدەك بولدى ئاتائى ھەرتەرەف سەرگەشتە ھال،
ئول سەنەملەر شەھسۇۋارى ئەزم چەۋگەن قىلغالى.

(مەنىسى: ئۇ گۈزەللەر چەۋەندازىنىڭ چەۋگەن ئوينىشى ئۈچۈن ئاتائى خۇددى توپقا ئوخشاش ھەرتەرەپكە ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولدى.) دېگەن. ئەلىشىر نەۋائىمۇ «چاھار دىۋان» دىكى بىر غەزىلىدە مۇنداق يازغان:

ساڭا ئىش جەۋلان قىلىپ مەيداندا چەۋگەن ئوينوماق،
ساڭا ئالىڭدا باشمنى گوي ئېتىپ جان ئوينوماق.
باش ئاۋۇچلاپ ئەگمە قامەت بىرلە قالمان رەخشىدىن،
تاتلەر چابۇكسۇۋا رىم كۆڭلى چەۋگەن ئوينوماق.

(يەشمىسى: سېنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭ مەيداندا جەۋلان قىلىپ چەۋگەن ئويناش، مېنىڭ قىلىدىغىنىم ئالدىڭدا بېشىمنى توپ قىلىپ جېنىم بىلەن ئوينىشىش، ئاتقا مىنگەن شوخ گۈزىلىمنىڭ كۆڭلى چەۋگەن ئويناشنى خالاپ قالارمىكىن دەپ، بېشىمنى ئوۋۇچۇمغا ئېلىپ، قامىتىم ئىگىلگەن ئۈچقۇر ئېتىڭدىن قېلىشماي يۈگرەيمەن) بۇ مىسرالاردا «چەۋگەن» ئويۇننى مىسالغا ئېلىش ئارقىلىق گۈزەل يارىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى، ساداقەتمەنلىكىنى، سەممىيلىكىنى ئىپادىلىگەن. مانا بۇ ئويۇن خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىدا روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

كېيىنكى چاغلاردا چەۋگەن ئويناش ئوردا قەسىرلەردىن ئوردا سىرتىدا ۋە چەت ـ ياقا جايلاردىمۇ پەيدىنپەي ئومۇملىشىپ ھازىرقى زامانلارغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. «شىنجاڭ تەنتەربىيەسى تارىخى ماتېرىياللىرى» (2 ـ سان) نىڭ 23 ـ بېتىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يېڭىسار، تاشقورغانلاردا چەۋگەن ئويناش ئادەتلىرى داۋام قىلىپ تۇرغان، ھازىر تاشقورغاندا قەدىمكى زامان كىشلىرى چەۋگەن ئوينىغان مەيدان نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قاتارىدا ساقلانماقتا، يېڭى جوڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 1959 ـ يىلى 10 ـ سىنتەبىر كۈنى كۆكخوت شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 1 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ چەۋگەن ئويناش مۇسابىقىسىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان چەۋگەن كوماندىسى مۇسابىقىگە قاتنىشىپ ئۈچىنچىلىككە ئېرىشكەن، شۇنىڭ بىلەن، چەۋگەن ئويناش ھەرىكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندى، ئەپسۇسكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەۋگەن ئويناش پەيدىنپەي ئۇنتۇلۇپ كەتكەن.

«چەۋگەن ئويۇنى» — بىر تۇرلۇك كۆڭۈل ئېچىش ياكى تەنتەربىيە پائالىيىتى بولۇپلا قالماي بەلكى ئۇ باتۇرلۇقنىڭ، بەدەن چىنىقتۇرۇشنىڭ، جەڭگىۋارلىقنىڭ، باھادىرلىقنىڭ ئىپادىسى ئىدى،

تۇركلەر ئەڭ بۇرۇن ئات كۆندۈرگەن مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئات ماھارىتى ياكى ئات ئۇستى تەنھەرىكەتلىرىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مەردانىلىقىنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلىگەن.

**2. چېلىشىش ھەرىكىتى (ئويۇنى)**

دىيارىمىزنىڭ چېلىشىش ھەرىكىتى خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ئۇ ئۆزگىچىلىك ۋە مىللىي شەكىل ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرى، شۇنداقلا خەلقىمىز ياخشى كۆرىدىغان، ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىدىغان تەنتەربىيە ھەرىكىتى (ئويۇن). تەنتەربىيە تەتقىقاتچىلىرى يازغان ئەسەرلەرگە، تارىخىي خاتىرىلەرگە يېزىلغان ماتېرىياللارغا، مەدەنىي يادىكارلىق، قېزىلما مىراسلارغا ئاساسلانغاندا، مۇندىن نەچچە مىڭ يىل مۇقەددەم ئۇيغۇرلاردا چېلىشىش ھەرىكىتى مەۋجۇت بولغان. دىيارىمىزنىڭ قەدىمكى زامان تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن بولغان چېلىشىشنى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدىغان بىر قىزىل ساپال ھەيكەل ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.



بۇ ھەيكەل 1983 ـ يىلى بارچۇق (مارالبېشى) نىڭ تىم خارابىلىقىدىن تېپىلغان. بۇ خارابە مارالبېشىدىكى قەدىمكى «توققۇزساراي» ئۇيغۇر ئىمارەتلىرى خارابىسىغا كىرىدۇ . ھەيكەلنىڭ ئېگىزلىكى 5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 4 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 3.2 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ساقلىنىش 83 G.Q.AB 441 نومۇرلارنىڭ چېلىشىش تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەيكەلگە چۈشۈرۈلگەن سۈرەتتە ئۇيغۇرچە چېلىشىش ناھايىتى ئوبرازلىق گەۋدىلەنگەن. ھەيكەلدىن چېلىشىش شەكلىنى ناھايىتى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بۇ ھەيكەلدىكى ئىككى چېلىشچى راسا گىرەلىشىپ كەتكەن. بىر چېلىشچى قارشى تەرەپنى سول يانپاشقا ئالغان، يانپاشقا چىقىپ قالغان چېلىشچى بولسا، شارائىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، قارشى تەرەپنىڭ سول تېقىمى بىلەن ئوڭ مۈرىسىگە گىرە سالغان.

ھەيكەلدىكى بۇ خىل چېلىشىش شەكلى، قەشقەر رايونىدىكى چېلىشىش ئۇسلۇبىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۇنى قەشقەرچە چېلىشىش شەكلى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگلار بۇ ھەيكەلنى ئارخېئولوگىيە جەھەتتە تەتقىق قىلىپ، ھەيكەل 7 ــ 10 ـ ئەسىرلەرنىڭ مەھسۇلى دەپ

قارىماقتا. بىز بۇ ھەيكەلگە چۈشۈرۈلگەن بەدىئىي سۈرەتتىن تولۇق چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن «بۇددانىڭ يېتىلىشى ۋە كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا بايان » ناملىق بۇددا نومىنىڭ «بەل ئاغرىق ۋەجلىرى» دېگەن بابىدىكى بىر چۆچەكنى مىسال قىلىمىز، بۇ بۇددىزىم نومى مىلادىيە 25 — 220 - يىللاردا شىنجاڭنىڭ راھىپلىرى تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

بۇرۇن راجا گىرخا[①] شەھىرىدە ھېيت - بايرام بولغاندا، چوڭ ئاممىۋى مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىكەن، ئەينى زاماندا ئىككى چېلىشچى بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ بىرى، كىشادرىيا تەبىقىسىدىن، يەنە بىرى، بىراھمان تەبىقىسىدىن ئىكەن. ئۇلار بىر چوڭ مۇراسىمدا مەيدانغا چۈشۈپ كۈچ سىنىشىپتۇ.

بىرىنچى رەت بىراھمان چېلىشچىسى: «بۇ قېتىم مېنى يىقىتما، مەن ساڭا مال - دۇنيا بېرىدەن» دەپ كىشادرىيا چېلىشچىسىغا يالۋۇرۇپتۇ، كىشادرىيا چېلىشچىسى قەستەن بىر قېتىم يىقىلىپ بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككەيلەننىڭ نەتىجىسى ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار خاندىن ئوخشاش مۇكاپات ئاپتۇ.

بىرىنچى قېتىملىق چېلىشىش تۈگىگەندىن كېيىن، بىراھمان چېلىشچىسى ۋەدىگە ۋاپا قىلماپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىككىنچى قېتىملىق مۇسابىقە باشلىنىپتۇ. بىراھمان چېلىشچىسى كىشادرىيا چېلىشچىسىغا بىرىنچى قېتىمدىكىدەك يالۋۇرۇپتۇ. كىشادرىيا چېلىشچىسى بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭغا يول قويۇپتۇ. ئۇلارنىڭ نەتىجىسى ئوخشاش بولۇپ مۇكاپاتنى يەنىلا تەڭ ئاپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىراھمان چېلىشچىسى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماپتۇ.

ئۈچىنچى قېتىم مۇسابىقە باشلانغاندا، بىراھمان چېلىشچىسى كىشادرىيا چېلىشچىسىغا: «بۇرۇن قىلغان ۋەدىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بۇ قېتىمقىغا قوشۇپ بىر يولى ئادا قىلىمەن» دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

«بۇ قېتىم مال - دۇنيارىڭنىڭ كېرىكى يوق» دەپتۇ كىشادرىيا چېلىشچىسى ۋە دەرھال مۇسابىقىگە چۈشۈپتۇ، ئۇ بىر قولى بىلەن بىراھمان چېلىشچىسىنىڭ گەجگىسىدىن، يەنە بىر قولى بىلەن چات ئارىسىدىن گىرە سېلىپ، كۈچەپ بىر ئۇرغان ئىكەن، بىراھمان چېلىشچىسىنىڭ بېلى «قارس» قىلىپ قۇمۇش سۇنغاندەك سۇنۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كىشادرىيا چېلىشچىسى بىراھمان چېلىشچىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەيداننى ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇپ يەرگە قاتتىق ئېتىپتۇ.

خالايىق كىشادرىيا چېلىشچىسىغا ئالقىش - ئاپىرىن ياغدۇرۇپتۇ، خان ئۇنىڭغا 1000 تىللا مۇكاپات بېرىپتۇ.

بۇ چۆچەك تارىختا بىراھمانىزم ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان دەۋر (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 - ئەسىردىن كېيىن) نىڭ مەھسۇلى.

بۇنىڭدىن باشقا، «24 تارىخ» نىڭ بىرى « خەننامە — جاڭ چيەننىڭ تەرجىمىھالى» دا، «غەربىي يۇرتنىڭ چېلىشىش پائالىيىتى خاتىرىلىرى» ئىككى خەت بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «چېلىشىش» سۆزى ئىپادىلەنگەن خەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلساق، ئەينى زاماندا دىيارىمىزدا چېلىشىش پائالىيىتى بولغاندا، چېلىشچىلار بېشىغا مۈڭگۈز تاقاپ، ھەش قاپاق كىيىپ مۇسابىقە ئۆتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن يەكۈننى چىقىرىمىز.

قاراخانىيلار خانلىقىدا ياشاپ ئۆتكەن ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە (1 - توم 477 - بېتىدە) «چېلىشىش، كۈرەش»، يەنە (3 - توم 393 — 394 - بەتلىرىدە) «چاپۇتلىدى، چىرماق سالدى» دېگەن سۆز - كەلىمىلەر تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئەينى چاغدا جەمئىيەتتە چېلىشىش ھەرىكىتى ۋە ئويۇنى مەۋجۇتلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرام، توي - تۆكۈن، سەيلىگاھ بەزمىلىرىدە، ھېيت مۇراسىملىرىدا،

چېلىشچىلار ئۈچۈن ئالاھىدە سورۇن راسلىنىپ چېلىشىشنى راسا ئەۋجىگە چىقىرىدۇ. نورۇزدا ئېپ-لىپ بىرىلىدىغان چېلىشلارنى يۇرت كاتتىلىرى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ، چېلىشتا يەڭگەنلەر يۇرت بويىچە داڭدار پالۋان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا چېلىشىش ھەرىكىتى كەڭ خەلق ئارىسىدا ئەۋج ئېلىپ، خەلق ئام-مىسىنىڭ، بولۇپمۇ يېزا - قىشلاقلاردىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئېسىل تەنتەربىيە ئويۇنىغا ئايلاندى. ئاپونوم رايونىمىزنىڭ چېلىشىش كوماندىسىدىكى ئەزىمەتلەر مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق چېلىشىش مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

**3. شىر ئويۇنى**

شىر ئويۇنى دىيارىمىزدىكى تارىخى ئۇزۇن ۋە قەدىمكى ئويۇنلارنىڭ بىرى. بۇ ھەقتە «خەننامە» نىڭ «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، غەربىي ئايماق (شىجۇ) ئېلىنىڭ خانى مىلادىيە 87 - يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسىگە شىر ھەدىيە قىلغانلىقى، يەنە 13 يىلدىن كېيىن غەربىي ئايماق ئېلىنىڭ خانى يەنە بىر شىر ھەدىيە قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە يا-شىغان جۇ شىزۇ «شاڭيۇەنلى» ناملىق كىتابىدا «غۇزلار (خۇلار) نىڭ شىر ئۇسسۇلى بارلىقى» نى تىلغا ئالغان. جىنگۇەننىڭ 9 - يىلى غەربىي يۇرتتىن شىر ھەدىيە قىلىنغاندا، تاڭ تەيزۇڭ «شىر سۈرىتى» نى سىزىشقا يارلىق چۈشۈرگەن. «مەھكىمە مۇزىكىلىرى، كۆسەن قىسمى» دا: «بەش شىر ئويۇنى كۆسەندىن چاڭئەنگە تارقالغان»، دەپ خاتىرىلەنگەن. تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن دۇەن ئەنجيېرنىڭ «مەھكىمە مۇزىكىلىرى» ناملىق كىتابىدا «شىر ئويۇنى كۆسەن مۇزىكىسى بىلەن ئورۇنلىنىدۇ» دې-يىلگەن. تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىر بەي جۈيى «شىلياڭ ئويۇنى» ناملىق شېئىرىدا خۇلار (ئۇيغۇرلار)نىڭ شىر ئويۇنى توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ:

شىلياڭدا[2] ئويۇن بولسا شىر ئويۇنى بولاتتى،
خۇلار[3] تارتىپ نىقابىنى شىر ئويۇنى قىلاتتى.
شىرنىڭ بېشى ياغاچتىن، قۇيرۇقلىرى چىلڭ يىپەك،
يالغان كۆز ۋە چىشلىرى پارقىرايتتى.
قۇيرۇقىنى ئوينىتىپ، شىر ئېتىلار مەيدانغا،
خۇددى يىراق چۆللەردىن كەلگەن كەبى شىلياڭغا،
چىقىپ سەھنە ئالدىغا ئويۇننى باشلايتتى.

«شىر» دېگەن ئاتالغۇ ئەسلىدە ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلغان ئىسىم بولۇپ،[4] «شىر» نى» تەلەپپۇز قىلىنىش تاۋۇشىغا ئاساسەن، خەنزۇچىدا «狮子» دېگەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا شىر ياشىغانلىقى، شۇنداقلا قەدىمكى زامانلاردا ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ شىر ياشىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇماتلار كۆپ. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا مىستىن ياسالغان شىر، شىر سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مىس بويۇملار ساقلانماقتا. ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقات نەتىجىسىدە بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر (جەنگو) دەۋرىگە ئائىت ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن «شىر ئويۇنى» ماھارىتىنى كۆرسىتىۋاتقان (ئىككى ئادەم) بىر دانە لاي قورچاق تېپىلدى. ئاستانىدىكى قەدىمىي قەبرىلەردە غەربىي يۇرتتىكى شىرلارنى سۈرەتلەيدىغان شىرلارمۇ بار.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن دۇەن ئەنجيې «مۇزىكا مۇئەسسەسىنىڭ خاتىرىلىرى» دە، شىر ئو-يۇننى كۆسەن (كۇچا) ئۇسسۇلى قاتارىغا كىرگۈزگەن. بۇنىڭ سەۋەبى، يالغۇز شىر ئۇسسۇلى ئوي-نالغاندا كۆسەن مۇزىكىسى چېلىنغانلىقىدا بولماستىن، بەلكى بۇ خىل سېرىك ئويۇنىنىڭ غەربىي

رايوندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغانلىقىدا.

جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە شىر يوق. «كېيىنكى خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «ئەنشى دۆلىتىنىڭ ئەلچىسى... جاڭدى خاننىڭ جاڭفى تۇنجى يىلى (مىلادىيە 87 ـ يىلى) ئوردىغا شىر تەقدىم قىلدى» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن شىرنىڭ پېرسىيەدىن كەلگەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئەرەبلەر شىرنى «سېلېدىيا» ياكى «سىرا نائىب» دەيدۇ.

«سەنپۇ خۇاڭتۇ» ناملىق كىتابنىڭ 3 ـ جىلدىدا: «ھەشەمەتلىك ئوردا قەسىرىنىڭ يېنىدا ھەريەر ـ ھەريەردىن كەلتۈرۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قاچا ـ قۇچا، كىيىم ـ كېچەك، ئېسىل نەرسىلىرى، يىپ رەخت، خەنجەر، پىل، قارلىغاچ، شىر، ئېسىل ئات قاتارلىق نەرسىلىرى كۆرگەزمە قىلىنىدى» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن خەن ۋۇدى سالدۇرغان ئوردا قەسىرىنىڭ يېنىدا شۇ زامانلاردىلا كۆرگەزمە قىلىنغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ.

پېرسىيە ھەدىيە قىلغان شىر كۇسەن (كۇچا) ئارقىلىق كەلتۈرۈلگەن بولغاچقا، كۇسەنلىكلەر شىرنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەردىن ئىلگىرى بىلگەن. جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئۆتكەن جۇشى يازغان «شاڭيۈن مۇقامى» دىكى «شىر»، «ئۇيغۇر ئۇسسۇلى» دېگەن سۆزلەردىن ئەينى چاغدا غەربىي يۇرتتا شىر ئۇسسۇلىنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ باي ناھىيەسىدىكى قىزىل مىڭئۆيدە نۇرغۇن شىر رەسىمى بار. بۇ، ئەينى چاغدا كۇسەنلىكلەرنىڭ شىرنى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئېھتىمال شىر ئۇسسۇلىنى كۇسەنلىكلەر ئىجاد قىلغان بولسا كېرەك.

«شىر ئويۇنى» غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغاندىن كېيىن، ناھايىتى ئالقىشقا سازاۋەر بولغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە ياپونىيەگە تارقالغان. ياپونىيەنىڭ «غەربنىڭ قەدىمكى رەسىملىرى» توپلىمىدا، شىر سىياقىدا ياسانغان بىرىنىڭ شىر ئۇسسۇلى ئويناۋاتقانلىقى، بىر كىشى ئۇنى يېتىلەۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن رەسىم بار. ياپونىيەدە جۇڭگونىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىككى خىل شىر ئويۇنى ئوينىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئەر كىشى شىر سىياقىدا ياسىنىپ، شىر ئۇسسۇلى ئوينايدىغان ئۇسسۇل شەكلى. يەنە بىرى، ئاياللار قولىدا شىر بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئوينايدىغان ئۇسسۇل شەكلىدىن ئىبارەت.

شىر ئۇسسۇلى ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدا ئوينالمايدىغان بولدى، تۇرپاندىمۇ قايتا چېلىقتۇرغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بۇ خىل تەنتەربىيە سەنئىتى شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ قاتناش قولايسىز، چەت رايونى ــ كىرىيەدە «شىر ئۇسسۇلى» نامى بىلەن ھېلىمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئومۇمەن ئېيتقاندا «شىر ئويۇنى» قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنچە مەدەنىيەت تەرەققىياتى داۋامىدا ئاساسىي پائالىيەتتىن قېلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ خەنزۇ خەلقىنىڭ سۆيۈپ ئوينايدىغان ئويۇنىغا ئايلانغان.

**4. خادا ئويۇنى**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا، تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان بىر نەچچە سېرىكچىلاي قورچاق كۆرگەزمىگە قويۇلغان بولۇپ، بۇ دىيارىمىزنىڭ تەنتەربىيە ئويۇنلىرىغا دائىر قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى بىر قولى بىلەن خادا ئۈستىدە ھاۋا تاپان ھالەتتە تۇرغان قورچاق، يەنە بىرى ئالقىنىنى ئېچىپ، ئىككى تەرەپكە سوزغان (بىراق سول قولى چولاق بولۇپ قالغان)، چاترىقىنى كېرىپ ئۆرە تۇرغان، كۆكرىكىنى كەرگەن، ئالدىغا نەزەر تاشلىغان، بېشىدا بىر خادىنى تىك تۇرغۇزغان، خادا ئۈستىدە بىر بالا سول قولى بىلەن خادىنى تۇتۇپ،

ئوڭ قولىنى بوشلۇقتا ساڭگىلىتىپ، ئىككى پۇتىنى يىغىپ ھاۋا تاپان تۇرغان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئوبراز كىشىگە چىنلىق تەسىراتىنى بېرىدۇ.

خادا ئويۇنىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق، ئۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە «دۇلۇ» («都卢») «شۇنتۇڭ» دەپ ئاتالغان. «كېيىنكى خەننامە»دە، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئەندى خانى دەۋرىدىكى سېرىك ئويۇنلىرى ئىچىدە خادا ئويۇنى بارلىقى، ئۇ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە «فۇخۇ» (扶户) دەپ ئاتالغان ئويۇننىڭ داۋامى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. خادا ئويۇنىنىڭ تىك تۇرغۇزۇلغان خادىغا يامىشىپ چىقىش، بېشى ياكى پىشانىسىغا خادا تۇرغۇزۇپ ماھارەت كۆرسىتىش قاتارلىق ھەرخىل شەكىللىرى بولغان. جاڭ خىڭ « غەربىي پايتەخت نەزمىلىرى» دە، ھارۋا ئۈستىگە تىك تۇرغۇزۇلغان خادا ئۈستىدە ئويۇن كۆرسىتىدىغانلىقى، «ئويۇن ھارۋىسىغا بېكىتىلگەن خادىغا سىرىكچى تېز چىقىپ چۈشىدىغانلىقى، تۇيۇقسىزلا خادىنى تۇتۇپ ھاۋا تاپان بولىدىغانلىقى، بەزىدە قولىنى تېز قويۇۋېتىپ يەنە خادىنى تۇتىۋالىدىغانلىقى، ھارۋىغا قېتىلغان ئاتلارنىڭ يايلىرى تىك ھالدا تەكشى قەدەم تاشلاپ چاپىدىغانلىقى، خادا ئويۇنى ئوينىغۇچىنىڭ ماھارىتى، ھەرىكەتلىرى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇلغان. جىن سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «مەھكىمە نەزمىلىرى»دە، خادا ئويۇنىغا دائىر ئەھۋاللار تەسۋىرلىنىپ، «چاققان بالىنىڭ خادىغا تېز چىقىپ چۈشىدىغانلىقى، ھەرخىل ماھارەتلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى، بەزىدە خادىنى قويۇۋېتىپ يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك قىلىسىمۇ، يەنە خادىنى تۇتىۋېلىپ ئويۇننى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقى، خادىغا بەزىدە يىلاندەك يۆگەشسە، بەزىدە قورسىقىنى خادىنىڭ ئۇچىغا قويۇپ، پىرقىرايدىغانلىقى، قىيىن مۇرەككەپ ھەرىكەتلەرنى تېز ئورۇندايدىغانلىقى» بايان قىلىنغان.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە، مىلادىيە 403 ـ يىلى ئوردىنىڭ مۇزىكا مۇئەسسەسىنىڭ مۇكەممەللىكى خادا ئويۇنىنىڭ سىرىك ئويۇنلىرى قاتارىغا قوشۇلغانلىقى بىلەن ماختانغان.

سۇي سۇلالىسىنىڭ خانى ياڭدىنىڭ دايى 2 ـ يىلى (مىلادىيە 606 ـ يىلى)، ئوردا سىرىك ئويۇنلىرى ئىچىدە ئىككى كىشىلىك خادا ئويۇنى بارلىقى، خادا ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويناپ، كىشىلەرنى خۇشاللىقتا چۆمدۈرىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. «كونا تاڭنامە» دە، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ خادا ئويۇنى بارلىقى قەيت قىلىنغان، «مەدرىسە خاتىرىلىرى» دە خادا ئويۇنى تەپسىلى تەسۋىرلىنىپ، مەدرىستىكى بىر بالىنىڭ موللاق ئېتىشقا ناھايىتى ئۇستا ئىكەنلىكى، راھىبلارچە كىيىنىپ ماھارەت كۆرسىتىدىغانلىقى، ئۇ خادا ئالدىدا بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئىگىز خادىنىڭ ئۇچىغا چىقىپ موللاق ئاتىدىغانلىقى، پىرقىرايدىغانلىقى، ئاخىرىدا پۇتىنى ھاۋا تاپان قىلىپ خادىنى قۇچاقلاپ سىيرىلىپ چۈشىدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىرلار خادا ئويۇنىنى تەسۋىرلەپ نۇرغۇن شېئىر يازغانىدى.

خادا ئويۇنى سۇڭ، يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئىزچىل تۈردە ئەۋج ئالغان. ئۇ بۈگۈنكى كۈندىمۇ جۇڭگو تەنتەربىيە سەنئىتىنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

خادا ئويۇنىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا «ئومۇمىي قائىدە ـ يوسۇنلار»دا، «سىرىك ئويۇنىنىڭ كۆپ قىسمىنى سېھرىگەرلىك تەشكىل قىلىدۇ. ھەر ئىككىسى غەربىي يۇرتتىن تارقالغان» دېيىلگەن. بۇ سىرىك ئويۇنى غەربىي رايوندا كەڭ تارقالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تۇرپان ئاستانىدىن خادا ئويۇنى ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشتىكى قورچاق دەل غەربىي يۇرتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەنتەربىيە سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«كونا تاڭنامە. تەيزۇڭ خانىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ تەزكىرىسى» دە، «نەچچە يۈز مالايغا سىرىك ئۆگىنىش، غوزلارنىڭ ئۇسسۇل كىيىمىنى كىيىپ، خادا ئويۇنى، خەنجەرۋازلىق قاتارلىقلارنى كېچە ـ

كۆندۈز مەشىق قىلىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈلگەن» لىكى ئېيتىلغان، بۇنىڭدىن غەربىي رايىندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا خادا ئويۇنى ئويناش ناھايىتى ئەۋج ئالغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

«دۇياڭ توپلىمى» دا، «شىخۇ تاشتىن ئوت چىقىرىدىغان غۇز ئاياللىرى ئېگىزلىكى 100 چى كېلىدىغان خادىغا چىگىلگەن بەش تانا ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىدۇ، 8 ـ 9 ئايال ھەرخىل كىيىملەرنى كىيىشىپ مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ» دېيىلگەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغان شىخو غۇزلىرى تاش دۆلەتلىك كىشىلەرنى، تاش دۆلىتى ـ غەربىي يۇرتتىكى توققۇز جاۋۇپلار قۇرغان دۆلەتنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك شىخو غۇزلىرىنىڭ غەربىي يۇرتلۇق سەنئەتكار ئىكەنلىكى ئېنىق.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى ئۆزىنىڭ « مەرۋايىت بىلەن زىننەتلەنگەن كىمە» دېگەن ئەسىرىدە، فەن خەن ئىسىملىك قىز خادا ئويۇنىغا ئۇستا، كەييۈەننىڭ 21 ـ يىلى (مىلادىيە 337 ـ يىلى) ئىچكىرىگە كەلگەن، چىرايلىق، لېكىن بىر ئاز تەر پۇرايدۇ، دەپ يازغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «مەدرىسە خاتىرىلىرى» دە فەندەنياڭ، فېيدانياڭ دېگەن ئىسىملار خاتىرىلەنگەن، فېيدانياڭنىڭ غەربىي يۇرتتىكى سۇلۇلۇغ (سۇلى يەنى قەشقەر ـ ت) بەگلىكىنىڭ سەنئەتكارى ئىكەنلىكى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن فېيدانياڭنىڭ موللاق ئېتىشقا، فەندانياڭنىڭ خادا ئويۇنىغا ماھىر ئىكەنلىكى ھەممە ئۇلارنىڭ بىرگە تىلغا ئېلىنغانلىقىدىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىش بارلىقىنى بىلەلەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن چېن گىڭگى ئەپەندى «يون سۇلالىسى دەۋرىدىكى شېئىرلارغا ئىزاھ» دېگەن ئەسىرىدە، «فەندانياڭغا غەربىي غۇزلارنىڭ قېنى ئارىلاشقان بولسا كېرەك. ‹سەل تەر پۇراش› نى ئەجدادلىرى ـ غەربىي غۇزلارنىڭ قانداشلىق ئېرسىيەتچانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان» دەپ ھېسابلايدۇ.

خادا ئويۇنىنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى بولغان. جاڭ خىڭ «غەربىي پايتەخت نەزمىلىرى» دە «ئويۇن ھارۋىسىغا خادا ئورنىتىپ، خادا ئويۇنى ئوينىلىدىغانلىقى، خادا ئويۇنى ئوينىغۇچى خادىغا تېز چىقىپ چۈشىدىغانلىقى، بەزىدە موللاق ئېتىپ خادىنى قويۇۋېتىپ يەنە تۇتىۋالىدىغانلىقى» ئېيتىلغان. لى يۇ «پىڭلى گۇەن نەزمىلىرى» دە، «ئۇچقاندەك چېپىۋاتقان ئاتلار قوشۇلغان ئويۇن ھارۋىسىغا ئورنىتىلغان خادا ئۈستىدە خادا ئويۇنى ئوينىلىدىغانلىقى، دارۋاز موللاق ئاتىدىغانلىقى، خادىغا چىقىپ ـ چۈشىدىغانلىقى، ئاتلار تېز چاپقاچقا، بەزىدە ھارۋا بىلەن خادىمۇ بىللە ئۆرۈلۈپ كېتىدىغانلىقى» ئېيتىلغان. بۇ ئىككى تارىخىي خاتىرىدە ئويۇن ھارۋىسى ئۈستىدىكى خادا ئويۇنىنىڭ ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، دارۋازنىڭ ھارۋا ئۈستىگە ئورنىتىلغان خادا ئۈستىدە ناھايىتى قىيىن ھەرىكەتلەرنى ئورۇنلاپ، ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى نامايەن قىلغانلىقى ئېيتىلغان.

خادا ئويۇنلىرى ئىچىدە «مەھكىمە نەزمىلىرى» دە ئېيتىلغان بىر كىشىلىك خادا ئويۇنى بولغان، ئىككى كىشىلىك خادا ئويۇنىمۇ بولغان. مەسىلەن، «سۇي سۇلالىسى تارىخى»دا «ئىككى كىشى خادا ئويۇنى ئوينايدۇ، ئۇلار خادا ئۈستىدە ئۇسسۇل ئوينايدۇ، تۇيۇقسىز موللاق ئاتىدۇ، ھەرخىل ھەرىكەتلەرنى ئورۇندايدۇ» دېيىلگەن.

ئويۇن كۆرسەتكۈچىلەر ئىچىدە ئاياللارمۇ بولغان. «خادا ئويۇنى ھەققىدە نەزم» دە، «گۈزەل قىزلارنىڭ ئويۇنى كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ» دېيىلگەن. شىخۇ غۇز ئاياللىرى، فەندانياڭ قاتارلىقلارنىڭ خادا ئويۇنىغا ماھىر ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

خادا ئويۇنىنى تولاراق چاققان، ماھىر باللار ئوينىغان ئەلۋەتتە. تۇرپاندىن تېپىلغان مۇشۇنىڭغا ئائىت ھەيكەلدىمۇ دەل «خادىغا چىقىپ ـ چۈشىدىغان بالا دارۋاز» نىڭ ئويۇن كۆرسىتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭ خادا ئويۇنى ئادەتتىكى خادىغا يامىشىپ چىقىشقا ئوخشىمايدۇ بەلكى تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان شەكىلدۇر. ئىككى كىشىلىك خادا ئويۇنىدا، بىرسى خادىنى بېشىنىڭ چوققىسىدا تۇرغۇزىدۇ، يەنە بىرى خادا ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىدۇ. بۇ ناھايىتىمۇ قىيىن ئويۇن بولۇپ، ئۇنى

پىشقان ماھارەت ۋە قورقماس روھ بولماي تۇرۇپ ئورۇنلاش مۇمكىن ئەمەس.

دېمەك ، خادا ئويۇنى قورقماس، شىر يۈرەك، ئەقىل - پاراسەتلىك، باھادىر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ماھارەتلىك ئويۇنى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جاسارىتىنى نامايەن قىلغان. ئۇ ھەرگىزمۇ ئاددىيلا ئويۇن ئەمەس، ئۇ مىللەتنىڭ روھىغا، قېنىغا سىڭگەن مەرد - مەردانىلىقنىڭ يۈكسەك پەللىسىدۇر.

**5. مۇللاق ئېتىش**

تۇرپاندىن تېپىلغان مۇللاقچى لاي قورچاق كىچىك بالا ئوبرازىدا يارىتىلغان. ئۇ ئوڭ قولى بىلەن يەرگە تايانغان. سول قولىنى يەردىن كۆتۈرۈۋاتقان، ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ ھاۋا تاپان قىلىپ تۇرغان ھالەتتە بولۇپ، بۇ قىيىنلىق دەرىجىسى خىلى يۇقىرى ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇ سىرىكچىلىكتىكى مۇللاق ئېتىش ماھارىتىگە مەنسۇپتۇر.

مۇللاق ئېتىش توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپ «گۇچېڭ تېغى باغرىدىكى ئۆيدە يېزىلغان خاتىرىلەر» ناملىق كىتابتا مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، «بېشىنى يەرگە تىرەپ، ھاۋا تاپان بولۇپ كۆرسىتىلدىغان ماھارەت مۇللاق ئېتىش دەپ ئاتىلىدۇ»دېيىلگەن.

غەربىي يۇرتتا مۇللاق ئېتىش «ئۇسسۇللۇق مۇللاق» دەپ ئاتالغان، ئىلگىرى ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇنى ھىندىستاننىڭ سىرىكچىلىرىدىن تارقالغان، دەپ ھېسابلىغانىدى، چۈنكى ئۇلار «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى» 4 ـ جىلدىتىكى «فۇجىيەن غەربىي يۇرتقا مۇللاقچى ئۇسسۇلچىلارنى ئەكەلدۇرمەكچى بولغانلىقى، رۇيزۇڭ خان دەۋرىدە بىراھمان چالغۇ ۋە مولاقچى ئۇسسۇلچى بىلەن كەلگەنلىكى، مۇللاقچى ئاجايىپ ماھارەت كۆرسەتكەنلىكى» ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغان.

ھالبۇكى جايى «يېڭى تارىخ» نىڭ ھۇنلار توغرىسىدىكى بابىدا «مۇللاق ئېتىش» ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرغان، ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتقا كۆچۈشى بىراھماننىڭ غەربىي يۇرتقا كېلىشىدىن خېلى ئىلگىرى بولغان، شۇڭا غەربىي يۇرتتا تارالغان مۇللاقچىلىق ئويۇنى غەربىي يۇرتتىكى يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۆھپىسى بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭ مەنبەسىنى ھىندىستاندىن ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوق.

مۇللاق ئېتىش ماھارىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغاندىن كېيىن، قىزغىن ئالقىشلانغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەدرىسلىرىدە مۇللاڭ ئېتىش ئويۇنى ئەۋج ئالغان. تۇرپاندىن تېپىلغان مۇللاقچى قورچاق ئۇلارنىڭ مۇللاق ئېتىش شەكلىگە تەقلىد قىلىپ ياسلغان.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا مۇللاقچىلىق يەنىلا ئومۇملاشقان، تارىختا «ئېيىق سىياقىدا ياسىنىپ مۇللاق ئېتىش، ئىشەك سىياقىدا ياسىنىپ ئۇسسۇل ئويناش» قا دائىر ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. ئېيىق سىياقىدا ياسىنىپ مۇللاق ئېتىش ئەينى چاغدا غەربىي يۇرتنىڭ بىر خىل تەقلىد ئۇسسۇلى بولۇپ قالغانىدى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، شىنجاڭدا مۇللاق ئېتىش يەنىلا داۋام قىلغان. «چىڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ تېزىسلىرى» دا شىنجاڭلىق تۆت ئاز سانلىق مىللەت مۇللاقچىسىنىڭ ھەرخىل كېيىنىپ مۇزىكا مەھكىمىسىدە مۇللاق ئاتقانلىقىغا دائىر ئەھۋاللار تەسۋىرلەنگەن. بۇ خاتىرىدە گەرچە ئوردىغا ئولپان تاپشۇرۇشقا بارغانلار بىلەن بىللە بارغان مۇللاقچىلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا تەنتەربىيە سەنئىتى ناھايىتى ئەۋج ئالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە» دىمۇ «يەكەننىڭ... ئاياللىرى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر، سىرىك ئويۇنى ئوينىيالايدۇ، مەسىلەن، (بۇ يەردە) مۇللاق ئويۇنى، دارۋازلىق قاتارلىقلارنى ھەردائىم چېلىقتۇرۇشقا بولىدۇ» دېيىلگەن.

ۋاڭ سىڭيى «ئۇيغۇرلار رايونى ھەققىدە خاتىرە» دە، «يەتتە ـ سەككىز ياشلىق ئۇيغۇر باللىرى بىر قېتىمدا ئون مۇللاق ئاتالايدۇ، ئۇلارنىڭ ئويۇنى تاماشىبىنلارنىڭ كۆزىنى ئالا ـ چەكمەن قىلىدۇ»

دېيىلگەن. شىي بىن «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى» دە، يەكەنلىكلەر «ئەر - ئايال يىغىلىشىپ بەزمە قىلىپ شاراب ئىچىشىدۇ، ئاياللىرى ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر، سىرىك ئويۇنى ئوينىيالايدۇ، ئۇلاردا سىرىك ئويۇنى، موللاق ئېتىش، مىس ئارقاندا دارۋازلىق قىلىش ئەۋج ئالغان» دەپ يازغان.

تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان موللاقچى قورچاق شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تەنتەربىيە سەنئىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي تەنتەربىيەسى بىلەن تومۇرداش بولۇپ خەلقىمىز ئويۇنلىرىنىڭ كۆپ خىل، ئىجادىي ھەم سەرخىل ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

تۇرپاندىن تەنتەربىيەگە ئائىت بۇ خىل قورچاقلارنىڭ تېپىلىشى، غەربىي رايون تەنتەربىيەسى ۋە جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشنى قىممەتلىك ماددىي پاكىتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇ، غەربىي رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر جۇڭگونىڭ تەنتەربىيە سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مول، ئۆچمەس تۆھپە قوشقانلىقىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلىدى. شۇنداقلا ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تەنتەربىيە سەنئىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

**ئىزاھلار:**

① راجاگىرخا — قەدىمكى ھىندىستاننىڭ ماۋرۇبا خانلىقى دەۋرىدىكى بىر شەھەر، سانسكىرىتچە مەنىسى (خان ئۆيى)، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 321 - 185 يىللار. ئېھتىمال مەنىسى «ئەھلى ئىلىملەر» دېگەن بولىدۇ، لېكىن بۇ سۆز بۇددىزىم دەۋرىگە كەلگەندە «سۇنغان ئۆلىما» دېگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان بولغان.

② شىلياڭ — گەنسۇدىكى بىر رايوننىڭ ئىسمى

③ خۇلار — ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا ياسىغان ئاز سانىق مىللەتلەرنى، كۆپىنچە ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ.

④ توختى باقى ئارتىشى «تەرجىمە توغرىسىدا» ناملىق كىتابىدا شىر ئۇيغۇرچە ئىسىم بولۇپ خەنزۇچىدا شىر ئاھاڭ بويىچە ئېلىنغان دېگەن.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1) تۇرسۇن قۇربان: «شىر ئويۇنىنىڭ تارىخىي مەنبەسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ تەنتەربىيەسى تارىخي ماتېرىياللىرى» 1987 - يىللىق 2 - سان.

2) ياسىن قاسىم: «چېلىشىش ھەرىكىتى (ئويۇنى)»، «شىنجاڭ تەنتەربىيەسى تارىخي ماتېرىياللىرى» 1987 - يىللىق 2 - سان.

3) قۇدرەت ئابلىمىت: «چەۋگەن (دەغنەك) ھەرىكىتى (ئويۇنى)»، «شىنجاڭ تەنتەربىيەسى تارىخي ماتېرىياللىرى» 1987 - يىللىق 2 - سان.

4) جۇ چىڭياۋ سەي خەنپۇ: «تۇرپاندىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەنتەربىيەسىگە نەزەر» (ئابلەت نۇردۇن: تەرجىمىسى) «شىنجاڭ تەنتەربىيەسى تارىخي ماتېرىياللىرى» 1987 - يىللىق 2 - سان.

5) مۇھەممەت مىرزىئەخمەت: «خەلقىمىز ئەنئەنىۋى مىللىي تەنتەربىيەسىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولغان «چەۋگەن» ئويۇنى»، «شىنجاڭ تەنتەربىيەسى تارىخي ماتېرىياللىرى» 1987 - يىللىق 2 - سان.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە)

(تەھرىرلىگۈچى: ئابلەت نۇردۇن)

## خەۋەرلەر

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە مەدەنىيەت ـ تارىخ تەتقىقاتچىلىرى باھار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى

2013 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كوئىنلون مېھمانخانىسىدا مەسلىھەتچى، تەتقىقاتچىلار يېڭى باھار سۆھبەتچىلەر يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جەرۇللا ھېسامىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى پەرھات جالال، ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ شياۋنىڭ، مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) مۇدىرى (يۇرت باشلىقى) ئارسلان ئابدۇللا شۇنىڭدەك ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

سۆھبەت يىغىنىدا، مۇدىر ئارسلان ئابدۇللا مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) نىڭ 2012 ـ يىللىق ئاساسلىق خىزمەتلىرىنى خۇلاسىلىدى ھەم 2013 ـ يىللىق خىزمەت پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ مەسلىھەتچى، تەتقىقاتچىلار مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) نىڭ خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بەردى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جەرۇللا ھېسامىدىن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «2013 ـ يىل پارتىيەنىڭ 18 ـ قۇرۇلتاي روھىنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان تۇنجى يىل شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئۇزاققىچە ئامان ـ ئېسەن بولۇشىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىدە تېزلىتىپ، ئومۇمىي يۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالىدىغان بىر يىل. 2013 ـ يىللىق خىزمەتلەرنى يۇقىرى ئۆلچەم ۋە يۇقىرى سۈپەت بىلەن ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئورۇنداشتا پارتىكوم، ھۆكۈمەتنىڭ تەڭ تۇتۇپ باشقۇرىشى، خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قاتنىشىشى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ پائال مەدەت بېرىشىگە موھتاج بولۇپلا قالماستىن، ھەربىر مەسلىھەتچىنىڭ تەكلىپ ـ تەۋسىيەسىگە ۋە ھەربىر تەتقىقاتچىنىڭ مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن قوللىشىغىمۇ موھتاجمىز.»

مۇئاۋىن رەئىس جەرۇللا ھېسامىدىن بارلىق مەسلىھەتچى، تەتقىقاتچى ۋە ئورگان كادىرلىرىدىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: بىرىنچىدىن مەركەزنى چۆرىدەپ، ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەپ، ھاكىمىيەتكە ئارىلىشىش، مەسلىھەت بېرىش سەۋىيەسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم. ئىككىنچىدىن ئەمەلىي ئەھۋالنى ئىگىلەپ، راست گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، دېموكراتىك نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش لازىم. ئۈچىنچىدىن ئامما بىلەن ئالاقە باغلاپ، خەلق تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆۋرۈكلۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. تۆتىنچىدىن مەسلىھەتچىلەر قوشۇنى ۋە مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، «يۇقىرى سەۋىيەلىك ئەقىل خەزىنىسى» قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش لازىم. ئۇ مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلاردىن ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ئۈستۈنلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، مۇھىم ئىشلاردىن مەسلىھەت بېرىش،

تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىش ۋە بىرلىك سەپ بويىچە دوستلۇق ئورنىتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەسلىھەتچىلەر خىزمىتى ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات خىزمىتىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن يېڭى بالداققا يۈكسەلدۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئۇزاققىچە ئامان - ئېسەن بولۇشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلدى.

## ۋاڭ مېڭ ئەپەندى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلار مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى، تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقە جەمئىيىتىنىڭ ۋېۋىسكا يوپۇقىنى ئېچىپ بەردى

2013 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەركىزىي تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق مىنىستىرى ۋاڭ مېڭ ئەپەندى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى(تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ شياۋنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلار مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى، تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقە جەمئىيىتىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىپ بەردى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلىرى، تەتقىقاتچىلىرى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى بىلەن قىسمەن مەسلىھەتچىلىرى ئاساس قىلىنغان ھەم مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مەشھۇر زاتلار قاتناشتۇرۇلغان ئىجتىمائىي تەشكىلات. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلىرىنىڭ تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقە جەمئىيىتى» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئاساس قىلىنغان ھەم جەمئىيەت خىزمىتىگە قىزىقىدىغان كارخانىچىلار قاتناشتۇرۇلغان ئىجتىمائىي تەشكىلات. بۇ ئىككى جەمئىيەت بەرپا قىلىنغاندىن كېيىن، مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەمكارلىشىش، مەدەنىيەت جەھەتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، سەنئەت ئىجادىيىتى جەھەتتە پىكىر ئالماشتۇرۇش شەكىللىرى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ زور گۈللىنىشى ۋە زور تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا تېگىشلىك تۆھپە قوشالايدۇ.

ۋېۋىسكا يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمىدا، مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى ( تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى)نىڭ مۇدىرى ئارسلان ئابدۇللا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بۈگۈنكى مۇراسىم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلىرى، تەتقىقاتچىلىرى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى بىلەن تاشقى ئىقتىسادى جەمئىيىتىنىڭ رەسمىي بەرپا قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، رەھبەرلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، مەسلىھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلار، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس - ئالىملار ۋە كارخانىچىلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلار مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى بىلەن تاشقى ئىقتىسادى جەمئىيىتى چوقۇم ئىختىساسلىقلار جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ ۋە ئەقىل پاراسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ زور تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن ئەقىل كۆرسىتىپ ۋە كۈچ چىقىرىپ، يېڭى تۆھپىلەرنى قوشالايدۇ.»